

تارىم
11
1990

ياسىن خۇدابەردى
بىلەن ئابدۇكېرىم خوجا
ئۈچتۇرپاندا.





تىسىجان ئىلىيېۋ. ئابدۇكېرىم خوجا ئابلىز نازىرى قاتارلىقلار بىلەن بىللە.


باش مۇھەررىر: مەھەممەت شاۋۇدۇن
مەسلىھەتچىلەر: ياسىن خۇدا بەردى. ئابلىز نازىرى. ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن. ئارسلان. ئابدۇروسۇل ئۆمەر. ئابلىكىم باقى.
تۇرغان شاۋۇدۇن. تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن. قەييۇم تۇردى. مەھەممەت شاۋۇدۇن.
مەھەممەت زۇنۇن. مەھمۇد زەيىدى. ئىمىن تۇرسۇن. ئىمىن ئەخمىدى. زوردۇن
سابىر

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

11

1990

40-يىل نەشرى

# بۇسانىدا

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇشى.................................................. 5
يولداش ياسىن ھاجى خۇدابەردىنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئىسملىكى ...... 5

## تەبرىك ۋە ئۈمىد

تەبرىك خەتلەر ........................................ 6
ئەلقەم ئەختەم ...................كامال تاپ، «تارىم» (شېئىر)...................... 10
شاكەن ئوگالبايېۋ ...................گۈللە، «تارىم» (شېئىر) ........................ 10

## نەسرىي ئەسەرلەر

تونىتى ئايۇپ ....................ئەرۋاھلار (ھېكايە)........................... 35
ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان..............بېدە كۆكى (ھېكايە) ............................ 48
تۇرسۇنئاي ھوسەيىن ..............كېسەللىك تارىخى (ھېكايە) ........................ 54
خالىدە ئىسرايىل ....................رەڭدار قۇيۇن (پوۋېست) ............................ 61
ئالىمجان ئىسمايىل .................. تىمتاس گۇگۇم (پوۋېست) .......................... 99
ئابدۇراخمان قاھار.................. ھاسىلىق ئادەمنىڭ پۇلى (ھېكايە)....................... 124
ياسىن ئىمىن ........................ يېزا يولى (نەسر) ................................ 130
ئەزىزى ................................ ھايات قىسسىلىرى (نەسر) ......................... 133

## شېئىرلار

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ............باشئەگمىدە ئوخچىغان كۈيلەر ........................ 22
كېرىمجان سۇلايمان..................لىرىك ناخشىلار .................................. 25
باتۇر روزى.............................غەزەللەر ......................................... 26
ئادىلجان تۇنىياز........................سۆيگۈ كۈيلىرى.................................. 31
ھەسەنجان بارات........................سەھرا ناخشىلىرى ............................... 33
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ..............ئىككى شېئىر ........................................ 34

قۇندۇز مۇھەممەت.......چۈچۈك قەترىلەر ...... 56
سەييارە سەلەي ........ئاقارغان تاكمۇسەن ...... 57
نەيىم يۇسۇپ ........قاراماي ئىلھاملىرى ...... 57
جېلىلى........ سۆيگۈ نەزمىلىرى ...... 58
ئۆمەرجان مۇھەممەدى........ ھەيرانلىق ...... 60
مۇھەممەت رەھىم ........ ياشلىق ئەسلىمىلىرى ...... 90
ئەركىن داۋۇت ........ ئۇتلۇق كۆزلەر ماڭا يىللىق تىكىلىدۇ...... 93
ئابدۇرېشىت بارات........ داغدا قالغان تىلەكلەر ...... 94
نۇرمۇھەممەت جېلىل........ تەمسىچىم ...... 95
ئېلى زاھىت ........ قىران دەرياسى........ 96
مۇتەللا ئىبراھىم........ گۈزەللىك ئىلاھىغا ...... 97
ئوبۇلخەيرى ئىبراھىم........ پارچىلار........ 97
ئۆمەر رەجەپ........تېرىككەك مۇدىر........ 98

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مەھمۇت زەيدى ........«تارىم» ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى...... 11
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ........تۇرمۇش ۋە يازغۇچى...... 138
ئابلىكىم ئوبۇلھەسەن ھاجى......بىر دەريا بار جىمجىت ئاققان يىل - يىللاپ........ 153
دىلك زىرىن ........ ئۇ، ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ياشايدۇ........ 156


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

........ 160

مۇقاۋىنىڭ 2 - ۋە 3 - بەتلىرىدە: بىر قىسىم تەھرىر ۋە تەھرىر ھەيئەتلىرىمىز.

* *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ، ئابدۇسالاملار ئىشلىگەن.



مەرھۇم ياسىن ھاجى خۇدابەردى

## ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ

# قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇشى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىب ياسىن ھاجى خۇدابەردى كېسەل بولۇپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچ سائەت 10 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى. ئۇ بۇ يىل 73 ياشتا ئىدى. يولداش ياسىن ھاجى خۇدابەردى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

## يولداش ياسىن ھاجى خۇدابەردىنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى

مۇدىر ھەيئەت: تۆمۈر داۋامەت.

مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتلەر: جانابىل، ھامىدىن نىياز، فېڭ داجېن، قەييۇم تۇردى.

ھەيئەتلەر: سەيپۇللايېۋ، بادەي، ئىسمايىل ياسىنوۋ، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، ئەزىزوۋ قاسىم، ماھىنۇر قاسىم، ھاجىيوۋ، چېن شىفۇ، ئەنۋەرخانبابا، قۇرمانئەلى ئوسپانوۋ، مامۇتوۋ قۇربان، ليۇشياۋۋۇ، ۋاڭ يۇخۇ، جاڭ گۈيتىڭ، ئۇيغۇر سايرانى، ئەلقەم ئەختەم، ياسىن كېرىم، ئابلىز نازىرى، سەيپۇل يۈسۈپ، شاكەن ئوڭالباي.

# تەبرىك خەتلەر

## «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە

«تارىم» ژۇرنىلى 40 يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتتى، بۇ
جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان رەڭگارەڭ سەھىپىسى، كىشىلەرگە
مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتىدىغان، ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان نادىر ئەسەرلىرى،
جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مول مەزمۇنى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ
ئالقىشىغا، سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلدى.
«تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغان 40 يىل مابەينىدە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-
سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى،
يېڭى بىر ئەۋلاد ئەدىبلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن شانلىق تۆھپە قوشتى، ئۇ،
بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنى چوڭقۇر، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلىرى
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى نامايان قىلدى، ئۇ يەنە قىسمىلىرىمىزدىكى
ھەر مىللەت يازغۇچى، شائىر، ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ كەلدى
ھەمدە كوماندىر-جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار تۇرمۇشى، يالقۇنلۇق ھېسسىياتى، چوڭقۇر
يۇرتىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلىرىگە ئۆز قويىنىدىن ئورۇن بەردى.
بىز «تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا تەنتەنە قىلىش مۇناسى-
ۋىتى بىلەن مەزكۇر ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق يولداشلارنىڭ تۆت ئاساسىي
پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار
بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىشى، روناق تېپىشى ئۈچۈن تېخىمۇ تىرىشىپ تۆھپە
قوشۇشىغا تىلەكداشمىز.

لەنجۇ ھەربىي رايونى «خەلق ئارمىيىسى»
گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## قىزغىن تەبرىك، سەمىمىي ئۈمىد

«تارىم» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغان 40 يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-
سەنئەت توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك
ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ كەلدى،

ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش، زورايتىش، ئىجادىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، كەڭ كىتابخانلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، نۇرغۇنلىغان ھەۋەسكار، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سەمىمىي ياردەم بەرگەن ۋە ياردەم بېرىدىغان، جاپالىق ئەجرىگە يارىشا زور نەتىجىلەرگە ئىگە ژۇرنال بولۇپ قالدى.

«تارىم» ژۇرنىلى ئۆز تارىخىدا بالىلار ئەدەبىياتىغا بەلگىلىك سەھىپە ئاجرىتىپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىك ئەمگىكى ئۈچۈن ژۇرنالنىڭ ئۆسمۈر كىتابخانلىرى مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ.

بالىلار ئەدەبىياتى ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنىڭدەك ئۇ ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ سەۋىيىسى، سۈپىتىگە باھا بېرىشتە ئۇنتۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايدىغان مۇھىم ساھە، ھازىر ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى چوڭلار ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئاجىز ئورۇندا تۇرماقتا، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتى قوشۇنىنىڭ سان ۋە سۈپىتىمۇ كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ.

«تارىم» ـــ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنىلى، بىز ژۇرنال نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن قۇتلۇقلاش بىلەن بىللە ژۇرنالنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ ۋە دائىملىق ئىش سۈپىتىدە قاراپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى

## تەبرىك خەت

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا ژۇرنىلىڭلار نەشر قىلىنغانلىقىغا 40 يىل تولغانلىقىدىن خۇشاللىق بىلەن خەۋەر تاپتۇق. بىز تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق خىزمەتچى خادىملارنى ئەڭ سەمىمىي تەبرىكلەيمىز.

سىلەر 40 يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى بويىچە ئىش كۆرۈپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردىڭلار. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزارلىرىدا ئېچىلغان «تارىم» ئۆزىنىڭ نەپىس جۇلاسى بىلەن تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى

كەڭ كىتابخانلارنى مەھلىيا قىلماقتا. سىلەرنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكىڭلارغا ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈمىز.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئەدەبىيات بېتى بۆلۈمى

## قىزغىن تەبرىكلەيمىز

«تارىم» ژۇرنىلى يېڭى بىر سوتسىيالىستىك دۇنياغا كەلگەندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر 40 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ، بوران - چاپقۇنلار ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىش بىلەن كىچىكلىكتىن ئۇلغىيىپ، ئاددىيلىقتىن مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە پائالىيەت سەھنىسىگە، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى ئىناۋەتلىك كۆرەك مۇنبىرىگە ئايلاندى. ئۇ، كىتابخانلار ئاممىسىنى مىللىي شەكىل، سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە شوخ پەيتلىك بەدىئىي ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. بىز شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكەن 40 يىل مابەينىدە «تارىم» ژۇرنىلىنى ياخشى چىقىرىش يولىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، كۆيۈمچان باغۋەندەك ياش قەلەم ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ۋە ئۆزىنىڭ قان - تەرى بىلەن سەر خىل ئەدەبىي ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى سۇغىرىپ - ئۆستۈرگەن بارلىق مۇھەررىرلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

## «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز

«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىغا ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇھەررىرلەرگە، يازغۇچى، شائىر، ھەۋەسكارلارغا سالام يوللايمىز. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ، بىر ئۆمۈر ئۆز ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن خەلقىمىز ئىچىدە شۆھرەت قازىنىپ، چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان، ئەمما بىزدىن ۋاقىتسىز ۋىدالاشقان زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنى ياد ئېتىمىز.

«تارىم» ژۇرنىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش، مىللىي ئاپتورلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتتە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن 40 يىلدىن بېرى مەملىكىتىمىز سوتسىيا-

لىستىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئېگىشلىك رول ئوينىاپ كەلمەكتە.

بىز ئىشىنىمىزكى، «تارىم» ژۇرنىلى مۇندىن كېيىنمۇ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈش بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى يېڭى ئىسلاھات دولقۇنىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. بىز «تارىم» نىڭ ئۆركەش ياساپ ئېقىپ، كەڭ زېمىنىمىزنىڭ ھەممە يېرىگە تەكشى سىڭىشىنى، بۇ مۇنبەت زېمىنىنىڭ پايانسىز ئېتىكىدە رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى ھۆپپىدە ئېچىلدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«قۇمۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

## تارىم ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە

بىز بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى بارلىق قەلەمكەشلەرگە ۋەكالىتەن «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 40 يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا ئىزچىل كۆرەش قىلىپ كەلدى. يازغۇچى، شائىر، ھەۋەسكارلارنى ئۆز ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆچلۈك قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

بىز «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىمىز ھەمدە بۇندىن كېيىنمۇ كىتابخانلارنى يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىلىك ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشىغا سەمىمىي تىلەكداشمىز.

«بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئەلقەم ئەختەم

## كامال تاپ، «تارىم»

تارىم قايغۇغا، دەردكە، ئەلەمگە
پاتقان ئىدىڭ سەن كۆپ ئەسىر - يىللار.
قانداق زامان بۇ، قانداق دۇنيا دەپ،
كۆپ قاتقان باشلار، چىكىلگەن دىللار.

تۇن كېتىپ شۇئان يورىدى شەرق،
كۈلدۈڭ سەن تارىم تېپىپ يېڭى جان.
دەس تۇرۇپ ئېلىم بەخت قۇچقاندا،
ياغدى ئۈستۈڭگە نۇر ۋە شەرەپشان.

ئېلىم ئويلىشىپ جورا دەپ ساڭا،
تارىم نامىڭنى قويدى ژۇرنالغا.
قەلەمكەشلىرىڭ ئاشىق بوپ ئاڭا،
دېيىشتى شۇ چاغ باسقىن سەن ئالغا.

پارتىيە توغرا نىشان كۆرسەتكەچ،
سېپىڭ زورىيىپ ئۆلغايدى ھامان.
ۋاراقلىرىڭدا چاقنىغاچ ئالتۇن،
كۆزىنى تىكتى ساڭىمۇ جاھان.

«تارىم» ئەي «تارىم»، ئالغا باس ئالغا،
ئۈمىد - ئارزۇلار، تىلەكلەر قانسۇن.
پارلاق ھېكمەتكە تولغىن ھەمىشە،
مىليون ۋە مىليون يۈرەكلەر يانسۇن.

ئەلىنىڭ تىلىكى ساڭا بۇ «تارىم»،
پەرۋاز قىل تىنماي مەڭگۈ، تاپ كامال،
ئالدىڭدا ئەنە نۇرلۇق كەلگۈسى
كۆرسىتەر ساڭا تاڭدەك خۇش جامال.

شاكەن ئوڭالبايېۋ

## گۈللە، «تارىم»

قىرىق ياشقا كىردىڭ سەن «تارىم»،
ماڭلىيىڭدا پارلىدى ئامەت.
دۇردانىلار ياندى سېنىڭدە،
زەپمۇ كۆركەم كۆتۈردىڭ قامەت.

تەڭرىتاغنىڭ چوققىسى ئۆزۈڭ،
يىقىلمايدۇ سەن تۇتقان بايراق.
يېقىملىقتۇر سەن ئېيتقان ناخشا،
تىلىڭ تاتلىق، ھەممىمىز ئامراق.

يۈمران دىللار سۇ ئىچتى سەندىن،
شائىر شانى سەندىن تارالدى.
تالايلارنى قوشتۇڭ قاتارغا،
تالاي قىسسە شۇندىن تارالدى.

سەن سەنئەتكە مۇستەھكەم قەلئە،
بۈركۈتلەرنىڭ يۈكسەك قىياسى.
تۈگىمەيدۇ سەن بەرگەچ ئىلھام،
شائىرلارنىڭ ئەقىل زىياسى.

پرىنسىپتا چىڭ تۇردۇڭ ھامان،
مەدھىيىلىدىڭ ئەلنى مۇلايىم.
ئەلا بىلدىڭ مىللىي دوستلۇقنى،
پارتىيىگە ئەگىشىپ دائىم.

پارلاق نۇرلار تۆكمەكتە قۇياش،
سېنى سۆيەر نۇر، ئاپتاپ «تارىم».
كۆكرەك كېرىپ غەربىي دىياردا،
گۈللە، ياشنا، روناق تاپ «تارىم».

مەھمۇت زەيدى

# «تارىم» ۋە شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى

— «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەسىرلەردىن بۇيان شېئىرىيەت ساھەسىدىكى مول نەتىجىلىرى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ كەلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروۋېستچىلىق، رومانچىلىق گۈللىنىشكە باشلىغان يېقىنقى يىللارغا قەدەر شېئىرىيەت ھامان ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى. شېئىرىيەت ساھەسىدە كامالەتكە يەتكەن نۇرغۇن شائىرلار بارلىققا كەلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تارتىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت ئارمىيە داموللا، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئەھمەد زىيائىغا ئوخشاش نۇرغۇن پېشقەدەملىرىمىز، شۇنداقلا خۇددى سۈزۈك ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك سان-ساناقسىز ئوتتۇرا ياشلىق، ياش شائىرلىرىمىز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قالتىس زور تۆھپە قوشتى. بىز «قۇتادغۇ بىلىك»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «پەرھاد-شېرىن»، «ۋامۇق-ھۇزرا»، «مۇھەببەتنامە-مېھنەتكامە»، «زەپەرنامە»، «رابىيە-سەئىدىن»، شۇنداقلا «چولپان»، «ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقىغە»، «چىن مۇھەببەت»، «قەشقەر كېچىسى»، «تۆھمەت قۇربانى»، «گۈلمېھرى»، «گۈلمېرۇي»، «ئېلى پەرزەنتلىرى»، «يۇلتۇزلار يۇرتى» قاتارلىق كۆپلىگەن يىرىك شېئىرىي ئەسەرلەر بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابلىز نازىرى، تۇرغۇن ئالماس، قۇربان ئىمىن، ئابدۇكېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇن، مەھەممەتجان سادىق، رەھىم قاسىم، مەمتىلى زۇنۇن قاتارلىق زور بىر تۈركۈم شائىرلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان قىسقا، لىرىك شېئىرلىرى بىلەنمۇ پەخىرلىنىشكە ھەقلىق.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى 1949-يىل ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، خەلقنىڭ ھەقىقىي تۈردە دۆلەتنىڭ، ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجىسىغا ئايلىنىشى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە تۈپ بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. 1951-يىل 8-ئايدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشى يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ياخشى سورۇن بىلەن تەمىنلىدى.

«تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىش بىلەنلا ئۆزىنىڭ خەلق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەقسەت، نىشانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا

قويدى ۋە مەقسەت، نىشانىنى ئېنىقلاپ ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەلق قوشاقچىلىقىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، ئۆز سەھىپىلىرىدە شەكلى ئاددىي، تىلى راۋان ۋە چۈشىنىشلىك خەلق قوشاقلىرى، قوشاقچىلارنىڭ قوشاقلىرىنى كۆپرەك ئېلان قىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى ئۈچۈن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر جەريانىدا ئاممىنى تەربىيىلەش، تەشكىللەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. مانا شۇ يىللاردا مۇھەممەت ناپىر، مولla تۇردى، ئىسمائىل كاككۈك، ئايۇپ سامساق، غوجەخمەت ئىمام قاتارلىقلارنىڭ ئازادلىققا، يەر ئىسلاھاتىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە بېغىشلانغان نۇرغۇن قوشاقلىرى «تارىم» دا ئېلان قىلىندى. شۇنداقلا نېمەشېھىت ئارمىيە داموللا، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابلىز نازىرى، ئىبراھىم تۇردى، قۇربان ئىمىن قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان «ئازاد زامان»، «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز»، «تاڭ ئاتتى»، «تاڭ ئاتقاندا»، «خۇاڭخې دولقۇنى»، «ماۋ جۇشىغا خەت» دېگەندەك زور بىر تۈركۈم شېئىرلىرىمۇ ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بۇ چاغلاردىكى ئاساسلىق مەزمۇنى ئازادلىققا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا تەنتەنە قىلىش، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە مەدھىيە ئوقۇش، ئۆتمۈش ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، يېڭى تۇرمۇشنى، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان شىنجاڭ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ غەيرەت - جاسارىتىنى كۈيلەش تەشكىل قىلدى. ئەلقەم ئەختەمنىڭ «تاڭ ئاتقاندا»، تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز»، «يىراقتىن خەت»، ئابلىز نازىرىنىڭ «يېڭى دوست تاپتىم» دېگەندەك شېئىرلىرى مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ياخشى مېۋىلىرىدۇر.

50 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتى مەزمۇن جەھەتتە چوڭقۇرلۇققا، تېما جەھەتتە كەڭلىككە، شەكىل جەھەتتە خىلمۇخىللىققا قاراپ يۈزلەندى. بولۇپمۇ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن كەڭ شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت ئاكتىپلىقى ئۇرغىدى. ئۇلار ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ، بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. شېئىرىيىتىمىزنىڭ بۇ مەزگىللەردىكى خۇسۇسىيىتى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىن ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئوخشاشلا ئېتىبار قىلىپ، ئىجابىي تەرەپنى ئاساس، سەلبىي تەرەپنى قوشۇمچە قىلىش، مەدھىيە ئىچىدە تەنقىد، تەنقىد ئىچىدە مەدھىيە بولۇش، ئىجتىمائىي رېئاللىقتا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدىكى قەھرىمانلىقلىرى، ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە كۈيلەش بىلەن بىللە دەۋر تەرەققىياتىغا توسقۇن بولۇۋاتقان نەرسىلەرنى پاش قىلىش، تەنقىدلەشتىن ئىبارەت بولدى. مۇشۇ مەزگىللەردە، گەرچە «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ يامرىشى، ئۇنىڭچىللىققا، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى تۈپەيلىدىن زور بىر تۈركۈم شائىرلار ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇلۇغ كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە،

كەڭ ئەمگەكچى خەلققە بولغان چەكسىز مۇھەببىتى ۋە ساداقىتى بىلەن مەزمۇنى ساغلام، چوڭقۇر ھېسسىياتلىق، كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە رەڭدار شېئىرلارنى ياراتتى. تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»، «ماۋ جۇشىغا»، «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ نەسىھىتى»، «تۈگىمەس ناخشا»، «ئىگىلىك سۇ» قاتارلىق باللادا، شېئىرلىرى، مەھەممەت رىھىمنىڭ «ئانا» داستانى، «باھار قوشاقلىرى» ناملىق شېئىرى، رەھىم قاسىمنىڭ «چولپان» داستانى بىلەن «ياشىسۇن قولى گۈل ئىشچاننىڭ قولى» ناملىق سېكىلى، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئايخان» باللادىسى بىلەن «جەننەت نەدە دېسەڭلار» ناملىق شېئىرى، مەمتىلى زۇنۇننىڭ «يادىمدا سەن» باللادىسى بىلەن «چولپان كەلدى بېيجىڭدىن» ناملىق سېكىلى ھەمدە شۇ مەزگىلدە نەشر قىلىنغان «باھار سوۋغىسى»، «باھار چېچەكلىرى»، «ۋەتەن مۇھەببىتى» «شانلىق يىللار» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى شېئىرىيىتىمىزنىڭ شۇ دەۋردىكى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. مۇشۇ يىللاردا شېئىرىيەت قوشۇنىمىزغا زور قىزغىنلىق بىلەن كىرىپ كەلگەن ئېزىز نىياز، مەمتىلى زۇنۇن، بوغدا ئابدۇللا، مىرزاھىد كېرىمى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مەھەممەت شاۋۇدۇن، تۇرغان شاۋۇدۇن، مامۇت زايىت، ئابدۇكېرىم مەخسۇت، سەلەي قاسىم، قۇربان بارات، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، مەھەممەتجان راشىدىن قاتارلىق كۆپلىگەن ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى شېئىرىيەت گۈلزارىمىزغا رەڭدار، خۇش پۇراق گۈل بولۇپ قوشۇلۇپ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن ئىدى.

ئەپسۇسكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قويۇنى ھۆكۈم سۈرگەن ئاپەتلىك يىللاردا يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنى ئېغىر ۋە چوڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال — «تارىم» توختىتىپ قويۇلدى. ئىجادىيەت يولى پۈتۈنلەي ئېتىلدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيىمىزنىڭ 11- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن «سول» لۇشيەنگە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يېڭى دەۋرى باشلاندى. يېڭى دەۋر، يېڭى ئەدەبىيات باھارى شائىرلىرىمىزنىڭ قەلبىنى زوق - ئىلھامغا، جۇشقۇن ھېسسىياتقا تولدۇردى، ئىدىيىسىنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى، خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتتى، ئۇلارنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى ئالدىنقى ھەرقانداق بىر دەۋرگە سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئالغا سۈردى، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ناھەق، خاتا، يالغان ئەنزىلەر بىرتەرەپ قىلىنىپ، ئۇۋاللىققا ئۇچرىغان كۆپلىگەن شائىرلىرىمىز ئاقلاندى. ئۆزى ياشانسىمۇ قەلبى ياشارغان نۇرغۇن پېشقەدەم شائىرلىرىمىز، ئۇۋاللىقتىن، روھىي بېسىملاردىن قۇتۇلغان ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش شائىرلىرىمىز يايراپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشتى. بۇ يىللاردىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى خۇددى 50- يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكىگە ئوخشاشراق، يەنى پارتىيىمىز ياراتقان يېڭى ھايات باھارىغا تەنتەنە قىلىش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئەمما، بۇ دەۋردىكى شېئىرلار 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى يىل-

لىرىدىكى تەنتەنە ۋە شىكايەت قىلىشلاردىن مەزمۇن جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇق ۋە بەدىئىي سەۋىيە جەھەتتىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. بىز تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار»، «سەنئەت باھارى»، ئابلىز نازىرىنىڭ «چېچەك پەسلى»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى»، ئەلقەم ئەختەمنىڭ «چوڭ يۆرۈشكە تەنتەنە»، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «باھار ناخشىسى»، ئىمىن تۇرسۇننىڭ «كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە»، مەمتىلى زۇنۇننىڭ «قۇچاقلا، ئۇ سېنىڭ داداڭ»، قۇربان باراتنىڭ «ئاپەتلىك يىللاردىن ئاچچىق خاتىرە»، ئارسلاننىڭ «قاراڭغۇلۇقتىكى چاقماقلار»، ھاجى ئەخمەتنىڭ «مەھبۇس تىلەكلىرى» دېگەندەك شېئىرلىرىنى ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئاشۇ بىر مەزگىلدىكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتىدە 3 - ئومۇم يىغىندىن كېيىن غايەت چوڭ گۈللىنىش بولدى. ئازغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە سەكسەندىن ئارتۇق شائىرنىڭ يۈزنەچچە شېئىر توپلىمى نەشر قىلىندى. پېشقەدەم شائىرلار ئۆزىنىڭ ۋايىغا يەتكەن ماھارىتىنى نامايان قىلدى، ئوتتۇرا ياشلىق ۋە ياش شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىيەت جەھەتتىكى پىشىۋاتقان ماھارىتىنى كۆرسىتىپ، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتتە چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك، يۈكسەكلىككە يۈرۈش قىلدى. زور بىر تۈركۈم جۇشقۇن شېئىر ھەۋەسكارلىرى ئۆزلىرىگە خاس يېڭىچە قىياپەت بىلەن شېئىرىيەت قوشۇنىغا كىرىپ كەلدى. شېئىرىيىتىمىز يېڭى دەۋرنىڭ روھىنى ئىپادىلەشتە، ئۆتكەنكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كلاسسىكلارنىڭ، مەشھۇر چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىپ، يېڭىچە يول تۇتۇپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئىدىيە ئازادلىقى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكىنىڭ كاپالەتلەندۈرۈلۈشى، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنىڭ ھەقىقىي تۈردە يولغا قويۇلۇشى شائىرلىرىمىزغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتقانلىقى، تىنچ - ئىتتىپاق ۋەزىيەت ۋە كۆڭۈل ئازادلىكى شائىرلىرىمىزنى ئوبدان ئىجادىيەت مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى ئۈچۈن، شېئىر ئىجادىيىتىدە مىسلىي كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش بارلىققا كەلدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تارىم» شېئىرىيىتىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە تولىمۇ پايدىلىق بولغان بىر ئەنئەنىنى — مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى بولغان ئەدەبىي تەرجىمە خىزمىتىنىڭ مۇھىم قىسمى ھېسابلىنىدىغان شېئىر تەرجىمىسىنى ئۇزاقتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئېتىبار بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەرلىرىنى، شېئىر ئىجادىيىتىگە دائىر نۇرغۇن ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى، تەجرىبە-ساۋاقلارنى، ئۇچۇرلارنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى، بۇلار شائىر ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. بۇ ئارقىلىق شائىر ۋە ھەۋەسكارلىرىمىز جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى بىلەنلا تونۇشۇپ قالماي، ھەرخىل ئۇسلۇب، ھەرخىل ئېقىملار بىلەنمۇ تونۇشتى، ئۇلار جۇڭگو ۋە چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتى جەھەتتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئەيىنەك قىلدى. بۇ ئارقىلىق شېئىرىيىتىمىز شەكىل،

ئۇسلۇب، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردە پايدىلىق ئامىللار ۋە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى جانلاندۇردى ۋە بېيىتتى. بۇ ھال شېئىرىيىتىمىزنى سۈپەت ۋە سەۋىيە جەھەتتىن ئۆستۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

بىز «تارىم» نىڭ سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 3 - ئومۇم يىغىندىن بۇيانقى خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق بىر - نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، مېۋە مول، سۈپەت ئالاھىدە ياخشى بولدى. بىز يالغۇز «تارىم» ژۇرنىلىنىلا مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ مۇشۇ يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە ئۆز سەھىپىسىدە ئېلان قىلىغان شېئىرلىرى 7 مىڭدىن ئارتۇق، داستان 16 پارچە بولدى، 3 - ئومۇم يىغىندىن كېيىن، خۇددى ئۇزۇن يىل تاقاق سېلىنىپ تازا قايىغان سۇ تاقاق ئېلىنىشى بىلەنلا ئوقتەك ئېتىلىپ، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى لىققىدە تولدۇرۇپ، قىرغاقلارغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئالدىغا كەلگەن توسقۇنلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كۆۋەجەپ، دولقۇنلاپ ئاققىنىدەك، شائىرلىرىمىزنىڭ ئىلھام قىيانلىرىمۇ فونتاندەك ئېتىلىپ، دولقۇنلىنىپ، شاۋقۇن سېلىپ، ھەيۋەتلىك شېئىرىيەت دەرياسىنى ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭغا قوشۇلغان ھەر تامچە خۇددى تاڭ قۇياشىنىڭ نۇرى بىلەن گۈللەرنىڭ ئاپئاق ۋە شەپەقتەك قىزىل بەرگلىرىدە كۆز چاقناتقان شەبنەم تامچىلىرىدەك سۈزۈك، جۇلالىق ھەم تاتلىق بولدى. مەيلى پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار ياكى ھەۋەسكارلار بولسۇن، ھەممەيلەن تەڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزىنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى گۈلزارىنىڭ كۆيۈمچان باغۋىنى ھېسابلاپ، باغۋەنلىك بۇرچىنى ئوبدان ئادا قىلدى، ئۇلار ئىجادىيەت كۆكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، قايناق ھېسسىياتلىق، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىك، يۇقىرى سەۋىيىلىك شېئىري ئەسەرلەرنى ياراتتى. «كۆلگىن، قەشقەر»، «ئالتاي تەسراتلىرى» (ت. داۋامەت)، «بەردىم جاۋاب» (ئە. ئەختەم)، «باغار ئىلھامى»، «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم» (ت. ئېلىيىۋ)، «يارنىڭ قولى گويا بويىنىدا»، «شارلار تېغى» (ئا. خوجا)، «مەن ۋە نەۋرەم»، «پەرھاد بول» (ئا. نازىرى)، «نەي ساداسى» (ئە. زىيائى)، «بوغدا ئانام»، «ياخشى» (ئا. ئۆتكۈر)، «قەسەمنامە»، «بەتقىلىق بولماڭ بالام» (ق. ئىمىن)، «قىزىل گۈل» (ئى. تۇرسۇن)، «ئىنسان خىسلىتى ھەققىدە ناخشا» (ت. ئالماس)، «باھار ئىلھاملىرى» (ج. ئەمەت)، »ئۇلۇغ توي»، «مۇشائىرە» (ر. جارى)، «ئايدىڭ كېچە» (م. رېھىم)، «سېنى كۈتۈپ تۇرامدۇ؟» (ئە. تاتلىق)، «چېچەك»، «ياشلىقىم» (پ. مۇھەممىدى)، «يەر — ئۇلۇغ ئانا»، «تۆت پەسىلدە بولدۇم يېزىدا» (ر. قاسىم) «غەزەللەر» (ئا.مەتىمىن)، «نۇر چېچىپ ئاتقاندا تاڭ» (ئا. توختى)، «بۇلبۇلغا» (سۈزۈك)، «ئەل ۋە مەن»، «دوستلار بەزمىسىگە مۇخەممەس» (ئا. سادىق)، «يۈرەك لىرىكىسى»، «تاغلارنى قۇچاقلاپ» (ب. ئابدۇللا)، «قىش كۆرۈنۈشلىرى»، «بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار»، «ئائىلە لىرىكىلىرى» (م. شاۋۇدۇن)، «شارقىراتما»، «دەريا ۋە بۇلاق» (ئا. ئۆمەر)، «جۇڭغارنىڭ باغرىدا كېلىمەن ئويچان» (ئا. مەخسۇت)، «خۇشال ئۇچرىشىش» (ت. شاۋۇدۇن)، «مەجنۇنتال تېگى» (س. سادىرى)، «چېچەك جۇدۇنى» «كۆك يانتاق چې-

چەكلەپتۇ» (ق. بارات)، «چۆل ئويغاندى»، «باھار» (ھ. ئەخمەت)، «ياشلىقىم تۈگىمەس داستان» (م. كېرىمى)، «ئۈجمە ھەققىدە مۇخەممەس»، «مەن مۇئەللىم — جاپاكەش ئىنسان» (م. زايىت)، «تۇپراق قىسسىسى»، «زېمىن ئەركىسى» (ئارسلان)، «ياڭرا ئەجەم»، «توزان قەسىدىسى»، «ۋەتىنىم سۈت بەرگەن ھالال ۋە ئاپئاق»، «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا» (ئو. ساۋۇت)، «ئۈچ غەزەل»، «خوتەن قەغىزى»، «مۇقام ھەققىدە مۇخەممەس» (ئە. ئىبراھىم)، «جىنەستە»، «قارا ئۆرۈك»، «سەھرا نەزمىلىرى» (ت. ھۇسەيىن)، «چىمەن قىرغاق»، «باھار، سېنىڭ كۆپ ئىكەن ئاشناڭ» (ئا. خېۋىر)، «ۋەتەن ھەققىدە قوشاق»، «كاككۇك كۆلى» (م. راشىدىن)، «ئارزۇ بوستانى»، «كۇچا كۆرپىسى» (ئ. ئەخمىدى)، «ئالتۇن بۇلاق»، «قىش قوشىقى» (س. قاسىم) «باھاردىكى غەزەللەر»، «قەشقەر مۇھەببىتى» (جېلىلى)، «ياشلىق زىننىتى»، «مەن — شېئىرمەن» (ئا. ئابدۇللا)، «باھار گۈل، ئەسلىدىم سېنى باھاردا»، «باھار سۆيگۈسى» (م. ئىسلام)، «گۈلباغ ناخشىلىرى» (ئا. سۇلايمان)، «جەنۇب غەزەللىرى» (ر. سايىت)، «مارالبېشى»، «چۈنكى مەن ئادەم» (ت. تالىپ)، «ۋەتەندىن نۇر ئىچىپ قەلبىم» (د. قەييۇم)، «گۈزەللىكنىڭ خەزىنىسى ئۆزۈك» (ئا. ساۋۇت) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان شېئىرلار ھەم دېھقان شائىر ئىمىر ھېزىمنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى مەزمۇنىنىڭ ساغلام ۋە تىرەنلىكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىگە ياقتى ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ راستىنلا گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى نامايان قىلدى.

ئىككىنچى، تېما تاللاش ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن، بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن شائىرلىرىمىز ئىجادىيىتىنىڭ تېما دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، كۆپ خىللىققا قاراپ راۋاجلاندى، ئۇلار رېئاللىققا يۈزلىنىپ، «چەكلەنگەن رايون» لارغا جۈرئەت بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، باي ۋە رەڭگارەڭ تۇرمۇشىمىزنى ھەر تەرەپلىمە يورۇتۇپ بەردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىك، چىن ئادىمىيلىك، سۆيگۈ - مۇھەببەت، گۈزەل تەبىئەت، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ھەققىدە رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق يېزىلغان زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەر يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارىغا يېڭى ھۆسن، گۈزەللىك بېغىشلاپ، ئىدىيە ئازادلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش شاملىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ساغلاملاشتۇرۇش، كوممۇنىستىك غايە ۋە ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبنىڭ شەكىللەنگەن ياكى شەكىللەنمىگەنلىكى شۇ شائىرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە پىشقان - پىشمىغانلىقى، شۇ بىر قوشۇن ئىچىدە ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا ئىگە بولۇش - بولالماسلىقى، شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئۇزۇن سەپىرىدە ئاخىرقى مەنزىلگىچە يېتىپ بارالىشى ياكى يېرىم يولدا سەپتىن چۈشۈپ قېلىشىغا مۇناسىۋەتلىك. شۇنداقلا ئۇ شۇ بىر مىللەت شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە ئۇنى

راۋاجلاندۇرۇپ، گۈللەندۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىپ، باشقا مىللەتلەر شېئىرىيىتى قاتارىدا ئۆزىگە خاس شانۇ- شۆھرەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش - تۇرالمىسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. ھەر بىر مىللەتتە ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇب ياراتقان، ئۈنلىغان-يۈزلىگەن شائىر بولغاندىلا، شۇ مىللەت شېئىرىيىتى ئۆز خاسلىقى بىلەن شۆھرەت تاپالايدۇ. خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شېئىرلىرىمىز ئاساسەن تەقلىدچىلىك، دورامچىلىق بىلەن يېزىلىپ كەلگەن بولسا، يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان خېلى كۆپ شائىرلىرىمىز بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، ئۆز ئۇسلۇبىنى يارىتىشقا تىرىشىپ كەلدى. ئەلۋەتتە شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىيەتتىكى مۇستەقىللىكىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل مۇستەقىللىق قانداقتۇر يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ مۇددىئاسى بويىچە، ھايات مەنتىقىسىگە خىلاپ ھالدا ياراتقان ئىجادكارلىقى ئەمەس، بەلكى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ تۈپ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئالدىنقى شەرت ئاساسىدا ھايات قاينىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تېخى كىشىلەر تەرىپىدىن بايقالمىغان نازۇك ۋە ئىنچىكە تەرەپلەرنى رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىگەخاسلىق بىلەن سۈرەتلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. مانا مۇشۇنداق ئىجادىي مۇستەقىللىق — ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇب بىزنىڭ خېلى كۆپ شائىرلىرىمىزدا يېتىلدى ۋە يېتىلمەكتە، شۇڭلاشقا بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز رەڭدارلىققا، كۆپ خىللىققا يۈزلىنىپ، رەڭگى ۋە پۇرىقى ھەر خىل گۈل - چېچەكلەر بەس - بەستە پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلزارغا ئوخشاش كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان مەنزىرىنى شەكىللەندۈردى.

ئۈچىنچى، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلەر چىنلىق بىلەن توغرا ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، يەرلىك ئالاھىدىلىكى روشەن، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق، دەۋر روھى كۈچلۈك، كىشىگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ئەسەرلەر كۆپەيدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مەزمۇنغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى لازىم... بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنى تەسۋىرلەش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايە ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىسىگە، ئالىيجاناب خىسلەتكە ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا، كەڭ نەزەر دائىرىگە ۋە ئەمەلىيەتچىل روھقا ئىگە يېپيېڭى قىياپىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك. بۇ يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي

پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۇرتكە بولۇشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ سۆز ئون نەچچە يىلدىن بۇيان شائىرلىرىمىزنىڭ قىبلىنامىسى بولۇپ كەلدى. ئۇلار ھەر مىنۇت - ھەر دەقىقىدە ئۆزىنىڭ تارىخ ئالدىدىكى شەرەپلىك بۇرچىنى — سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنى ئەستىن چىقارمىدى. پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكىلىشى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نىشانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قانات يېيىشى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتتە، ئادەملەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە مۇناسىۋىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. پۈتكۈل مىللەتنىڭ مىللىي ئېڭى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر ئۆستى، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئىستىل، يېڭى كەيپىيات ئەۋج ئالدى. بىزنىڭ شائىرلىرىمىز مانا مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا پايدا يەتكۈزۈش ياكى زىيان يەتكۈزۈش بارلىق خىزمەتلەردە ھەق-ناھەقنى ئايرىيدىغان ئەڭ توپ ئۆلچەم» ئىكەنلىكىنى ئوبدان تونۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغانلىكى ئىشنى مەدھىيىلىدى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا زىيانلىق بولغانلىكى ئىشنى تەنقىد قىلدى.

بىزگە مەلۇمكى، شېئىر يۈرەكنىڭ ساداسى، دەۋرنىڭ ناۋاسى، ئۇ دەۋر بىلەن ھەقىقىي نەپەسداش بولالىغاندىلا، دەۋر روھىنى نامايان قىلالىغاندىلا، ئاندىن چىن مەنىسى بىلەن شېئىر بولالايدۇ. دەۋرىمىزنىڭ توپ روھى، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ئالدى بىلەن يېڭى تەرەققىيات دەۋرى ياراتقان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلەتلىرىدە مەركەزلىك ئەكس ئېتىدۇ. بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دولقۇنى ئىچىدە ئۈزلۈكسىز بارلىققا كېلىۋاتقان ئەنە شۇ ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى بىلەن غايە، ئارزۇلىرىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەندىلا، ئاندىن دەۋرنىڭ توپ روھىنى كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تەربىيە رولىنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ ئەمەلىي جارى قىلدۇرالايدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ شائىرلىرىمىز دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ھامان تىرىشىپ كەلدى.

تۆتىنچى، ئىجادىيەت گۈللىنىپ، يالغۇز روشەن ئۇسلۇبقا، يېڭى شېئىرىي پىكىرگە، قايناق ھېسسىياتقا ئىگە لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرلار يارىتىلىپلا قالماي، شېئىرىيىتىمىز بىرقەدەر يېرىك ژانىرلارغا - باللادا ۋە داستانچىلىققا يۈرۈش قىلدى، قىسقىغىنە بىرقانچە يىل ئىچىدە شائىرلىرىمىز كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەرنى ياراتتى. «رابىيە - سەئىدىن» (ئە. زىيائى)، «قەشقەر كېچىسى» (ئا. ئۆتكۈر)، «قارلىق تاغ شەجەرىسى» (ئا. مەھەممەتئىمىن)، «گۈلمېھرى» (م. زۇنۇن)، «يۇلتۇزلار يۇرتى» (ئارسلان)، «ئاق رومالLIQ پەرىزات» (ق. بارات) قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك داستانلار ئىجاد قىلىنىپلا قالماي، «تۆھمەت قۇربانى»، «‹ئوغرى›نىڭ ئەسلىمىسى» (ت. ئېلىيېۋ)، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» (ئا. ئۆتكۈر)، «سېمونت ئىشچىسى» (ق. ئىمىن)، «گىلەمچىنىڭ قىزى» (ج. ئەمەت)، «ۋاپا ۋە مەردلىك»، «چىن مۇھەببەت»، «قىزىل يۇلغۇن»، «ستۇدېنتلار» (م. سادىق)، «شائىر»،

«كۆزۈش يوللار» (ر. قاسىم)، «تىيانشان قىسسىسى»، «ئۈزلۈغ گىراژدان» (ئا. توختى)، «قان-
لىق ئىز»، «زەرەپشان ئوغلى»، «مۇنبەر قىسسىسى» (ئا. خېلىل)، «گۈلدەستىخان»، «مەلىكە
ئامانىنىسا» (ب. ئابدۇللا)، «قۇياش قىزى» (م. زۇنۇن)، «ئاقارغان چاچ توغرۇلۇق ناخشا»،
«ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز»، «يوقالماس پەلەستىن» (ق. بارات)، «ئاھ، مېنىڭ
خەلقىم» (ئارسلان)، «پولات»، «چىمەندە توي»، «ئاق ۋە قارا»، «ھەسەن ۋە ھۆسەن»
(ئە. ئىبرايىم)، «ئاھ، چاقچاق»، «ئالىم بىلەن ئايىم» (م. شاۋۇدۇن)، «ئايخان ئانا» (ئا.
ئۆمەر)، «بۆركۈت ناخشىسى» (ھ. ئەخمەت)، «تۆھپىكار» (ھ. ئىبراھىم)، «قەشقەر قەس-
دىسى»، «دوستۇمنىڭ ئۆلۈمى»، «ھېيتكاھتا ھېيت كۈنى» (م. كېرىمى)، «خانتەڭرى قىزى»،
«چولپان قىسسىسى» (م. زايىت)، «سەپەر ناخشىسى»، «گۈلنىھال»، «ھايات»، «توققۇز پارچە
رەسىم» (ت. ھۆسەيىن)، «قۇتلۇق ئىز» (م. ياقۇپى)، «باھار لىرىكىسى» (س. دۇگايىلى)،
«ناخشا بولۇپ سىڭدىڭ دىللارغا» (ئا. خېۋىر)، «ئاتا ئىزىدىن»، «گۈلسۈم»، «نىيىدە باھار»،
«ئۇ، يۇرتىغا قايتتى»، «چەكسىز خۇشاللىق» (ت. شاۋۇدۇن)، «بەخت ناخشىسى»، «ياشلىقىم سەندە
قالسا ئىدى ۋەتەن»، «گۈلگۈن دالىلار»، «مېنىڭ قەلبىم دالىلاردا» (ئى. ئەخمىدى)، «ئەخمەتجان
ئېيتقان ھېكايە»، «ئالبوم» (ئا. ئابدۇللا)، «تاشچى»، «مېھرىبانىنىڭ ھېكايىسى»، «شېھىت-
لەر مەقبەرىسى» (ئا. سۇلايمان)، «يايلاق ئوغلى»، «تىيانشان كۆلكىسى»، «ياشلىق ناخشىسى»
(ق. سوپى)، «بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن»، «بەختى دېھقان — بەختلىك دېھقان»، «تاك شە-
جەرىسى» (ر. سايىت)، «نوزۇگۇم» (ت. روزى)، «يۇرت ئوغلى» (ئا. مەخسۇت)، «كاككۇك-
نىڭ رىۋايىتى» (ي. ئىسلام)، «بىر مۇھەببەتنىڭ تارىخى» (ۋ. غوپۇر)، «يەتتە بوۋاي
ھېكايىسى» (م. مەھەممەت)، «ئانا» (ي. زىلال) قاتارلىق نۇرغۇن داستان جامائەتچىلىك
بىلەن يۈز كۆرۈشتى، باللادىلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولدى. باللادا، داستانلارنىڭ
سانىلا كۆپ بولۇپ قالماي، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن يېزىلغان باللادا،
داستانلارغا قارىغاندا ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق ۋە بەدىئىي سەۋىيە جەھەتتە خېلىلا يۇقىرى بولدى.
داستان بىر مىللەت شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم
ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتتە تۇتقان ئورنى زور. شۇڭا شېئىرىي ئىجادىيەتتە
بىرقەدەر پىشقان شائىرلار ھامان ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى سۈپىتىدە، رېئال
ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن تاللىۋالغان تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ماھىيەتلىك ۋەقەلىكلەرنى يۈك-
سەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، يارامىلىق داستانلارنى ئىجاد قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە شۇنداق
ئىنتىلىشنى شەرەپلىك بۇرچ ھېسابلايدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، بىزنىڭ
شائىرلىرىمىز بۇ شەرەپلىك بۇرچنى يەكدىللىك بىلەن ئادا قىلدى.

بەشىنچى، ئەدەبىيات قوشۇنىمىزغا زور بىر تۈركۈم يېڭى تالانت ئىگىلىرى قوشۇلۇپ،
قوشۇنىمىزغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، ئۇنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، شېئىر ئىجادىيىتى-
مىزنى ئىلگىرى سۈردى، شېئىرىيەت ساھەسىدە بۇنداق ئۈمىدلىك ياش شائىر، ھەۋەسكار-
لارنىڭ مەيدانغا كېلىشى كىشىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ. ئۇلار شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېڭى
تەرەققىياتى ۋە ئىستىقبالىدىن بىزنى كۈچلۈك ئۈمىدلەندۈرىدۇ. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى،
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەلەپچانلىقى ۋە يېڭىچە ئىزدىنىش روھى بىلەن شېئىرىيىتىمىزدە

يېڭى پەللە يارىتىپ، ئۇنى بالداقمۇ - بالداق يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئابدۇللا ساۋۇت، دىلبەر قەييۇم، مۇختەر مەخسۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، باتۇر روزى، ئەركىن ئىبراھىم، ياسىن زىلال، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا، ئۆمەر مەھەممەتئىمىن، ئابابەكرى تۇيغۇن، ئابدىرېھىم مەھەممەت، ئىلغارجان سادىق، ئابدۇكېرىم ئوسمان، ئادىلجان تۇنىياز، تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم، مۇختەر سوپۇرگى، ئەركىن داۋۇت، تەلئەت قادىرى، تۇرسۇنجان ھاشىمى، پەرھات ئىلياس، مۇتەللىپ خۇرسەندى، كېرىمجان سۇلايمان، باھارگۈل مەمتىمىن، تۇراپ دايىم، مۇسا ئەھەد، ئابلىجان ھېيت، ئەسقەر ياسىن، تەلئەت قادىر، ئابابەكرى توختى قاتارلىق ياش شائىر ۋە شېئىر ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى كىتابخانلار قەلبىدە يېڭىچە زوق پەيدا قىلدى. بۇ ياشلارنىڭ شېئىرلىرى بىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى قوللىنىۋاتقان ئەنئەنىۋى شېئىرلىرىمىزدىن خېلىلا ئۆزگىچە. بۇنداق ئۆزگىچىلىك مەزمۇن جەھەتتىمۇ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، شەكىل جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شائىر — يېڭىلىق تەرەپدارى ۋە يېڭىلىق ياراتقۇچى، دەۋرنىڭ ۋىجدانى، خەلقنىڭ ئاۋازى ھەم كۆز - قۇلىقى. ئۇ، كىشىلەر قەلبىنى چۈشىنىشى، ئۇنىڭ يۈرىكى خەلقنىڭ يۈرىكى بىلەن ئوخشاش سوقۇشى، خەلققە ھامان يېڭى مەنىۋى ئوزۇق بېرىشى زۆرۈر. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىزنىڭ ياش شائىرلىرىمىز ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنى ياخشى ئادا قىلىشقا بەل باغلىغان. بىز ئۇلارنىڭ روھى ۋە جاسارىتىگە ئاپىرىن ئېيتىمىز!

ئالتىنچى، شېئىرىيىتىمىزدە شوئارۋازلىق، قېلىپبازلىق ئىللەتلىرى ئاساسەن تۈگىتىلىپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» تەك مەنزىرە بارلىققا كەلدى. مەيلى پېشقەدەم شائىرلار، ئوتتۇرا ياشلىق، ياش شائىرلار بولسۇن، مەيلى شېئىرىيەت سېپىگە يېڭىدىن قوشۇلغان ھەۋەسكارلار بولسۇن، ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى مەزمۇن، ئاندىن ئىپادىلەش ئۇسۇلى، شەكىللەر ئۈستىدە ئىزدەندى. شېئىرىيىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى ۋەزىنلەر — ئارۇز ۋەزىن، بارماق ۋەزىندىكى شېئىرلارنىڭ شەكىللىرىمۇ كۆپەيدى. چاچما شېئىرلارمۇ سۈپەت جەھەتتە خېلىلا ياخشىلاندى. خەنزۇ ۋە چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى بەزى شەكىللەرمۇ قوبۇل قىلىنىپ، بەزىلىرى سىناق تەرىقىسىدە خېلىلا ئۆزلىشىپ قالدى. ئادەتتە «گۇڭگا» دەپ ئاتىلىۋاتقان شېئىرلارمۇ شېئىرىيىتىمىزگە جۇشقۇنلۇق ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىزدىنىش جەريانىدا خېلى كۆپ ياخشى شېئىرلار مەيدانغا چىقتى. گېزىت - ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە شېئىرىي مەسىلەر، ھەجۋىيلەر، ساتىرالارمۇ خېلى كۆپەيدى.

ئەمما شېئىرىيىتىمىز دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىدىن تېخى تولۇق چىقىپ كەتكىنى يوق. بۇ جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىكرەك بىر مەسىلە شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى شېئىرلىرىمىزدا تۇرمۇش پۇرىقى، مىللىي ئالاھىدىلىك ئاجىزلاپ، ئوخشاشلىق كۆپىيىپ، بىر خىل تۇرغۇنلۇق شەكىللىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، ئەدەبىياتتىكى ھەرقانداق بىر يۇقىرى پەللە ھەم ئۆز مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇش، ھەم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە بولغان يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىي ئالاھىدىلىك ناھايىتى روشەن، ئۇلار مۇشۇ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى ساقلاش

ئاساسىدا رايون، دۆلەت، مىللەت دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ كۆپ كىتابخانىلار-نىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. مۇنداق بىر يۈكسەك نىشانغا يېتىش يازغۇچى-شائىرلىرىمىز-دىن تۇرمۇش نەزەرىسىنىڭ تېخىمۇ كەڭ بولۇشىنى، بەدىئىي جەھەتتە تېخىمۇ يۇقىرىغا ئىنتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئەسەرلىرىمىزنى مەملىكەت ۋە دۇنيا سەھنىسىگە چىقىرىش، ئۇلارنى ئۆلمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بىزنىڭ شائىرلىرىمىز نەتىجىلەر بىلەن قانائەتلىنىپ قالماسلىقى، ھامان ئالغا، يۇقىرى پەللىگە ئىنتىلىشى لازىم. خەلق بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزدىن ئىلھام ۋە زوق ئېلىشنى كۈتىدۇ. بىز خەلققە شېئىر ئارقىلىق ئىلھام ۋە زوق بېرەلمىسەك، خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىمىز.

يەنە بىر گەۋدىلىك مەسىلە شېئىر ئىجادىيىتىمىزدە تېما كەڭ بولماسلىق مەسىلىسىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىجادىيەت تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدۇ. تۇرمۇش بولسا چەكسىز كەڭ ۋە رەڭدار. بىز شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزدە تۇرمۇشنى قانچە كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرسەك، شېئىرىيىتىمىز تېما جەھەتتىن شۇنچە كەڭلىككە، مەزمۇن جەھەتتىن شۇنچە چوڭقۇرلۇققا، ھېسسىيات جەھەتتىن شۇنچە چىنلىق ۋە يارقىنلىققا، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ۋە رەڭدارلىققا ھەمدە يېڭى بەدىئىي يۈكسەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە بېيىتىپ، دەۋرنىڭ ۋە خەلقنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە نۆۋەتتىكى رېئاللىقنى، خەلقىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلەردىكى جەڭگىۋار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە سەل قاراش خاھىشى باش كۆتۈرۈپ، شېئىرلاردا تۇرمۇشتىن يىراقلىشىش، تېما جەھەتتىن تار دائىرىگە كىرىۋېلىشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە تۇرمۇش پۇرىقى ئاجىز، دەۋر روھىدىن يىراقلاشقان، مۇقامى تۆۋەن، سۇس شېئىرلار كۆپىيىپ قالدى.

شېئىر دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، «تۇرمۇشنى نەي بولۇپ كۈيلىشى، بۇرغا بولۇپ تۇرمۇشقا تۇرتكە بولۇشى» لازىم. بىز شېئىرىيەت ئىجادىيىتىمىزدە ئاساسىي مۇقامنى پۇختا ئىگىلەپ، سوتسىيالىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى يېڭى تۇرمۇشىنى، يېپيېڭى مەنىۋى قىياپىتىنى، يېڭى شەيئىلەرنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە بارلىققا كەلگەن قەھرىمان شەخسلەرنى، بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۈيلىشىمىز ۋە ئۇنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بىز شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىمىز ھەم بۇرچىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلالايمىز.

بىزنى تۇرمۇش ئۆز قوينىغا چاقىرماقتا، دەۋر ۋە خەلقىمىز شېئىرىيىتىمىزنىڭ يېڭى پەللىسىنى يارىتىشقا ئۈندىمەكتە. بىز تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تۇرمۇشقا، رېئاللىققا يۈزلىنىپ، نەزەر دائىرىمىزنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىپ، دادىل ئىزدىنىدىغان، ئىجادچانلىق روھىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان بولساق، شېئىرىيىتىمىزدە چوقۇم يېڭى يۈكسەكلىك، يېڭى ئىستىقبال يارىتالايمىز.

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

## باشئەگىمدە ئوخچىغان كۈيلەر

### سەۋرگە سوئال

1

كىرگەن ئىدىڭ ئۆيۈمگە قاچان؟
توكۇر بولۇپ قالدى پۇتلىرىم ...
شۇنچە يىللار بوردىغىنىمغا
نېمە بەردىڭ سۆكۈتتىن بۆلەك؟

2

تېگىڭنى ئاختۇرسام
چۈۋۈلۈپ كەتتى قۇرت ئۇۋىسى ...
كىمگە بەردىڭ ئالتۇنلىرىڭنى؟

3

رۇدىپايلىقىڭدىن كەتتىم جاق تويۇپ،
يەرلىكىڭدە ياتمايسەن نىچۈن؟

### تەقدىر

ئېمىزگىمدىن سۈت ئاختۇرۇپ،
ئويناپ يۈرسەم ئېرىق بويىدا،
كۆلگىنىچە پىنسىڭلاپ،
تەگلەپ ماڭا بىر تال سۈت كەمپۈت،
ئۆتۈپ كەتتىڭ ئالدىمدىن ئاستا.
مەن ئەگەشتىم كۆزلىرىم ئويناپ،
ئېلىش ئۈچۈن قولۇڭدىكى كەمپۈتنى.
سەن يۈگۈردۈڭ قاراپ ـ قاراپ كەينىڭگە،
پىلتىڭلىدىم يىقىلىپ ـ قوپۇپ ...
ئىشتىنىمنىڭ پۇشقاقلىرىنى
بۇدۇشقاقلار ئالدى بۆلۈشۈپ.
ئاياغلىرىم ناھاللىرىدا
كاتاڭلارغا تۆلىدى بەدەل ...
يەتتىم ئاخىر كەينىڭدىن قوغلاپ،
غايىب قولۇڭدىن
كاپلا قىلىپ ئېلىۋالدىم كەمپۈتنى.
قوللىرىمغا چىققىنى، ئەپسۇس،
كەمپۈت ئەمەس،
بولدى كەمپۈت قەغىزى!؟ ...

### تەتۈر قىلىق

خىزىر
ئابى ھاياتقا قوشۇپ،
پەرىشتىگە بەرگەندە كومپاس؛
دوزاخنىڭ قازنىقىدا
كۆسۈرلىدىڭ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق
قۇلىقىغا شەيتاننىڭ ...

### كۆك كەپتەرگە

پەيغەمبەردىن چۈشكەندە ۋەھى،
يوق يۈزۈڭنى ئەيلەپ جايىناماز
چۈشلىرىڭدە قىلدىڭ ئىبادەت
تىلەپ خۇدادىن توپان بالاسى ...
ئالتۇن قۇياش

بۇلۇڭلاردا قىلغاندا سەيلى،
يۈرىكىڭنى ئېلىپ تەخسىگە،
ئايىغىغا يىقىلدىڭ تۈنىنىڭ.
ئۆچۈپ كەتتىڭ كۆزلەردىن شۇئان،
ئىسمىڭنىمۇ يۆتكەپ «گۇگۇم» غا ...

قولۇمدا جەننەتنىڭ بەزمە بىلەتى،
بارىمەن كۆزۈمگە تاڭلارنى جۇغلاپ.
ئۆلۈمىمىنىڭ تۇزانلىرىدا
سەن كولىغان گۆرنى تىندۇرۇپ ...

**ئىستەكلەر مەنزىلى**

ئاتىلغاندا تۈنجى داۋاندىن
كۆزلىرىمگە ئوت ياقتى ئۇپۇق.
كىرپىكىمدىن ئۇچقان قۇياشلار
يۈرىكنى ئۆكلىدى تۈنىنىڭ.
قاراڭغۇلۇق يىقىلدى ھەر تاڭ،
ئۆكۈرلەردە قالدۇرۇپ قۇسۇق ...

گۈلباھاردىن يىگىرمە بەشى
ۋۇجۇدۇمنى ئۆتتى پەپىلەپ،
ھەر بىرى ئۆز قەلىمى بىلەن
قارىچۇقىمغا تولدۇردى ئانكىت.
قەدىمىمدىن سوئال بەلگىسى
ئۈيۈپ قالدى يوللار كۆزىدە.
قىيام بولغان قىران ئىستەكلەر
پېشانەمدە كۆپەيتتى ئۈندەش ...

ھەر چامدىسام ئۇپۇقنى كۆزلەر،
يوللار شەيتان، يوللار خىزىر ھەم.
ھەر چامدىسام ئۇپۇقمۇ تەڭلا
ئارقىسىغا سىلجار بىر قەدەم.
يوللارغا ھامىلدار ھەر قىرى، ياش يول...
قىرىماس ئەبەدىي كىلاسسىك ئۇپۇق ...

**پەرىشتەم**

قۇياش تۇغدۇڭ كۆڭلۈمگە، قۇياش،
كىردى گۆرگە تەشۋىشىم تۈنى.
تىنىقلىرىڭ قاقاندا قانات،
ئۇچۇپ كەتتى غۇسسە تۈتۈنى.

باھار پۈركۈپ بىخلىدى قايتا،
جۇدۇنۇڭدا ئۈششىگەن خىيال.
كىرپىكىڭدە سەگىدى ئىشقىم،
مەي باغلىدى خام قالغان ۋىسال.

كۆرسەتمىدىم قوقاس باغرىمنى،
يۈرىكىڭگە يايمىدىم قەسەم.
چۆكۈپ كەتتىم كۆزۈڭگە تەنھا،
كۆيلىرىمنى يۇدۇپ، پەرىشتەم!

**تىنىغان بۇلاق**

بويلىرىدا شىبەھت بولغان قىياق، چىم،
تورغاي كۈيى بەرگىلەردە سۆكۈتتە.
لەۋ تامشىتىپ ھالسىز توقاي ياتار جىم،
ھەسرەت قاينار ئەگىۋاتقان بۆركۈتتە.

يان-يېنىدا ئوچاق، گۈلخان كېپەنسىز،
دېمەك، كارۋان بۇندا تالاي تۈنىگەن.
قاغجىرىغان جانلار چۆلدە زەمزەمسىز،
زەمزەملەرگە قېنىپ قايتا گۈللىگەن.

تىنىغان بۇلاق بوران قۇيغان ئويۇندا
شېغىل، قۇملار توشۇپ نۇرلۇق كۆزىگە.
دېڭىزلاردىن كەلگەن سارىڭ قۇيۇندا
رەسۋا توزان قونغان سۆزۈك يۈزىگە.

ئىزدەپ يۈرەر بۇلۇت كېزىپ سايمۇ-ساي،
كۆزلىرىدە سۆرىتى بار بۇلاقنىڭ.

يۈيۈنغىلى چۈشۈپ ھەر تۈن يۇلتۇز، ئاي،
چۆچىكىنى ئاڭلاپ قايتار شىۋاقىنىڭ.

بىر تەرەپتە تۇرار قۇمۇش ئىغاڭلاپ،
چۆل يالقۇنى ھالىنى ھېچ قويمىغان.
كۆمسە بوران شۇ بۇلاقنى،
ئالچاڭلاپ
توۋا،
قۇمۇش شۇ چاغ ئۇسسۇل ئوينىغان...

## دىلبەرگە سۆز

سېنى بىراۋ بەرمىگەن تاللاپ،
ئىچىم كۆيۈپ تاللىغان ئۆزۈم.
تەلمۈرۈشكەن كۆزلەرنى شاللاپ،
كۆزلىرىڭگە يېقىلغان كۆزۈم.

قىمىرلىغان قاشلار ئۇچۇقان،
يۈرىكىڭگە تامغاندا رىسقىم.
يات جىلۋىلەر ئەبەد تۇنجۇققان،
ھەج قىلغاندا قەلبىڭنى ئىشقىم.

بىلىكىمگە ئورنىغان مەڭدەك،
ئورناپ كەتكەن كۆڭلۈم كۆڭلۈڭگە.
ھەرنە ئىغۋا چەك باسمايدۇ، چەك،
بەيئەت قىلغان سۆيگۈم سۆيگۈڭگە.

ئىشكىنى ئاچماس دىلىمىز
دوقۇرسىمۇ ئېزىتقۇ ھەسرەت.
تۈز بولسىلا قەدەملىرىمىز
بەخت بىزنى پەپىلەر ئەبەت.

## مېنىڭ ئابىدەم

1

يونۇلغان تاش ئەمەس مېنىڭ ئابىدەم،
تاشلاندۇق يېزىلار سۇنغان بوراندا.
ئۇ ئەمەس ئاپتاپتا قېنى قاچقان ھەم
دۇنيادىن ئەسرلەپ ياتقان پىنھاندا.

ئۇ ئەمەس ئۇرۇشتا تۆتىگەن لەۋھە،
جازىسى كۆللەرنى ئاۋۇتۇپ بارغان.
ئۇ ئەمەس كەچمىشىم چۈشكەن ئىلاۋە
ۋە تارشا پۈتۈكلەر ھۆلدە تاتارغان.

ئۇ ئەمەس ھەسرەتتىن رەڭگى ئۆڭگەن تۇغ،
يۇلتۇزنى يا كۈننى كەشتىلەپ قويغان.
ئۇ ئەمەس گۈلخاندا نەپەس ئۆزگەن چوغ،
ئوچاقتا قوقاسنى دەستىلەپ قويغان.

2

ئۈمىدىم چاچرىدى نازۇك قەلبكە،
قوي كۆزلۈك بۇلاقتا كۆرەك قىلدى سىن.
روھىمدىن بىر ئۇچقۇن كۆرسەتتى جىلۋە،
تاڭ پەيتى چولپاننى ئىرغىتتى تەمكىن.

قۇياشقا چىلاشتى غېرىبسىنغان ھېس،
پۇرلاشقان خىيالىم ئۈستىدە دەزمال.
ئۆتمۈشۈم يېڭى بىر ئۆتمۈشكە ھېرىس،
ئىزىمدىن تاپ بېسىپ دەس تۇردى نىھال.

كۈيلىرىم ياسىغان ئالتۇن قوڭغۇراق،
پەرشتە نەپەستە كەتتى جىرىڭشىپ.
چارچىغان ئارمىنىم تاپقاندا بۇلاق،
شەيتان كۆز سەراپلار يىقىلدى لىڭشىپ...

چاك كەتكەن غولۇمدىن نوتىلىغان روھ،
مەن كۆرمەس ئۆندەشنى سەزگۈچى كۆز ھەم.
تۇرقىدىن بورانلار، كېچىلەر مەجرۇھ...
كەلگۈسى ئارخېئولوگ تۇزسۇن سەمىگدە،
قېدىرما،
ئەشۇدۇر مېنىڭ ئابىدەم!

كېرىمجان سۇلايمان

# ئىرىك ناخشىلار

## ئانامغا مەكتۇپ

سېنىڭ بەرگەن ياشلىقىڭ نىگاھىمدا چاقنايدۇ،
خىياللىرىم ۋە لېكىن شۇنچە گۆدەك ھەم سەبىي.
ئاق سۇتۇڭنىڭ ھەققىگە يازالمسام كۈي - قوشاق،
شائىرلىقىم ئۇنتۇلسۇن دىلدىن غايىب چۈش كەبى.

قارلىغىچىڭ ئىدىم مەن ئۇۋا قىلغان باغرىڭنى،
ئۇخلىمايتتىڭ دان بېرىپ ماڭا شامۇ - سەھەردە.
ھايال ئۆتمەي ئۇچۇرما بولغان چاغدا قاناتىم،
ئۇچۇپ كەتتىم كۈي - كۈيلەپ سەندىن يىراق شەھەرگە.

دۇئا بېرىپ ئانىجان ئۇزاتقىنىڭ قىيالماي
ئەسلىمەمدە لەپىلدەر گويا تۇغدەك ھەر ئەسنا.
جۇدالىقتا كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى ئاشۇ چاغ
ياق، سەن ئەمەس، سەن ئەمەس، خۇددى ئۇنسىز بىر دەريا.

شۇندىن بۇيان نىسىۋە ئىزدەپ گۈلگۈن ھاياتتىن،
يۈرەكلەردىن يۈرەككە تۇتاشتۇردۇم يولۇمنى.
پەرلىرىمنى تۇزۇتسا چۈشكۈنلۈكنىڭ قايچىسى،
بىر ساڭىلا تارتىشىپ يېڭىپ كەلدىم ئۆلۈمنى.

قىشنىڭ ئۇزاق تۈنلىرى بۇزۇلغاندا چۈشلىرىڭ،
تاڭلا كېزىپ يۈرگەنسەن قار قاپلىغان دالامنى؟
بالىلىقىم ھەققىدە چۆچەك سۆزلەپ بەرگەندۇ،
قىروۋ قونغان يۈلغۇنلار،
سۆرەپ يۈرسەڭ چانامنى؟

سەندىن ھۆركۈپ قاچقاندا سۆك تۇۋىدىن بوز توشقان،
مېنى ئەسلەپ جان ئانا يۈرەك - باغرىڭ ئاغدىمۇ؟
تاپقىنىڭدا توغراقتا ئۇيۇپ قويغان ئىسمىمنى،
بارماقلىرىڭ ئۈستىگە ئىسسىق يېشىڭ تامدىمۇ؟

چاقىرغانسەن ئېھتىمال ئاۋازىڭنىڭ بارىچە،
مېنى يۇتۇپ كەتكەندەك شۇ قاراڭغۇ ئورمانلىق؟
مەن بۇ يەردە يېگانە، غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپ،
تېۋىنىمەن تەڭرىگە، تىلەپ ساڭا ئامانلىق.

ساداقەت كۆيى

1

باغرىڭدا مەن شۇنچە خاتىرجەم، تېمەن،
تۇرسەن دۇنيادىن يوشۇرۇپ مېنى.
كۆڭۈلسىز بوراننىڭ تەشۋىشى بىلەن،
ئۇنتۇيمەن قەھرىتان قىشنىڭ غېمىنى.
چۆكتۈرسەڭ كۆزۈڭگە قانچىكى تىرەن،
سۆيمەن باھاردەك ئۆكسۈپ ۋە ئۆكسۈپ
يۇياي دەپ قەلبىڭدىن ھىجران دېغىنى.

2

رەشكتە سەن مېنى ئويلامسەن ئاسىي،
نېمشقا كۆزۈڭدە لەيلەيدۇ مانان؟
بىلمەيمەن سەن دېگەن پەرىزات قايسى،
ئۇ قەدەم باسالماس قەلبىمگە ھامان.
قىلمايمەن ئۆلسەممۇ ئىشەنچ دەۋاسى،
پاكلىقىم پەقەتلا ئۆزۈمگە ئايان،
لېۋىمدىن بالقىغان سۆيگۈ قۇياشى،
سېنىڭلا لېۋىڭنى ئەيلىگەن ماكان.

3

مۇڭلانما، جىسمىمنى ئىللىق ئانا يەر،
ئاھ، تارتىپ ئالسىمۇ ئىلكىڭدىن ناۋان.

يەنىلا روھىمنى قالدۇرۇپ كېتەر،
ياش تۆكمە ھەسرەتتە بولۇپ ناتىۋان،
خىيالى قۇشلىرىڭ قاققان چاغدا پەر،
بەختىيار ھالەتتە بولاي نامايان.
ئازابلىق تۇرقۇمنى ئەسلىمە دىلبەر،
ئۆچمسۇن شاد كۈلكەڭ لېۋىڭدىن ھامان!

مۇجەسسەم باغرىڭدا گويا مىڭ باھار

مۇجەسسەم باغرىڭدا گويا مىڭ باھار،
ھەممىسى تەئەللۇق ماڭىلا ئەبەت.
قانداقچە ئەركىلەپ، تېۋىنسام بولار،
ئۇن - تىنسىز تۇرۇشنى بىلمەيتتىم پەقەت.

ئىشەنسەڭ شۇ تاپتا يوقتۇر جاھاندا،
سەندىنمۇ ئەڭ يېقىن، مېھرىبان كىشىم.
لەۋ يېقىپ تۇرساممۇ شۇڭا ئارماندا،
تاراملاپ تۆكۈلەر مەڭزىڭگە يېشىم.

تەسەللى بەرمىگىن يۈزۈمنى سىلاپ،
«مەڭگۈ» دەپ ساداقەت بىلدۈرمىگىن ھەم.
تىڭشىغىن سەن بۇدەم يۈرەك سۆزۈمنى،
بىر نەپەس باش قويۇپ كۆكسۈمگە ئەركەم...

ھاتۇر روزى

غەزەللەر

1

مېنى كولدۇرلىتىپ دەسلەپ ئۆزۈڭ شەيتانغا ساتقانسەن،
شۇئان كۆكسۈمگە قىيماي ئوق قىلىپ ئىشقىڭنى ئاتقانسەن.
مېنى ئازدۇردى، دەپ ئاتسام ئەگەر شەيتانغا بىر پەشۋا،

ماڭا قۇدرەتنى كەم قىلدىڭ، ھامان پەنجىمگە قاپقانسەن،
ئەجەب ساتتى مېنى، دەپ گەر سېنى قىلماقچى مەن رەسۋا،
سېنى تەڭرى ياراتتىم ھەم مېنى ئىنسان ياراتقانسەن.
غۇرۇر تاغىدا سەن بىرلە تالاشسام گەر مەقامداشلىق،
بۇ بىر ھېكمەت: مېنى باشتا بالا نەپسىمگە چاتقانسەن.
ئۆزۈم كىم، دەپ سوئال قويسام، سوئال ئەپقاچتى بارىمنى،
نىچۈن بەندەڭنى خار ئەيلەپ سوئاللارغا بۇلاتقانسەن؟
ئۆزۈم يىتكەن تۇرۇپ ئەمدى سېنى قانداق تاپاي تەڭرىم،
ئۆزۈڭنى بەندىسىز ئەيلەپ ئەنە شۇنداق يوقاتقانسەن.

2

ئانامدىن بىر تۇغۇلدۇم، تەڭرىدىن مىڭ رەت تۇغۇلماق بار،
زاكامغا بىر بوغۇلدۇم، مىڭ سوئاللارغا بوغۇلماق بار.
ئۆزۈمنىڭ يوقلىقىن بار ئەيلەمەكتۇر بىر ئۆمۈر مەقسەت،
ھاياتىمەنكىم بۇ سەۋدادىن ماڭا قاي دەم قۇتۇلماق بار؟
بۇ سەۋدادىن قۇتۇلسام ئۆزگە بىر سەۋدا مېنى تۇتقاي
مەسەل بار: «قاچسا يولۋاس بۆرىگە تەكرار تۇتۇلماق بار».
ماڭا يول - يولدا قاپقان بار، ھامانە قاچقىنىم قاچقان،
بۇ تاغدىن ئاتلىسام گەر ئۆزگە بىر تاغقا سوقۇلماق بار.
ئۆزۈمنىڭ بارلىقىمنى گەر ئىجاد ئەتسەممۇ توختاۋسىز،
رەھىمسىز شۇ ئەجەلنىڭ قارچۇغاسىغا چوقۇلماق بار.

3

تۇغۇم بىرلە ئۆلۈم جۈپ ئۇۋچى بىزنى خامتالاش ئەتكەي،
تۇغۇم تۇرمۇشنى ئەيلەپ بىر قازان بىزلەرنى ئاش ئەتكەي.
ئۆلۈم مىڭ قەبرىنى باشلاپ مېنى قورشايدۇ ھەريانىدىن،
تۇغۇم يەڭمەككە قورشاۋنى سېنى مىڭ پارچە تاش ئەتكەي.
ئۆلۈم بولسا بۇلۇت، بىزدىن تۇغۇم دەرھال ياسار چاقماق،
ئۆلۈم زۇلمەت بولۇپ كەلسە تۇغۇم بىزنى قۇياش ئەتكەي.
ئۆلۈم تولدۇرسا نەپرەتكە كۆڭۈلنىڭ بەزمىگاھىنى،
تۇغۇم ساھىبجامال يوقلاپ سۆيۈمگە ئايرىباش ئەتكەي.
ئۆلۈم قۇتراپ ھاياتقا بىمەھەل سوزغاندا چاڭگالنى،
تۇغۇم بىزگە ئىرادە بەخش ئېتىپ ياۋنى ياۋاش ئەتكەي.

ئۆلۈم — نەققاش، چېكەردە نەقىشنى گۈلبەرگى ماڭلايغا،
تۇغۇم نەققاشقا بىر پەشۋا ئۇرۇپ بىزلەرنى ياش ئەتكەي.
ئۆلۈم رەڭۋاز سۈپەت نەيرەڭ بىلەن غەپلەتتە قالدۇرسا،
تۇغۇم باشقا ئۇرۇپ تاك ـ تاك ئۆلۈم سېھرىنى پاش ئەتكەي.
ھامان جۈپ ئۈۋچىنىڭ جەڭگاھىدا ئۈۋدەك بېھرەرمىز جان،
بۇ تەننى قەبرىلەر يۇتقاي، زېمىن بىزنى ھاپاش ئەتكەي.

4

ماڭا ئادەملىكىم لازىم ئەگەر شەيتان ياساپ قويساڭ،
ماڭا تۇپراقلىق ئەۋزەلدۇر، مېنى ئاسمان ياساپ قويساڭ.
مەقامىڭدىن كېچىپ بەرمەيلا قوي مىڭ ـ مىڭ خۇدالىقنى،
ماڭا ئىنسانلىقىم شەرۋەت سۇنار، ئىنسان ياساپ قويساڭ.
پەرىشتەڭ كەلسە تىغ تارتىپ سۈپەتىنى ئايرىباشلاشقا،
تاۋاپكارمەن ساڭا، پەيلىمدە بىر ئىسيان ياساپ قويساڭ.
تېنىم ھەم بولمىسۇن ھېچ ئۆزگىلەر جانىغا غەمخانە،
ئۆلەردە ئۈستىخانىمدىن ئاڭا قاپقان ياساپ قويساڭ،
ماڭا مەن، ساڭا سەن تەڭرى، «ماڭا سەن»، «سەن ماڭا» يوق گەپ!
ساراي بولساڭ بولىۋەرگىن، مېنى ۋەيران ياساپ قويساڭ.
ئۆزۈمنىڭ ئىشقى بىر جەننەت، سېنىڭ جەننەتلىرىڭ يالغان،
ئۆزۈمگە بىر ئۆزۈم دوزاخ، ماڭا ۋىجدان ياساپ قويساڭ.
ياسالماي قوي، ئۆزۈڭدىن بىر ئۆزۈك، باتۇر، يارالغايسەن،
سېنى تەڭرى ياساپ سالماس، ئۇنى ئوبدان ياساپ قويساڭ.

5

تەڭرى بولساڭ سەن بولىۋەر، مەن يەنە شەيتان بولاي،
ئۇرغىغان شەيتان تومۇرى ئىچرە تامچە قان بولاي.
دەر ئىدىم ئەسلىدە ئادەملىك سۈپەت بولغاچ نېسىپ،
تەڭرى ۋە شەيتان ئارا تارتىلغۇچى ئارقان بولاي.
بەندىلىكنى تەڭرى مەجبۇرلاپ ماڭا قىلغان خاتا،
بەندىلىك قىلماق بىلەن مەن قاي سۈپەت ئىنسان بولاي؟
تەڭرىگە قۇل بولغىچە ئول جەننەتۇلرىزۋان ئارا،
تەڭرىگە شەيتان بولۇپ دوزاختا سەرگەردان بولاي.
ئەي جامائەت، تا ئەبەد ھۆكمىڭگە قىلماسمەن ئەمەل،
تەڭرىگە قۇل بول بۇ بارچە، مەن ئاڭا سۇلتان بولاي!

6

مېنىڭدىن بەزدى شەيتان، ياندۇرۇپ تەڭرىگە ساتقايمۇ،
ئوتى دوزاختا ئۆرتەپ ياكى دۇنيادىن يوقاتقايمۇ؟
سېتىلسام تەڭرىگە مىڭ يالۋۇرۇپ بولماقچىمەن ساقى،
ئۇزاتسام گەر شارابتىن بىر قەدەھ، تەڭرىم ياراتقايمۇ؟
مەگەر تەڭرىم شارابنىڭ كەيپىنى بىر رەت سۇرۇپ قالسا،
يەنە مىڭ رەت سۇرەرگە ئەرشتە مەيخانە ياساتقايمۇ؟
ئاياندۇر ھەممىگە: ياقماس شاراب يالغۇز ئىچەرمەنگە،
مېنى ئۆلپەت كۆرۈپ ئۆز يانىغا تەڭرىم يولاتقايمۇ؟
شۇدەم بۇ تەڭرىنىڭ رەسۋالىغىن كۆرگەن مەلائىكلار
ئىلاھ رەسمىنى تەرك ئەيلەپ، بۈيۈك ئەركىنى تاپقايمۇ؟
ۋەيا ئول تەڭرىنىڭ مەيخورلۇقىغا مەھلىيا بولغاچ،
بولۇپ مەيخانىگە جەم، تەڭرىگە ئىشقىن پۇراتقايمۇ؟
كۆيۈك دەردىدە يىغلاپ گەر ئۇلار ياشىدا مەي سۇنسا،
ئېرىپ تەڭرىم ئۇلارنىڭ رىشتىگە رىشتىنى چاتقايمۇ؟
مەلائىك نازى تەڭرىم جىسمىدە قوزغاتسا شەھۋەتنى،
ئېۋەنسىز تەڭرى ئاخىر بۇ گۇناھلار ئىچرە پاتقايمۇ؟
پەرى، مەي، بەزمىدىن شىركەيىپ بولۇپ غالجىرلىغان تەڭرىم
زېمىننى بىر تېپىپ داڭگال سىياقى دومىلاتقايمۇ؟
زېمىن بىر ئىزدىلا ئوق چۆگىلەۋەردىكى، تويدۇم جاق!
شۇدەم مەستلىكتە تەڭرىم يەرنى تەتۈر پىرقىراتقايمۇ؟
يېڭى توپان بىلەن ياكى جىمى بارلىقنى غەرق ئەيلەپ،
بۈيۈك شەھۋەت بىلەن يەرگە يېڭى ئىنسان تاراتقايمۇ؟

7

ئىلاھ رەسمىگە تولغاپ بويىنىنى بەزگەچ ئىنتائەتتىن،
ئاتام ئادەم، ھاۋا ھەم بىر زامان قوغلاندى جەننەتتىن.
ئۇلارنىڭ روھىدا ئەرك تۇيغۇسى تۇغيان ياساپ دەھشەت،
بىزار قىلدى مىزانلار قورشىغان جەننەتچە راھەتتىن.
ئىلاھ رەسمى بىلەن بولمىش مەئىشەتلەر بېرەلمەي زوق،
جۇدا قىلدى پەرىلەر نازىدىن — سېھرىي نازاكەتتىن.
پايانسىز بۇ زېمىن ئاخىر ئاڭا بەخش ئەتتى ئەركىنلىك،
ساناقسىز كەشپىيات روي بەردىلەر سۇرگۇن ۋە ئاپەتتىن.
ئۇلار ئەرك ئىچرە ئادەمدەك سۆيۈشتى بۇ زېمىن ئۆزرە،
تارالدى يەرگە ئىنسانلار مۇقەددەس ئول مۇھەببەتتىن.
ئېرۇر ئادەمگە خاس تەرك ئەيلىمەك، بۇزماق، ئىجاد ئەتمەك،

جاھان ئاپەتكە يۈزلەنگەي مالايلارچە قىياپەتتىن.
ئۆزۈڭنىڭ بارلىقىن — ئادەملىكىن قىلغىن ئىجاد باتۇر،
ئۈمىد كۈتمە ئىلاھ بەرمىش نىسى سانسىز شاپائەتتىن.

8

ماڭا تەستۇر ئاۋازىمنى خالايىقلارغا ئاڭلاتماق،
ئەمەس مۇمكىن ئۇلارنىڭ دىل راۋابىنى جاراڭلاتماق.
ئۆزۈمنىڭ ناتىۋان كۆڭلۈمنى بەزلەش مۇددىئايىمدۇر،
ئەمەستۇر مەقسىتىم ئەشئارلىرىمنى ئەلگە داڭلاتماق.
بۇ نەزمەم ئەركە، ئەلنىڭ ئىشتىھاسىنى پىسەند ئەتمەس،
ئەمەس بۇرچى كىتابخان جەلپ ئېتەرگە قول پۇلاڭلاتماق.
مېنىڭ خاس ئالىمىم تەسۋىرىگە يەتمەس تېخى نەزمەم،
نومۇستۇر ئۆزگىلەرنىڭ بەزمىگە ھەم داپ داراڭلاتماق.
مېنىڭ خاس ئاسمىنىمدا ئۇچقۇچى ئازادە بىر قۇش ئۇ،
ئېرۇر قەستى سامايىمدىن غەلەت قۇشنى شالاڭلاتماق.
ئۇ بىر تال بۇ يۈرەكنىڭ قات - قېتىدا يىلتىزى قالغان،
ئېرۇر ئەجرىمگە شەرتىم: ئۇنى ھويلامدا باراڭلاتماق.
ئۆزۈڭنىڭ باغرىنى تۆكمەككە بولسۇن خەزىنە بۇ ئەشئار،
ئەمەس خوپ ئۆزگىلەر شاخى بىلەن شاخىڭنى چاڭلاتماق.

9

ماڭا گۈل سۈرىتىڭ ئالدىدا لال بولماق ئېرۇر پەرھىز،
ئوتتۇڭدا ئۆرتىنىپ قىلدەك ئۇۋال بولماق ئېرۇر پەرھىز.
ساڭا پەرھىزىمكىن ئالەم ئارا سالماق تۈمەن غوۋغا،
ماڭا ئەسلەپ سېنى ھەردەم خىيال بولماق ئېرۇر پەرھىز.
مەگەر گۈللەر ئارا مۆكسەڭ مېنى قىلماققا سەرگەردان،
سېنى سۆيمەكنى قەست ئەيلەپ شامال بولماق ئېرۇر پەرھىز.
ئەزىم دەريا بولۇپ ئاقساڭ ئەجەب ئەركە، ئەجەب ئويناق،
شۇ كۆكسۈڭ دولقۇنى ئۈستىدە سال بولماق ئېرۇر پەرھىز.
ماڭا بىر رەت كەرەم ئەيلەپ ئۆتتۈپ قالساڭ بۇ كوچامدىن،
ئېگىپ قەددىم تاۋاپ ئەيلەرگە تال بولماق ئېرۇر پەرھىز.
مەگەر ئاسماندا بولساڭ دىلبىرىم، باغرىڭنى قۇچماققا
سامانى چىرمىغان بەلباغچە ئال① بولماق ئېرۇر پەرھىز.
بۇ دۇنيادا ساڭا باتۇر بۇنىڭدىن ئۆزگە پەرھىز يوق،
ئاداققى بەندەئى ساھىبجامال بولماق ئېرۇر پەرھىز.

① ئال — ھەسەن - ھۈسەن.

**10**

تەبەسسۇم ئىچرە مەگزىنىڭ گۈل زىنناقلاردىن ياسار قايىنام،
چۆكۈپ بىر مىڭ ئۆلەي، ئەل يىغلىماي قىلسۇن ماڭا بايرام.
مەگەر ئەۋجىدە بايرامنىڭ تىرىلمەك ئىستىسەم، دىلبەر،
شۇ قايىنام تامچىسىنى مەي قىلىپ سۇنساڭلا بولغاي جام.
بىراق بۇ جام بىلەن ھېچ چۆلسىمان تەشنالىقىم قانماس،
چۇشۇمدە لەۋلىرىڭ بولمىش قەدەھ شۇ مەيگە ھەر ئاخشام.
چۇشۇمدە مەست بولۇپ قايناملىرىڭ تەكتىدە ياتمىشمەن،
كۆزۈڭ شۇڭغۇپ كېلىپ ئوتقاش مىسال جىسمىمدە ياقمىش شام.
ئېرىپ تەن ئەكسىدەك ئاينىڭ چىقارمىش سەتھى قايىنامغا،
ئېقىپ ئۆتكەچ ئۇ كۆكسۈڭ دولقۇنىغا بوپ قالارمىش رام.
بۇ قەددىڭ دەل سامادىن تىك تۆكۈلگەن بىر ئەزىم دەريا،
نە بولغاي بىر ئىچىپ قانسام، نە بولغاي بىر ئېقىپ تالسام؟
مەگەر كىم يۇتسىمۇ قايناملىرىڭ باتۇرنى مىڭ يالماپ،
دېگەي ھەتتاكى: كۆكسۈڭ دولقۇنى ئەۋجىدە چايقالسام!

ئادىلجان تۇنىياز

## سۆيگۈ كۈيلىرى

سۆيۈپ قاالسام سېنى ناۋادا

قۇياش ماڭا كۆتۈرەرمۇ تىغ
سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا.
سەن ھەققىدە بېرەرمۇ سۆزلەپ
پورەكلىگەن گۈللەر باھاردا.

سۇ ئالغىلى چىقساڭ بۇلاققا،
يۇتۇۋالماق بولارمۇ بېلىق.
كۆرۈپ قالسا سېنى ئاھۇلار،
جان بېرەرمۇ تارتمايلا تىنىق.

زىنناقلىرىڭ ئېچىلسا گۈل ـ گۈل،
كۆمۈلەرمۇ گۈللەرگە ئالەم.
چاچلىرىڭنى ياياسىڭ دېگىنزدەك،
تاڭ ئاتارمۇ بۇندا ئەي لالەم.

چۈشلىرىمگە سىغماي كۆزلىرىڭ،
چۆكتۈرەرمۇ تاشقىنلاپ مېنى.
تۇخۇم باسقاچ يەپ كېتەرمۇ ئاي،
كۆزلىرىڭنىڭ قات ـ قات ئېقىنى.

كۆيلەشمەكتە تىنىق يۇلتۇزلار
ئاي بىلەن كۈن سۆيۈشكەن چېغى.
بارمىقىڭنى ئۇيناپ ئولتۇرۇپ،
مۇڭداشمىدىم قانغۇدەك تېخى.

قۇياش ماڭا كۆتۈرەرمۇ تىغ،
سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا.
سورىسام مەن ئىسمىڭنى چوقۇم،
ئاسمان-زېمىن بەرگۈسى سادا!

## مىسكىن قۇش

بوشلۇق ئارا سىلكىنەر بىر قۇش،
چۈشەر تۇزۇپ ماموق پەيلىرى.
ئاپئاق ئورمان ئاستىدا ئۇخلار
يولۇچىنىڭ چالغان نەيلىرى.

مۇز تېيىلىپ ئويىنار دەريادا
ساقاللىرى ئاقارغان بالا.
ئۇ يوقالدى كۆرۈنۈپ غىل-پال
ياۋا غازنىڭ چۈشلىرى ئارا.

كەچمىشىدە چۈشەر مىسكىن قۇش،
يېشىل چىمەن تولغان باھارنى.
چۈشەر جىمجىت ئۆلگەن كۈن بىلەن
كېپەندەك سوغ چەكسىز ئاق قارنى.

## ئادەم

(1)

رومكىدا بار ئادەم دېگەن خەت،
شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەيمەن ئاڭا.
چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت پەقەت
سىرلىرىنى يوشۇرسۇن ماڭا.

(2)

يېقىپ قويۇپ قۇياشنى كېچە،
ئاينى كۆرەي تۇغما ھالەتتە.
ئۇچۇپ چۈشۈپ پەسكە كۆك ئاسمان،
زېمىن بىلەن ئۈزسۈن جۈپلىشىپ.

قەد كۆتۈرگەن دېڭىزلار بىلەن
كەتسۇن تاغلار يېڭى ئارالغا.
مىليون يىللىق تارىخى ئۈچۈن
ھېچبىر ئىنسان بولمىسۇن ئۇندا.

## ئوۋچى

ھاسىسىنى توكۇلداتقانچە،
كېتىپ بارار موكچەيگەن بىر يول.
بۈگۈن دېگەن مۇزلۇق ئورماندىن
قۇياشسىمان ئەتىگە ئۇدۇل.

جۇۋىسىنى قاقىدۇ ئوۋچى
قوللىرىنى ھوداپ كۆمۈش رەڭ.
چاتقاللىقتا تۇرسا ئاقىرىپ،
دۆگلەك ئاينى غاز تۇخۇمى دەپ.
سېلىۋالدى سالۋا تەلپەككە،
ئاچقان ئىدى ئۆيگە ئاپىرىپ.
ئالا-چەكمەن بولۇپ كۆزلىرى،
ئۇچۇپ كەتتى تۆگلۈكتىن شۇئان،
بىر راكىتا پۇررىدە قىلىپ.

ئۇپۇق
ۋارىقىدۇر تارىخنىڭ گويا،
مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدۇ قانلار.

چاقماق
قەدىمي كولدۇرما بولۇپ،
چۈشلىرىمنى قىلار مەسخىرە.
ھاقارەتلىك كەلگۈسۈم ئۈچۈن
سىزماقتىمەن يېڭى مەنزىرە.

قار ئاستىدا ياتىدۇ جىمجىت،
ئىسكىلىتقا ئايلانغان قۇياش.
ئۈۋلاش ئۈچۈن يېڭى بىر ئۆلۈم،
ئەلمىساقتىن باشلانغان دۇنيا،
ئۇپۇقلاردىن كۆتۈرمەكتە باش.

ھەسەنجان بارات

## سەھرا ناخشىلىرى

### سەھرا ئوغلىمەن

سەھرا ئوغلىمەن سەھرادا ئۆسكەن،
سەھرادا كىندىكىم قېنى تۆكۈلگەن.
سەھرادا ئەقلىمنى تاپقان ئىدىمەن،
سەھرادا دىلىمغا ئارزۇ پۈكۈلگەن.

مەن سەھرا ئوغلىمەن سەھرا دىياردىم،
سەھرانىڭ خۇش ھىدى سىڭگەن تېنىمگە.
ۋۇجۇدۇم سەھرادىن كۈچ - قۇۋۋەت ئالغان،
سەھراغا مۇھەببەت چوڭقۇر قېنىمدا.

مەن سەھرا ئوغلىمەن، سەھرانى سۆيگەن،
بىر ئۆمۈر سەھرادا ياشىسام دەيمەن.
سەھرانىڭ كەڭ - سالا ئېتىزلىرىغا
ئەجرىمنى بىر ئۆمۈر ئاتىسام دەيمەن.

### گۈزەل ئەتىلەر

ئەتىلەر، ئەتىلەر گۈزەل ئەتىلەر،
سىلەرگە باغلانغان ئۈمىدىم پەقەت.
سىلەرگە باغلانغان يۈرىكىم رىشتى،
سىلەرگە تەلپۈنەر يۈرىكىم ئەبەت.

ئەتىلەر ئۈمىدىم سىلەردە ئايان،
كۈتىمەن سىلەردىن ئىقبال، بەختىمنى.
سىلەرگە سىرىمنى قىلىمەن بايان،
تولدۇرۇپ لەززەتكە يۈرەك قېتىمنى.

ئەتىلەر سىلەرگە تەشنادۇر قەلبىم،
سىلەرگە ئىنتىلىپ ياشاۋاتىمەن.
ھەقىقىي بەختكە يار بولماق ئۈچۈن،
بارىمنى سىلەرگە ئاتاۋاتىمەن.

### گۈگۈم

قۇياشمۇ ئولتۇرغان غەربكە تامام،
گۈگۈمنى يېپىنىپ ياتىدۇ زېمىن.
چوققىلار زاۋالدا ئۇخلايدۇ تىنىچ،
بەزىبىر تاغلارنى كۆرمەكمۇ قىيىن.

ئاي ئاستا سىلجىيدۇ بۇلۇت قوينىدا،
يۇلتۇزلار كۆرۈنمەس بۇلۇتتىن ئۆتۈپ.
چۇقان ھەم سۈرەنلەر ئازىيىپ بارار
تۈن قوينى سادانى كەتكەچكە يۇتۇپ...

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

# ئىككى شېئىر

## سىڭىپ كەتتى شەبنەم بۇلاقتا

ئۇيۇق تەڭلەپ لالە رەڭلىك مەي،
سۇبھىي ياتار شېرىن چۈش كۆرۈپ.
قويۇق ئورمان چېتىدە بۇلاق
شۇرلايدۇ قىرغاقنى سۆيۈپ.

شۇرلايدۇ قىرغاقنى سۆيۈپ،
ئاڭا تەڭكەش زىبا مەجنۇن تال.
ياپراقتىكى سۈپسۈزۈك شەبنەم
سىرغىپ چۈشتى بۇلاقتا ئۆز ھال.

سىڭىپ كەتتى شەبنەم بۇلاقتا،
چىرماشقاندەك ئاشىقلار مەھكەم.
ئېقىپ كەتتى ئۇلار يىراقتا،
تەڭ ياڭرىتىپ ۋىسالدىن نەغمە.

## سېغىنىش

ئاق يول تىلەپ ئۇزاتتىڭ مېنى،
ئانا ماكان، گۈزەل گۈل بېغىم.
شادلىقىمنى قويدۇم يىتتۇرۇپ،
كۆڭلۈم سەندە ئايرىلغان چېغىم.

ئايرىلدىم مەن يۇتۇپ ئازابنى،
گۈل شېخىدىن ئايرىلغان كەبى.
كۆزلىرىمدىن ئاقتى ئىسسىق ياش،
تۇيغۇلىرىم قوغلانغان سەبىي.

ئاچچىق خىيال باشلاپ ئۇزاقتا،
ئېلىپ كەتتى قايغۇمنى يۈدۈپ.
كەڭ قوينۇڭدا يۈرەر روھلىرىم
كۈيلىرىڭگە تەڭكەش كۈي تۆكۈپ.

شادلىق ئىزدەپ كەلگىنىم پەقەت
سېغىنىشقا قويدى ئوت يېقىپ.
ئاھ ئانا يۇرت، ئازابتا كۆيۈپ،
ئارزۇيۇممۇ يۈرىدۇ غېرىب.



# ئەرۋاھلار

توختى ئايۇپ

(ھېكايە)

ئاققۇنلار مەھەللىسى.

ھەرە كۆنىكىدەك زىچ سىلىنغان، تاملىرى بىر-بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن ئۆيلەر، ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ ئوي-خىياللىرىدەك خىلمۇخىل: ئوڭغۇل-دوڭغۇل ۋە ھەررەڭ-سەررەڭ، يوللىرى تار، ئەگرى-بۈگرى، ئۆگزىلىرى ئېگىز-پەس. پەقەت بىرلا نەرسە — بۇ ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان ئىسلارلا ئوخشاش قاپقارا. گويا بۇ يەردىكى ھاياتلىقنىڭ ئالغان ھەربىر نەپەسلىرى، ئۇلاردىكى شادلىق، ئۇلاردىكى قايغۇ، چىرايىدىكى كۈلكە، ۋۇجۇدىنى ئۆرتىگەن يىغا ... يۈرىكىنىڭ قوقاسلىق ئوتىدا دۇتلىنىپ تۈت تام ئىچىگە پاتماي قالغان چاغلاردىلا سىرتقا بۇخسۇپ چىقىۋاتقاندەك ...

بۇ يەردىن ئاجايىپ ئاۋاز — دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن ئاڭلاش مۇمكىن بولمايدىغان ئەبجەش سادالار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. تازا زەن قويۇپ، قۇلاق قېقىپ ئاڭلىغاندا ئۇ سادالاردىن يېتىم بوۋاقنىڭ قىرقىراشلىرىنى، مۇڭلۇق ۋە سوزۇق ئاھاڭدا قىلىنىۋاتقان قىرائەتنى، شادىيانە ئويۇن-كۈلكىلەرنى، سەتەڭلەرنىڭ نازلىنىشلىرىنى، پۇللارنىڭ شاراقلاشلىرىنى، تىل-ھاقارەت، ھەمدۇ-سانا ۋە شۈكرى-قانائەتنى، يەنە ئاللىقانداق ئاۋازلارنى ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى.

بۇ سادالار گويا يامغۇر ئالدىدىكى كۈل رەڭ تۇماندەك مەھەللە ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ كەچكۈز پەيتىدىكى سۈكۈتكە، ئېغىر خىيالغا ۋە قېتىپ قالغان ئاقۇش تۇمانلارغا ئوخشايتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ تاغقا ئوخشاش ئېغىر ۋەزنىدىن زېمىن چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك، چۆكۈۋېتىپ ئىڭراۋاتقاندەك، تىترەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما بۇلار — بۇ پاجىئە ئاققۇنلار ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز. ئۇلاردىكى سەزگۈ بۇ سادالارغا، كۆزلىرى كۈل رەڭ تۇمانلارغا كۆنۈپ قالغان.

خاكسا بىر ھەپتە ئىلگىرى ئاققۇنلار مەھەللىسىدىكى ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنى خۇشال قىلغان بىرلا نەرسە — ئۆي كونىرىغان، تاملىرى بىرياققا قىڭغىيىپ، يامغۇرنىڭ يالاۋېرىشىدىن ئۆگزىلىرى ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، گۈندىخانىدەك قورقۇنچلۇق، تار ۋە قاراڭغۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ ئۆيدىن ئەمدى خالىغان ۋا-

قىتتا سىرتقا چىقالايتتى. ئۇ گـۇندىخانىدا
بۇ قېتىم ئۇزۇن ئەمەس بىر يىللا يېتىپ
قالدى، بۇ ئۇنىڭ گۇندىخانىدا نەچچىنچى قېـ
تىم يېتىپ چىقىشى ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ
ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇ خۇشاللىقىمۇ، قايغۇ ـ
ھەسرەتكىمۇ، ئىلتىپاتقىمۇ، تىل ـ ھاقارەتـ
كىمۇ، خۇددى بويۇنتۇرۇققا كۆنۈپ كەتكەن
ياۋاش كالىدەك ئۆگىنىپ كەتكەنىدى. گۇنـ
دىخانا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۆيـدەكلا بولۇپ
قالغانىدى. ئۇ گاھىدا قورسىقى ئېچىپ قارىـ
چۇقى كەينىگە تارتىشىپ قالغان چاغلاردا
ئىختىيارسىز ئاشۇ گۇندىخانىنى ئەسـكە
ئالاتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن گۇندىخانىنىڭـ
مۇ سېغىنىپ، ئەسلەپ قالغۇدەك بىرمۇنـچە
ياخشى جايلىرى بار ئىدى ـ دە، ئەقەللىسى،
قورساقتىن غەم قىلىش ھاجەتسىز ئىدى،
ئاددىي ـ تەمسىز بولسىمۇ كۈندە ئۈچ ۋاقىت
تاماق ئۆز قەرەلىدە تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئوتـ
تۇرىسىدىن ئويۇپ ئېچىلغان، كىچىك تۆشۈكـ
تىن سۇنۇلۇپ تۇراتتى ...

خاكسا ئەتىگەندە ئويغىنىپ، غىچىرـ
لاپ تۇرغان كونا كارىۋىتى ئۈستىدە ئۇزۇنـ
غىچە ئاشۇلارنى ئويلاپ ياتتى. ئۆي ئىچىنى
پەنجىرىدىن كىرگەن كۈن نۇرى يورۇتۇپ
تۇراتتى. ئەتراپتا ئاچكۆز چىۋىنلەر گىژىلـ
دايتتى. خاكسانىڭ قورسىقى ئاچلىقتىن
دۈمبىسىگە چاپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بىر
بۇردا نانغا بولغان تەلەپ ۋە ئېھتىياج
ئۇنى باش ـ ئۇچى يوق ـ تەگسىز خىياللار
قاينىمىغا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەـ
زەربىدە يەنىلا ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان
ئاۋات شەھەر ھەممىدىن ياخشى ئىدى.
ئۇ ئورنىدىن قوپتى ـ دە، شەھەرگە قاراپ
يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، شەھەرنىڭ نەرىگە بارىـ
دۇ؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ شەھەرنىڭ قوچىقى

كەڭ، خالىغان جايغا بېرىپ ئايلىنىشى مۇمـ
كىن. ئەمما ئۇنىڭ بېرىپ نېمە ئىش قىلىـ
دىغانلىقى توغرىسىدا كۆڭلىدە ئېنىق سان
يوق ئىدى، بۇرۇنقىدەك ئوغرىلىق قىلىشتىن
ئەمدى رايى قايتقان، ئۆتكەن يىل كوچا
ئاپتوبۇسى ئىچىدىكى بىر قېتىملىق تەلەي
سىناش ئۇنى گۇندىخانىغا بىر يىل سېپىپ
يېتىشقا مەھكۇم قىلغانىدى، مۇنداق نەس ـ
پالاكەتچىلىك ئۇنىڭ ھاياتىدا قانچە قېتىم
تەكرارلانمىدى؟ گۇندىخانىنىڭغۇ ئانچە ـ مۇنـ
چە ئەسلەشكە ئەرزىگۇدەك يەرلىرى بار،
ئەمما خاكسا شۇنى دەپلا گۇندىخانىدا يەنە
يېتىشنى خالىمايتتى. توغرىسى، ئۇ شۇ توغـ
رۇلۇق ئويلاپ قالسىلا، ۋۇجۇدى ۋەھىمىدىن
شۈركىنىپ، يۈرىكى قورققىنىدىن مۇزدەك
قېتىپ قالاتتى. ياق، ئۇ ئوغرىلىققا تـۆۋە
قىلدى، ئۇنداق نەس ـ پالاكەت باسىدىغان
ئىشنى ئىككىنچى تەكرارلىماسلىققا بەل
باغلىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزگىرىپ
يېڭى ئادەم بولدى. بىراق ئۇنىڭ ھاياتلىق
ئۈچۈن تۇغۇلغان تەلەپ ـ ئېھتىياجى ئۆزگەرـ
مىگەنىدى. قورسىقى بۇرۇنقىدەكلا ۋاژىلـ
داپ ئېچىپ تۇراتتى. ئاچلىقتىن ئىچىنىڭ
بىر يەرلىرى كۆيۈپ ئېچىشاتتى. ئۇنىڭغا
بىر بۇردە نان، بىر قاچا ئاش لازىم ئىدى،
بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايتتى.

خاكسا كوچىلىق تەمە، ئەمما ھېچبىر
مەقسەتسىزلا شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ
يۈرۈپ، كۈتـۈلمىگەندە ئاجايىپ بىر ئامەت
ئىگىسىگە كۆزى چۈشتى ۋە بىر قاراپلا ئۇنى
تونۇۋالدى. خاكسا ئۆتكەن يىلى گۇندىخانىغا
كىرىپ قېلىشتىن سەللا ئىلگىرى ئۇنى جەنۇبىي
شىنجاڭنىڭ قايسىبىر شەھىرىدە رەمباللىق
قىلىۋاتقان چېغىدا كۆرگەنىدى. ئۇشۇچاغدا ئۇـ
نىڭ ئاق كىگىز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇـ

رۇپ، قولىدىكى بىر سىقىم رەڭدار، ئۇششاق تاشلارنى كىگىزگە چاچقىنىچە، ئالدىدىكى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەقدىر - قىسمىتى توغرۇلۇق پال ئېچىپ ھېچبىر جاپا-ئەجىرسىزلا شاراق - شاراق پۇللارغا ئېرىشىۋاتقىنىدىن ھەيران قالغان. ئەمدىلىكتە ئۇ ئاشۇ قويۇق ساقاللىق پالچى بوۋاي بۇ تاغلىق شەھەرنىڭ كىشىلەر مىغىلداپ يۈرگەن ئاۋات كوچا دوقمۇشىدا شىمنىڭ پۇشقىقىنى يوتىسىغىچە تۈرۈپ قويۇپ تىزىغىچە ئىششىپ يىرىڭلاپ كەتكەن سول پۇتىنى ئالدىغا سوزغىنىچە سەدىقە تىلەپ ئولتۇراتتى. ئالدىغا پۇل دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى، خاكسا ئۇنىڭ بۇ قېتىممۇ ھېچبىر جاپا-ئەجىرسىزلا مۇنچىلىك ئامەت - پايدىغا ئېرىشىۋاتقىنىدىن ھەيران بولۇپ بىر چەتتە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

دۆۋاننىڭ ھالى ناھايىتى ئېچىنىشلىق كۆرۈنەتتى، يۈزلىرى ئۆمۈرىدە بىرەر قېتىممۇ سۇ تەگمىگەندەك پاسكىنىچىلىقتىن قارىيىپ كەتكەنىدى، پاخپايغان چاچ - ساقاللىرى يىرتىق كىگىز پارچىسىدەك چىگىشلىشىپ، پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. كىرپىكلىرى چاپاقتىن قاتقان، كىچىك جىگەررەڭ كۆزلىرىدىن تۈگىمەس مۇڭ - ھەسرەت، ۋۇجۇدىدىن باش - پاناھسىز قالغان ئاجىز - بىچارىنىڭ ئۈنسىز غېرىبلىقى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. كىيىملىرى جەندە ئىدى. زەرداپ ئارىلاش يىرىڭ قايناپ تۇرغان يالىڭاچ پۇتىنىڭ ئۈستىدە چىۋىنلەر گىژىلدايتتى. ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قارىمايدىغانلىرى، قاراپ ئىچ ئاغرىتمايدىغانلىرى يوق ئىدى. ئۇلار گويا كۆز بىلەن كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغان سېھىرلىك تۇسۇققا دوقۇرۇپ قالغاندەك، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھامان پۇتلىرى ئىختىيارسىز ھەرىكەتتىن توختاپ، كۆز قارىچۇقى شۇ تەرەپكە تارتىپ كېتەتتى. دۆۋانە شۇ ھامان قولىنى ئۇلارغا سوزۇپ، گويا مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقاندەك داد - پەريادلىق ئاھاڭدا نالە قىلاتتى، ئىڭرايتتى. دۆۋانە ئاشۇ نالىلىق ئىڭراش ئىچىدە ئۆزىنىڭ ماددىي مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندەك، ئۆزىنىڭ تۇرغان - پۇتكىنى ئاشۇ نالىلىق پىغانغا ئايلىنىپ كەتكەندەك، كىشىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ گەۋدە ئۇلارنىڭ سەزگۈسىدىكى ئاسادىيىي ئېزىقىشتىن تۇغۇلغان خاتا تەپەككۇرنىڭ قارا سايىسىدەك ئىدى.

— ئامىن، ئەزىزلەر ... مەن ئاجىزغا خۇدا يولىدا سەدىقە بېرىڭلار، سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھىنى ... ئامىن!

دۆۋانىنىڭ قولى تىترەيتتى، ئاۋازى تىترەيتتى، ۋۇجۇدى تىترەيتتى. بۇ تىترەشنىڭ دۆۋانىگە ئاتا قىلىدىغان ھىممەت - شاپائىتى چەكسىز ئىدى: ئالدىغا پۇللار غازاڭدەك تۆكۈلەتتى.

خاكسا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ كۆرگەنىدى، سودىگەر، ئاشپەز، ھاممال، يايمىچى، ئوغرى، قىمارۋاز، كادىر، ئىشچى... ئۇنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بىرەردىن دوست - ئاغىنىلىرى، ئۇلپەتلىرى بار ئىدى. خاكسا ئۇلارنىڭ پۇل تېپىش، ئۆز تىرىكچىلىكىنى قامداش ئۈچۈن قانچىلىك جاپالىق ئىشلەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ تاپقان ھەربىر سىنىت پۇلى، ۋۇجۇدىدىن بىر تېمىم، بىر تېمىمدىن تامغان قان - تەرنىڭ قاتقان دېغى، خوراۋاتقان ھاياتلىق گۈلخانىنىڭ ئۇچقان كۈلى ئىدى. نىھايەت، دۆۋانىگە ئېتىكىنى دۆۋە - دۆۋە پۇل بىلەن تولدۇرۇش ئۈچۈن، ھېچقانداق

جاپا تارتىش، بەدەل تۆلەش كەتمەيتتى. خاكسا ئۆمرىدە تالاي ئېغىر ئىشلارنى قىلىپمۇ، تالاي جاپا رىيازەتلەرنى چېكىپمۇ مۇنچىلىك پۇلغا ئېرىشەلمىگىنى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن ئۆكۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى دىۋاننىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرۈپ، كۆڭلىدە ئاخىر شۇنى جەزىملەشتۈردىكى، بۇ قويۇق ساقاللىق دىۋانە دۇنيادا خۇدا تەلىيىنى قوشلاپ بەرگەن بىردىنبىر بەختلىك ئادەم ئىدى. جاھاننىڭ خۇۋلىقىنى، راھەت - مەئىشىتىنى كۆرۈشتە ھېچكىم ئۇنىڭغا يەتمەيتتى. خاكسا دىۋانەنىڭ بۇ ئامەتلىك كەسپىگە ئىچ - ئىچىدىن قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ھېچبىر ئەجرە - دەسمايىسىزلا مۇنچىۋالا كۆپ پۇلغا ئېرىششى خاكسانىڭ ئىچىنى قايناتتى. ئۇنىڭچە، دىۋانىگە بۇ ئامەت باشقا ھېچ نەرسىدىن ئەمەس، سول پۇتىدىكى ئاشۇ يىرىڭلىق جاراھەت بىلەن تەققى تۇرقىدىكى بىچارىلىقتىن كەلگەندى. خاكسا ئاشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئۆز ۋۇجۇدىدا نېمىنىڭدۇر كەملىكىنى، نېمىنىڭدۇر يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ كەمتۈكلۈك، بۇ يېتىشمەسلىك ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلايتتى، بىئارام قىلاتتى. بېشىدىن كەچۈرگەن تالاي - تالاي بەختسىز كەچمىشلەرنىڭ، دىشۋارچىلىقلارنىڭ بىرەر ئەزايىنى نابۇت قىلمىغانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. لېكىن ئۇ كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ باھار چېچەكلىرىدەك رەڭدار كىيىم - كېچەكلىرىگە، شادلىق، كۈلكە تېمىپ تۇرغان پاكىز چىراي تۇرقىغا قاراپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئۇ ئاجىز - بىچارىلىقتا بۇ ساقاللىق دىۋانىگە يەتمىگىنى بىلەن، ئۆز ۋۇجۇدىدا خۇشال بولۇشقا، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا، ھېسداشلىق قىلىشىغا ئېرىشەلەيدىغان ئالامەتلەر ئاز ئەمەس ئىدى. گۈندىخانىدىن كىيىپ چىققان كىيىم - كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلەشكە قۇربىتى يەتمىگەچكە، پىت - سىركىلەر ئۇۋۇلاپ كەتكەن ئۇستىباشلىرى ساقاللىق دىۋانىنىڭكىدىنمۇ بەتتەر پاسكىنا ۋە جەندە ئىدى. سارغىيىپ كەتكەن چىرايى ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقان تىرىك مۇردىنى، قەبرىستانلىقنى ئارىلاپ يۈرگەن يىگانە ئەرۋاھنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ بەدبەشىرە تۇرقىدىن ئىختىيارسىز خۇشال بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر دەسمايىسى ئىدى. ئۇمۇ شۇ دەسمايەم بىلەن ھېچبىر ئەجرە - جاپاسىزلا دۆۋە - دۆۋە پۇللارغا ئېرىشەلەيمەن، دەپ ئويلىدى ۋە ئەتىسى ئەتىگەنلىكى ئۈن - تىنسىزلا ساقاللىق دىۋانىنىڭ يېنىغا تام تۈۋىگە كېلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى:

— ئاممىن ئەزىزلەر ... ئۇلۇغ پەيشەنبە كۈنىدە...

كۈتۈلمىگەندە ساقاللىق دىۋانىنىڭ مۇڭ - ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كىچىككىنە كۆزلىرى خاكساغا غەزەپ بىلەن چەكچىيىپ ئۇنىڭدىن كىشىنى سەسكەندۈرگۈچى سوغۇق ئۇچقۇن چاقناپ كەتتى.

— كىمسەن؟ — خۇددى خاكسانى يەۋېتىدىغاندەك يامان ئەلپازدا ۋەھىمىلىك خىرىلدىدى ئۇ. خاكسا ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى:

— ئاجىز - بىچارىمەن. خۇددى سىزلىدەك ...

— سەن مەلئۇن خاۋارىج ... رىسقىمغا توپا سالماقچى بولۇۋاتىسەن، پۇلۇمغا كۆزۈڭنى قىزارتىۋاتىسەن ... — ئۇ خۇددى خاكسانىڭ بولۇۋېلىشىدىن قورققاندەك، ئال-

ىدىكى پۇلنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا تارتىپ، ئۇستىنى ئالقىنىدا بېسىۋالدى، — قېچىمىدىن كەت ... هازىر كەت!

خاكسانىڭ ئالدىدا ئەمدى كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلگۇدەك دەرىجىدە ئەبگالىشىپ كەتكەن، باش - پاناھسىز قالغان تىلەمچى بوۋاي ئەمەس، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆتكۈر قىلىچقا ئۇرۇشتىنمۇ ئايانمايدىغان ئەسەبىي قارا دىۋە سۈپەت بىر مەخلۇق تۇراتتى.

خاكسانىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرسى خاكسانىڭ ئالدىغا پۇل تاشلاپ كېتىپ قالدى. بۇ خاكسانىڭ دىۋانىچىلىق ھاياتىنى باشلاپ تۇنجى قېتىم ئېرىشكەن نېسىۋىسى ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى. ئۇ دىۋانىنىڭ غەزەپلىك خىرىلداشلىرىغا پەرۋا قىلماي، سەدىقە تىلەشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ تەمە ۋەسۋەسىسىدە كىشلەرگە سۇنغان قوللىرى توختىماي تىترەيتتى، ئاۋازى تىترەيتتى.

ساقاللىق دىۋانە ئۇنىڭ ئالدىدىكى پۇلغا قاراپ ئولتۇرالماي قالدى.

— كېتەمسەن - يوق؟ بولمىسا كاللاڭغا سالىمەن! — دېدى ئۇ ھاسىنى دىۋەيلەپ.

— بۇ يەرنى مۆھۈرلىۋالغانمۇ سەن؟ — ئۇنىڭدىن بەتتەر ھۆرپىيىپ ۋارقىرىدى خاكسا، — مەن ئالسام ئۆزۈمنىڭ رىسقى نېسىۋىسىنى ئالىمەن، سېنىڭكىنى تارتىۋالغىنىم يوق - تە. خۇدايىم بەرسە پەيغەمبەر غىڭ قىلالماپتۇ، دەپتىكەن. نېمانچە ئىچىتارلىق قىلىسەن؟

دىۋانە نېمىشقىدۇر قولغا ئالغان ھاسىسىنى تاشلاپ قويدى. ئۇلار گاھ نالىلىق ئىڭراپ سەدىقە تىلەيتتى، گاھ بىر - بىرىنى هازىرلا يەۋېتىدىغاندەك غەزەپلىك چەكچەيىشەتتى. ئۇلار كەچكىچە غىژىلدىشىپ بىر-بىرىگە خىرىس قىلىشىپ ئولتۇردى. ساقاللىق دىۋانىنىڭ ئالدىغا چۈشكەن پۇل خاكسانىڭكىدىن خېلىلا كۆپ ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كەچتە پۇللىرىنى ساناۋېتىپ، خورسىنغان ھالدا:

— ئېسىت، سەن خاۋارىشىنىڭ كاساپىغۇ بۇ، — دەپ ئالىيىپ قويدى.

خاكسا ھەركۈنى ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، دىۋانىچىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ئۇ ئەمدى ساقچىلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ئۇشتۇمتۇت كېلىپ تۇتۇپ كېتىشىدىن، گۇندىخانىغا تاشلىنىشىدىن غەم قىلمايتتى. ساقاللىق دىۋانىنىڭ ۋايساشلىرىغا، زەھەرلىك تەنىلىرىگە، تىل - قارغىشلىرىغا پەرۋايى پەلەك ئىدى، لېكىن ھەرقانداق قىلىپمۇ پۇلنى ساقاللىق دىۋانىدەك كۆپ تاپالمىغانلىقى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ئىچىدە ئازابلىناتتى. بۇ ئازاب ئۇنىڭ كۆڭلىدە خىلمۇ خىل ئوي - خىياللارنى قوزغايتتى. خىياللىرى ئەسەبىي ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى.

خاكسا بىر كۈنى كەچتە ساقاللىق دىۋانىنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى. قاش قارايغان چاغ ئىدى. ساقاللىق دىۋانە ھاسىغا تايىنىپ، سول پۇتىنى ئاۋايلاپ دەسسىگىنىچە شەھەر سىرتىدىكى ئاقۇنلار مەھەللىسىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. «بىز بىر مەھەللىدىن ئىكەنمىز - دە!» دەپ پىچىرلىدى خاكسا خۇشال بولۇپ ۋە دىۋانىنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپلا ئۆيىگە كىردى. سىرتى گۆرۈستانلىقتىكى كونا قەبرىدەك كۆرۈمسىز كۆرۈنىدىغان بۇ ئۆي ئىچىدە باشقىچە بىر دۇنيا ھۆكۈم سۈرەتتى. تامدىن ئېشىپ يەرگە كۆللىرى ئوتقاشتەك

چاقناپ تۇرىدىغان قىممەت باھالىق گىلەملەر سېلىنغانىدى. خاكسا بۇنى ۋە ئىشىك يېنىغا قويۇلغان گۈللىرى يالتىراپ تۇرىدىغان مىخلىما ساندۇق، بۇلۇڭ تومپۇچكىسى ئۈستىدىكى تېلېۋىزور، ئاستىدىكى رادىئولۇق ئۈنئالغۇنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە تۇغۇلغان ئەسەبىي تۇيغۇدىن قېنى تومۇرلىرىدا شۇۋۇلداپ كەتتى. كۆزلىرىدە ياۋۇزلۇقنىڭ سوغۇق نۇرى چېقىندايتتى، ئۇ دىۋانىنىڭ قورقىنىدىن بىر بۇلۇڭغا تىقىلغىنىچە دوگدىيىپ قېتىپ قالغانلىقىنى، چىرايىنىڭ ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىغا يېقىنلاپ كەلدى.

— كىمسەن؟ — دىۋانىنىڭ ھالسىز تىترىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

خاكسا زۇۋان سۈرمىدى.

— بۇ ئۆينى قانداق تاپتىڭ؟ — زەردىلىك خىرىلداش ئىچىدە چەكچەيدى ئۇ.

— ئارقاڭدىن ئەگىشىپ كەلدىم.

— سەن خاۋارىش!...

— ئاۋازىڭنى ئۆچەر! — خاكسا بوش ئەمما كەسكىن ئاھاڭدا شىۋىرلاۋېتىپ، غىلاپتىن سۇغۇرۇۋالغان پىچىقىنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا تەڭلىدى، — قايسىسىغا تۇرىسەن. پۇلغىمۇ، جانغىمۇ؟ ھايات قېلىشنى خالىساڭ پۇلۇڭنى چىقار، ھەممىسىنى!

دىۋانىنىڭ ئۆلۈم دەھشىتىدىن قورقۇپ، چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى گاھ خاكساغا، گاھ پىچاققا تىكىلەتتى. تامغا چاپلىشىپ كەتكەن ئورۇق گەۋدىسى جالاقلاپ تىترەيتتى.

— رەھىم قىل، خۇدا ھەققى... پەيلىڭدىن يان! — دەيتتى ئۇ ئىڭراپ.

— پۇللىرىڭ نەدە؟

— پۇل... پۇل دەمسىنا؟ — دىۋانە تورۇسقا، ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تەشۋىش بىلەن قۇۋۇلۇق ئارىلىشىپ كەتكەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە قاراپ قويىدى، — پۇل... لىم ياغاچنىڭ ئارىسىدا، تامنىڭ قېتىدا. سەن پۇلنى تامنى ئۆرىمەي، تورۇسنى چۇۋۇماي تاپالمايسەن.

— يالغان سۆزلىمە. بولمىسا، مانا ھازىرلا، — خاكسا پىچاقنىڭ ئۆتكۈر ئۇچىنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا تېخىمۇ بەكرەك نىختاشقا باشلىدى.

— خۇدا نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەن... راست ئېيتىۋاتىمەن... — دىۋانە قورقىنىدىن يىغلىۋەتتى، — پىچىقىڭنى تارت، مەن ئاجىز بىچارىگە رەھىم قىل. سەن پۇللىرىمنى ئېلىۋالغىنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمرۈڭنىڭ قانچىلىك ۋاقتىغا يېتەر؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا تەگمە، ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرمەيدىغان، پۇللىرىمنىمۇ ئېلىۋالمايدىغان بولساڭ، ساڭا پۇل-بىساتىمدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بىباھا ئەڭگۈشتەر تەقدىم قىلىمەن، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە باي-باياشاتلىق ئىچىدە ياشايسەن، مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىسەن.

— ئەمىسە تېز بول، ئەڭگۈشتەرنى چىقار! — دېدى خاكسا تاقەتسىزلىنىپ.

— ئۇنداق بولسا مېنى قورقۇتما، پىچىقىڭنى تەڭلىمە.

خاكسا كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئاپىسىنىڭ ئاغزىدىن ئەڭگۈشتەر توغرۇلۇق ئاجايىپ قىزىق چۆچەكلەرنى ئاڭلىغانىدى. دىۋانىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان كۈچلۈك ئارزۇ-ھەۋەس ئوتى يالقۇنلاپ، پىچاق تۇتقان قولى ئىختىيارسىز پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

— ئەمما بىرلا شەرت، — دېدى
دىۋانە ئۆلۈم دەھشىتىدىن قۇتۇلغىنى
ئۈچۈن بىر خىل ئازادىلىك ئىچىدە نەپەس-
لىنىپ، — بۇ ئەڭگۈشتەرنىڭ سىرىنى ھېچ-
كىمگە ئاشكارىلىغۇچى بولمايسەن، بولمىسا
ئۇ ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك سېھرى - ھېكمىتىنى
يوقىتىدۇ. سېنىمۇ، مېنىمۇ، ھەممىمىزنى
پالاكەت باسىدۇ.

خاكسا ئەڭگۈشتەرنىڭ سىرىنى ھېچ-
كىمگە ئاشكارىلىماسلىققا ۋەدە بەردى.

— بول، چاپسان، ئەڭگۈشتىرىڭنى
ئال! — تەكرارلىدى ئۇ ئالقىنىنى دىۋانىگە
سۇنۇپ. دىۋانە ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— ئەڭگۈشتەر... ئۇ، قول بىلەن تۇت-
قىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان
خىسلەتلىك مۆجىزات، قۇلاق سال... مەن
دەۋاتقان ئەڭگۈشتەر — سەدىقە تىلەشنىكى
سىر - ھېكمەت...

— ئالدامچى، ئەبلەخ! — خاكسا
غەزەپتىن دىۋانىنىڭ گېلىنى ئامبۇردەك
قىسىپ بوغۇشقا باشلىدى، — سەدىقە تىلەش-
نىڭ نېمە سىر - ھېكمىتى بولماقچى؟
كىشلەر پۇتۇڭدىن ئېقىۋاتقان قان - يىرىڭ-
لارنى كۆرۈپ، داد - پەريادلىرىڭنى ئاڭ-
لاپ، ساڭا ئىچ ئاغرىتىشقان. مانا بۇ سەن
دەۋاتقان سىر - ھېكمەت!

دىۋانە خىرقىراپ ئارانلا نەپەس ئالات-
تى. ئۇ خاكسانىڭ قولىنى سىلكىپ، بار-
ماقلىرىنى قايرىشقا باشلىدى:

— گېلىمنى قويۇۋەت... كىشلەرنىڭ
پۇتۇمدىكى قان - يىرىڭغا قاراپ، نالە - پىغا-
نىمنى ئاڭلاپ، ماڭا ئىچ ئاغرىتقىنى راست،
لېكىن بۇ مېنىڭ ئۇلارنىڭ تالاي - تالاي
پۇللىرىغا ئىگە بولۇشىمدىكى سىر - ھېكمەت
ئەمەس، پۇتۇمدىكى قان - يىرىڭ — خۇدا

ماڭا تاسادىپىي بېرىپ قالغان ئامەت-
تەي.

خاكسا چۆچۈپ كەتتى، ئۇ ئۆمرىدە
ھېچكىمنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق قاباھەتلىك
سۆزنى مۇنچىلىك ھۇزۇرلىنىپ ئېيتقىنىنى
ئاڭلىمىغانىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — ھەيران
بولۇپ سورىدى ئۇ، — سەن پۇتۇڭدىن
ئېقىۋاتقان قان - يىرىڭنىڭ نېمىسىنى ئامەت-
تەي ھېسابلايسەن، ئۇنىڭدىن ئاغرىق ئازا-
بى ھېس قىلمامسەن؟

— ھېس قىلمامدىغان، ھېس قىلىمەن،
بىراق كىشلەر ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، ئېتى-
كىمگە شاراقشىتىپ پۇللارنى تاشلىغان چاغ-
دا، ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن چەكسىز لەززەت-
لىك ھۇزۇرلىنىمەن

— پۇتۇڭنىڭ يارىسى ئېغىر ئىكەن،
قاراپ تۇر، ئاخىرى ئۇ جېنىڭنى ئالىدۇ.

— ياقەي، ئادەتتىكىلا كالاتەمرەت-
كىسى، مەن ئۇنى كۈندە قاشلاپ، قەقەچ-
لىرىنى سويۇپ قانىتىپ تۇرىمەن.

— ئۇنداقتا جاراھىتىڭنى دوختۇرغا
كۆرسىتىپ داۋالىتىشنى خالىمايدىكەنسەن-دە.

— نېمىشقا خالايدىكەنمەن؟ — دى-
ۋانىنىڭ خۇنۇك كۆزلىرى بىردىنلا تەلۋى-
لەرچە چاقناپ كەتتى، — بۇ جاراھەت
بىلەن، ساڭا تېخى سىر - ھېكمىتىنى يې-
شىپ بەرمىگەن ھېلىقى ئەڭگۈشتەر — ئېتى-
كىمنى دۆۋە - دۆۋە پۇل بىلەن تولدۇرى-
دىغان خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر جۈپ
قولى. مەن بۇ قولنىڭ بىرەرسىدىنمۇ ئاي-
رىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن، — دىۋانە
دېمىنى ئېلىۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى، —

بۇ يىل ئەتىيازدا مۇنداق بىر كۆتۈلمىگەن ئىش
بولدى. ھۆكۈمەت ئادەملىرى بولسا كېرەك،
بەش ـ ئالتەيلەن سەدىقە تىلەپ ئولتۇرغان
يېرىمدىن كۆتەرگىنىچە ئاپىرىپ ماشىنىغا
سېلىشتى. مەن قورققىنىمدىن ماشىنا ئىچىدە
تىپىرلاپ داد ـ پەرياد كۆتۈردۈم «قويۇۋې-
تىڭلار، مېنى ئارامىمغا قويۇڭلار!» دەپ
ۋارقىرىدىم. «قورقماڭ، پۇتىڭىزنىڭ جاراھە-
تى ئېغىر ئىكەن، دوختۇرخانىغا ئېلىپ
كېتىۋاتىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى ئۇلار،
«پۇتۇمنى داۋالىتىدىغان پۇلۇم يوق، بىر
تىيىنمۇ پۇلۇم يوق» دەپ تىركەشتىم مەن
پۇتۇمنى داۋالاتماسلىققا باھانە ـ سەۋەب ئىز-
دەپ. ئۇلار ئۇنداق دېگىنىمگە قويۇۋېتەمە-
دىغان، «خاتىرجەم بولۇڭ، داۋالىنىش چىقى-
مىڭىزنى ھۆكۈمەت كۆتۈرىدۇ» دېدى ـ دە،
ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بالنىستا يات-
قۇزۇشتى. داۋالايمىز دېسە، قويدەك ياۋاش
بولۇپ يېتىپ بېرىدىغان ئەخمەقمىدىم مەن!
ئىككى كۈن ياتتىم، ئۈچىنچى كۈنى كەچتە
غىپلا قىلىپ قېچىپ چىقتىم. دوختۇرنىڭ
ئېيتىشىچە، بۇ ئۆتكۈر يۇقۇملۇق جاھىل
كېسەلمىش، ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم،
دەرۋەقە يۇقۇملۇق بولسىمۇ باردۇر. شۇڭا
ماڭىمۇ باشقىلاردىن يۇققان گەپ. ئۇنىڭغا مەن
ئىگىشمىغاندىن كېيىن،باشقىلارمۇ كېسىلىمنىڭ
يۇقۇپ قالغانلىقىدىن نالە قىلمىسۇن ـ دە.

دىۋانە جىم بولۇپ قالدى. كاڭدىكى
گېلەم ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، سول پۇتىنى
كارتىلدىتىپ تاتلاشقا باشلىدى.

خاكسانىڭ كۆڭلىدە خىلمۇخىل
خىياللار دولقۇنلىناتتى. دىۋانە دەۋاتقان
سىر ـ ھېكمەتنى بىلىش ئىستىكى، ئۇنىڭ
پۇل ـ بىساتىنى بۇلىۋېلىش توغرىسىدىكى ۋە-
ھىمىلىك خىيالنى بېسىپ كېتىۋاتاتتى.

— قېنى، بول، سىر ـ ھېكمەتنى
سۆزلە! — دېدى ئۇ، دىۋانىنىڭ پۇت ـ بە-
دەنلىرىنى ئەزمىلىك بىلەن تاتلاشلىرىدىن
زېرىكىپ. دىۋانە بېشىنى كۆتۈردى.

— ئالدىرىما، ئۇنى ھازىرلا سۆزلەپ
بېرىمەن. لېكىن، بىرلا شەرت...

— يەنە نېمە شەرت؟

— شەرت شۇكى، سەن مېنىڭ سەدى-
قە تىلەشتىكى سىر ـ ھېكمىتىمنى بىلىۋال-
غاندىن كېيىن، ماڭا يەنە سالجىدەك چاپ-
لىشىۋالماي، باشقا تەرەپكە كەت.

— بولدى، شەرتىڭگە كۆندۈم، ئەم-
ما راستىنى ئېيتسەن. سىر ـ ھېكمىتىڭنىڭ
ئازراقىنىمۇ يوشۇرۇپ قالمايسەن.

— ئەمىسە قۇلاق سال، — دىۋانە
گويا قىممەتلىك بىر نەرسىدىن ئايرىلىۋاتى-
قاندەك، ئۇنىڭغا تارتىنىۋاتقاندەك، خاكساغا
غەمكىنلىك بىلەن قاراپ قويدى. ئەمما
ئۇنىڭ ئاشۇ بېقىشلىرىدىن بىر خىل ئىشەن-
چە ۋە قەتئىيلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتـ
تى، — سىر ـ ھېكمەت — سەدىقە تىلەش-
تە ئىشقا سالىدىغان ھۈنەر. بۇ ھۈنەرنىڭ
كۈچ ـ قۇدرىتى شۇ يەردىكى، سەن ئادەملەر-
نىڭ بوغۇزىغا پىچاق تەڭلەپ، ئۆلۈم ۋە-
ھىمىسى بىلەن قورقۇتۇپمۇ ئالالمىغان پۇلنى
ئۇلار ئۆز رازىمەنلىكى بىلەن ئېتىكىڭگە
تاشلىشىدۇ. ئۇلار بۇنى «سەدىقە» دەپ
ئاتايدۇ. ئۇلار سەن بىلەن ماڭا بەرگەن
بۇ سەدىقىسى ئۈچۈن ئۆكۈنۈش ئەمەس، چىن
كۆڭلىدىن خۇشال بولىدۇ. كۆڭلىدە چەكسىز
ئازادىلىك ۋە سۆيۈنۈش سېزىمى ھېس
قىلىدۇ. سەن بۇ ھۈنەرنى كامالەت ۋايىغا
يەتكۈزۈش — ئۇنىڭدىكى سىر ـ ھېكمەت
ئاچقۇچىنى قولۇڭغا ئېلىش ئۈچۈن ئادەملەر-
نىڭ سەزگۈ تارىنى دۇتار، تەمبۇر قىلىپ

چاللايدىغان، ئۇنىڭدىن ھەسرەتلىك، مۇڭ‐
لۇق سادالارنى چىقىرالايدىغان بولۇشۇڭ
كېرەك. مۇشۇ سادانىڭ ئۆزى پۇل. ئېتى‐
كىڭگە خازاڭدەك تۆكۈلىدىغان پۇل، سېنىڭ
نەچچە كۈندىن بېرى كىشىلەرگە ئىككى
قولۇڭنى سوزۇپ: «ئامىن، ئەزىزلەر...
ئۇلۇغ پەيشەنبە كۈنىدە... ئۇلۇغ جۈمە
كۈنىدە...» دەپ سەدىقە تىلەۋاتقىنىڭنى
ئاڭلىدىم. سەن بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ
كۆڭلىدىن قايسى سەزگۈنى قوزغىيالايسەن؟
ئەقىل ـ ھوشى جايىدىكى كىشىلەرنىڭ خۇدا‐
نىڭ ھەممە كۈنلىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى قايسى‐
سى چۈشەنمەيدۇ؟ كىشىلەر «ئازماس ئاللا»
دېيىشىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ شۇن‐
داق دېگەنلىككى، دۇنياغا تۆرەلگەن ھەر‐
قانداق ئادەم گۇناھ ـ كىبىردىن خالى ياشيال‐
مايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گۇناھ ـ كىبىرنى
بىلىپ ئۆتكۈزگەن، بەزىلىرى بىلمەي
ئۆتكۈزگەن، بەزىلىرى ئاز، بەزىلىرى كۆپ
ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. شۇنى بىلىشىڭ ھاجەت‐
كى، دۇنيادا ئۆز گۇناھلىرى ئۈچۈن ۋەھىمە
يېمەيدىغان، قورقمايدىغان، ئازابلانمايدىغان
ھېچقانداق ئادەم بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز گۇناھ‐
لىرىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگە بالايى‐
ئاپەت كەلتۈرۈشىدىن، پېشكەلچىلىككە
ئۇچرىشىدىن ۋەھىمە يەپلا يۈرىدۇ. شۇڭا
ئۇلار كۈتۈلمىگەن بالايىقازادىن ئۆزىنى
ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، قانداقتۇر بىر ئىلا‐
ھى شەپقەتچىنىڭ ھىممىتىدىن نىجاتلىق
كۈتمەكچى بولۇشىدۇ. سەن ئاڭلاپ ئولتۇر‐
غانسەن، مەن ھەمىشە: «ئامىن، ئەزىزلەر...
مەن ئاجىز بىچارىگە خۇدا يولىدا سەدىقە
بېرىڭلار... سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھ‐
نى...» دەپ نىدا قىلىمەن. مېنىڭ بۇ نىدا‐
لىرىم ئۇنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ
سەزگۈسىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ.
ئۇلار شۇ ھامان گۇناھ ـ كىبىرلىرىنى ئەسكە
ئالىدۇ، مېنىڭ بەتبەشىرە تۇرقۇمنىڭ، جەندە
كىيىملىرىمنىڭ، چىرايىمدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت‐
نىڭ، ئاۋازىمدىكى پىغان ـ نالىنىڭ كىشىلەر‐
نىڭ سەزگۈسىدە ئوينايدىغان رولى ئاجايىپ.
ئۇلار مېنىڭ مۇشۇ ھالىمدىن، بالايىقازاغا،
پالاكەت، پېشكەلچىلىككە ئۇچرىغانىدىن
كېيىنكى ئۆزىنى كۆرگەندەك بولىدۇ.
دۇنيادا كىممۇ بالايىقازاغا ئۇچراشنى،
بەختسىز ياشاشنى خالايدۇ؟ شۇڭا ئۇلار
خۇدا يولىدا سەدىقە بېرىپ، ئۆزلىرىنى
كۈتۈلمىگەن بالايىقازادىن قۇتۇلدۇرماق‐
چى بولىدۇ.

ــ سەن بىلەن ماڭا بەرگەن سەدىقىسىنىڭ
خاسىيىتىدىن ئۇلارنى خۇدا راستىنلا بالا‐
يىقازادىن خالاس قىلامدۇ؟ ــ ئۇنىڭ
دانالارچە سۆزىدىن ھەيران بولۇپ سورىدى
خاكسا.

ــ ياقەي، ــ پەرۋاسىزلارچە جاۋاب
بەردى دىۋانە، ــ ئۇلار سەدىقە بېرىش
ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى بەزلەيدۇ، ئالدايدۇ.
ئەمما...گۇناھ دېگەن بەرىبىر گۇناھدە،
ئۇنىڭ ھېسابى بولماي قالامدۇ؟ ئەمدى
ھەممىنى بىلگەنسەن. گەپ قىلمايسەنغۇ...
بىلدىڭ، سىرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بىلىۋال‐
دىڭ، ئىچىمدە بىر ئۆمۈر خۇپىيانە ساق‐
لاپ كەلگەن بىباھا ئەڭگۈشتەرنى قولۇڭغا
ئالغان ھېسابتا بولدۇڭ. سەن بۇنىڭ
ئۈچۈن ئالدىمغا كالىلەك ـ كالىلەك ئالتۇن
قويساڭ ئەرزىيدۇ جۇمۇ! ئەمما مەن سەن‐
دىن ئۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمايمەن.
پەقەت ئۆيۈمدىن تېزرەك چىقىپ كەتسەڭ‐
لا بولدى..

خاكسا قىسمىر قىلمىدى، قولىدىكى

چىڭ سىقىمدالغان پىچاق دىۋانىنىڭ بېشى ئۈستىدە سۈرلۈك يالتىراپ تۇراتتى. دىۋانە ۋەھىمىگە چۈشۈپ، خاكساغا غەزەپلىك ئەمما قورقۇنچ نەزەرىدە قارىدى.

— ئالدىغىنىڭنى ئالدىڭ، بىلمىگىنىڭنى بىلىۋالدىڭ، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟

— ئالدىراتما، بىرىدىغىنىڭ تۈگىمىدى تېخى.

— يەنە نېمەمنى ئالماقچىسەن، مال-بىساتىمنىمۇ-پۇللىرىمنىمۇ؟ ھەددىڭ ئەمەس! ھازىرلا ۋارقىراپ ئادەم چاقىرىمەن، بىلەمسەن، بۇ مەھەللىگە ئاللىبۇرۇن پەيسۇ ① قۇرۇلغان، ساقچىلار ئاڭلىغان ھامان ئۇقتەك تېز يېتىپ كېلىدۇ، — دىۋانە ئۆز سۆزىدىن روھلىنىپ، گاھ ئىشىككە، گاھ پەنجىرىگە ئالاڭلاپ قاراپ، بىردىن ئۆزىنى ئىشىك تەرەپكە ئاتتى، — ئادەم بارمۇ...؟! ئادەم!...

شۇ ھامان خاكسانىڭ يوغان پەنجىلىك قوپال قوللىرىنىڭ گېلىنى بوغۇشىدىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆچۈپ، خىرقىراپ قالدى، ئاجىز، ئورۇق گەۋدىسى ھاۋادا ئېسىلىپ، پۇت-قوللىرى پۇلاڭلاشقا باشلىدى. خاكسا ئۇنى گىلەم ئۈستىگە تاشلاپ، بوش، ئەمما قەتئىي ئاۋازدا پىچىرلاپ دېدى:

— ئەخمەقلىق قىلما، ئەمما خاتىرجەم بول، مەن سېنىڭ مال-بىساتىڭغىمۇ، پۇللىرىڭغىمۇ تەگمەكچى ئەمەسمەن. راست دېدىڭ. ساقچى ھازىر ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدىلا چارلاپ يۈرىدۇ. مەن يەنە ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ، گۇندىخانىدا يېتىشنى خالىمايمەن. مەن سەندىن باشقا بىر نەرسە تەلەپ قىلمەن.

— گېلىمنى قويۇۋەت... گېلىمنى...— دىۋانىنىڭ جان تالىشىۋاتقانىدەك پۈت ئېتىپ، كۈچسىز خىرقىرىغىنى ئاڭلاندى، خاكسا شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ گېلىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇرغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئاستا قويۇۋەتتى. دىۋانە قېقىلىپ، يۆتىلىپ، ئېغىر ھاسىراشقا باشلىدى. خاكسا سۆزىنى داۋام قىلىپ دېدى:

— بوپتۇ، ئۆلگۈڭ كەلمىسە ياۋاش بول. ئەمما سەن ماڭا پالچىلىقتا قايسى ھۈنەر-كارامەتنى ئىشقا سالىدىغانلىقىڭنى سۆزلەپ بەر.

— پالچىلىق؟ خۇدايا تەۋۋا...!— دىۋانە ھەيران بولغان قىياپەتتە ياقىسىنى تۇتتى، — سەن ئالجىپ قالمىغانسەن، ئاغزىڭغا كەلگەننى سۆزلەۋاتمايدىغانسەن؟

— تېنىۋالماقچىمۇسەن؟ مەن سېنى ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا قەشقەردە — ھېيتگاھ جامەسى يېنىدا پالچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان ۋاقتىڭدا كۆرگەنمەن.

— يارەبىم... قانداق قىلاي...؟— دىۋانە ساقىلىنى چاڭگاللاپ، نالىلىق ئىڭراپ كەتتى.

— ئۇ چاغدا ئاستىڭدا ئاق كىگىز، بېشىڭدا يېڭى سەرپۇش تۇماق، ئۇچاڭدا مەللە تون، پۇتۇڭدا قارامەسە كالاچ بار ئىدى، چىرايى-تۇرقۇڭ ھازىرقىدەك تۇپا-تەرەت ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئەشلى كىتاب — كاتتا زاتلارنىڭكىدەك نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئەتىدىن كەچكىچە ساڭا پال سالدۇرغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بىر كۈنى مەنمۇ كېلىپ ساڭا پال سالدۇرغانىدىم.

— پالىڭ قانداق چۈشكەنتى؟

— قانداق چۈشكەنلىكىنى نەدىن

① پەيچۇسو دېمەكچى.

بىلەي؟ بىراق سەن ئالدىڭدىكى چېچىلغان تاشلارغا قاراپ «سىز يېقىندا مۇسىبەتلىك بوپسىز» دېدىڭ. راست، شۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى ئاپام قازا قىلغانىدى، ئاندىن كېيىن ئالدىڭدىكى تاشلارنى ماڭا كۆرسىتىپ «پۇل تېپىپ تۇرىدىكەنسىز، ئەمما تۇتالمايدىكەنسىز، دۇشمىنىڭىز كۆپ ئىكەن، پات - پات پېشكەللىككە ئۇچراپ تۇرىدىكەنسىز، پەخەس بولۇڭ، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرسىڭىز يولىڭىز ئوچۇق بولىدىكەن، ئۇچرىغان خېيىم - خەتەر، بالايىقازادىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىكەنسىز. يېقىندا يىراق سەپەرگە چىقىدىكەنسىز...» دېدىڭ. دېگەنلىرىڭ بەرھەق راست ئىدى، ئانچە، مۇنچە پۇل تېپىپ تۇرغىنىم بىلەن، ئۇنىڭ بەرىكىتى يوق ئىدى، قولۇمدىن سۇدەك ئېقىپ چىقىپ كېتەتتى. كۈندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان پېشكەللىكلەردىن جاق تويۇپ، تاغ ئارقىسىغا چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇت قىلىپ تۇراتتىم. سەن مېنىڭ بۇ تەقدىر - قىسمەتلىرىمنى ۋە ئوي - خىياللىرىمنى خۇددى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك، ماڭا ئۆز ئەينى بىلەن سۆزلەپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن، سېنى ھەقىقىي دانىشمەن ۋە ئەۋلىيا ئىكەن دەپ ئويلىدىم ۋە ئالدىڭغا ئىككى كوي پۇل تاشلىدىم. ئەمما سەن مەندىن بەش كوي تەلەپ قىلدىڭ.

دىۋانە قانداقتۇر بىر ئاغرىققا چىدىماي قالغاندەك، ئىككى يانغا تولغىنىپ كەتتى، ئىچىدە نېمىلەردۇر دەپ غۇدۇڭشىغاندەك قىلدى، ئامالسىزلىقتىن خاكساغا يېلىنغاندەك، كۆزلىرىنى ھەسرەتلىك پارقىرىتىپ دېدى:

— ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن، شۇ پۇلنىڭ ئارتۇقىنى قايتۇرۇپ بەر دېمەكچىمۇسەن؟ شۇنداق دېسەڭ ئۇنى ھازىرلا ساڭا قايتۇرىمەن. مانا ھازىرلا...

— ياق، ئۇ بەش كوي پۇلنى ساڭا ئۆز رازىلىقىم بىلەن بەرگەنمەن، ئەمدى سەندىن پەقەت بىرلا نەرسىنى — سەن پال سالغان چاغدا، سېنىڭ قانداق سېھرىي - كارامەتكە تايىنىدىغانلىقىڭنى بىلمەكچىمەن.

— پالنىڭ پىر - ئۇستازى ھەزرىتى دانىيال ئەلەيھىسسالام! — دېدى دىۋانە يەنىلا تەرسالىق بىلەن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئاشۇ پىر - كامىلنىڭ پاك روھىناتى بۇ سىر - ھېكمەت نۇرىنى ماڭا ئاتا قىلغان، ئۇنى ئەمدى قانداقمۇ سەندەك پاسىق گۇناھكارغا ئاشكارىلىغۇدەكمەن؟

خاكسا مەسخىرىلىك ھىجىيىپ قويدى ۋە شۇ ھامان بۇرۇنقى قەھرىلىك قىياپىتىگە قايتتى.

— بىلىپ قوي، پاسىق گۇناھكارلىقتا ھەر ئىككىمىز ئوخشاش، كىم بىلىدۇ، بەلكى سېنىڭ مېنىڭكىدىن كۆپ ئېغىردۇر. ئەڭ ياخشىسى، سەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىل، دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك روھىناتىدىن ھازىر ئىككىمىزدىن قايسىمىزنىڭ ئاشۇ سىر - ھېكمەت نۇرىغا ئەڭ لايىق ئىكەنلىكىمىزنى سوراپ كەل!

خاكسا شۇنداق دېدى - دە، پىچاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دىۋانىنىڭ كۆكسىنى كۆزلەپ زەرب بىلەن ئۇردى، دىۋانە ۋايجانلاپ، ئۆزىنى بىر چەتكە تاشلىدى، ئۆتكۈر پىچاق گىلەمنى تېشىپ ئۆتۈپ، تامغا سېپىغىچە كىرىپ كەتتى.

— خۇدا ھەققى رەھىم قىل ... بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچ...! — دىۋانە قورقۇنىدىن جالاقلاپ تىترەپ، خاكسانىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلىدى، — سىر - ھېكمەتنىڭ

ھەممىسنى سۆزلەپ بېرىمەن. ھەممىسنى ...
ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا.

— يالغان سۆزلەيسەن، يالغان سۆزلەپ
ئۆگىنىپ قالغانسەن.

— يالغان سۆزلىسەم تىلىم ئېقىپ
چۈشسۇن، دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ رو-
ھى ئۇرسۇن!

— ئەممىسە سۆزلە!

دىۋانە باش - كۆزىدىن قويۇلۇۋاتقان
سوغۇق تەرنى چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن
سۈرتۈۋېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنگۈچى ئا-
ۋازدا ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— سەن ئالدى بىلەن شۇنى بىلىشىڭ
ھاجەتكى، راھەتتىن جاپاسى كۆپ، خۇشال-
لىقتىن خاپىلىقى كۆپ بۇ دۇنيادا دەرد -
ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت چەكمەي ياشايدى-
دىغان، ئۆز بەختسىزلىكىدىن زارلانمايدىغان
ھېچكىم يوق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم سا-
ئىتىنىڭ قاچان يېتىپ كېلىدىغىنىنى بىلمە-
گەندەك قانداق كۈنلەرنى كۆرىدىغىنىنى،
ئۆزلىرىنى قانداق تەقدىر - قىسمەت كۈتۈپ
تۇرىدىغىنىنىمۇ بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز-
لىرىگە پال سالدۇرۇپ، ئۆزلىرىنى قايسى
تەقدىر - قىسمەت كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بى-
لىپ باقماقچى بولىدۇ. پالچىنىڭ ئالدىغا
كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، بەخت-
سىزلىكنىڭ دەردى - كۈلپىتىنى يەتكۈچە
تارتقۇچىلاردۇر. مەن ئۇلار دۈچ كەلگەن
ۋە دۈچ كېلىدىغان تەقدىر - قىسمەتنى ئال-
دىمدىكى ئۇششاق تاشلارنىڭ كارامىتى ئار-
قىلىق ئەمەس، ئۆتكۈر كۆزلىرىم بىلەن كۆ-
رۈپ، كۆڭلۈمدىكى سەزگۈ بىلەن سېزىپ
تۇرىمەن. ھەربىر ئادەمدىكى روھىي - كەي-
پىيات، چىرايىدىكى ئىپادە — شۇ كىشىنىڭ
تەقدىر - قىسمىتى توغرۇلۇق يېزىلغان كى-
تاب. بۇ كىتابنى ئوقۇش ئۈچۈن زىيادە
دانىشمەنلىك ۋە ئۆتكۈر پەم - پاراسەت
كېرەك. مېنىڭ كۆزلىرىم ئاشۇ كىتابلارنى
ئوقۇشقا، سەزگۈلىرىم ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى
يوشۇرۇن سىرلارنى ئىزدەپ تېپىشقا قابىل-
دۇر. مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ كامىل زېھنى -
قابىلىيىتىمگە تايىنىپ پال ئاچىمەن.

— سەن مېنىڭ چىراي - تۇرقۇمدىكى
قايسى ئىپادىگە ئاساسەن، قىسمەت تەقدى-
رىم توغرۇلۇق توغرا ھۆكۈم قىلغانىدىڭ؟ —
سورىدى خاكسا قىزىقىپ.

— ئەڭ مۇھىمى، سېنى كۆرگەندىن
كېيىنكى كۆڭلۈمدە ئويغانغان سەزگۈگە
تايانىدىم. سەن بىلمەيسەن، سەزگۈ — تىل
بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدىغان، لېكىن
كۆڭۈلگە بىلىنىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ مۆ-
جىزات. ئەمدى ئېسىمگە كەلدىڭ ... ئالدىم-
دا زوكۇزىيىپ ئولتۇردۇڭ، كىيىملىرىڭ
مەينەت، چاچ - ساقاللىرىڭ ئۆسۈپ كەت-
كەنىدى. مەن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن، چانى-
قىدا پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىڭدىن پەقەت
ھازىردار كىشلەردىلا بولىدىغان ئۆزگىچە
مۇڭ - ھەسرەتنى كۆرۈپ قالدىم. مەن سې-
نىڭ ھېيلىگەر، ئۆتكۈر ۋە تىنىمسىز ھەرى-
كەتلىنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىڭدىن سېنىڭ
ئوغرى، يانچۇقچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋالدىم.
ئوغرى - يانچۇقچى بولغىنىڭ ئۈچۈن قولۇڭ-
نىڭ پات - پات پۇل كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى،
ئەمما ئۇ ئەجىر - مېھنەتسىز تېپىلغان بول-
غاچقا، ئۇنى غازاڭدەك بۇزۇپ - چېچىپ
خەجلىۋېتىدىغىنىڭ بەرھەق ئىدى. سېنىڭ
ئۇستىباشلىرىڭنىڭ مەينەتلىكى، كەيپىياتىڭ-
دىكى ساراسىمىلىكىگە قاراپ ئۇ شەھەردە
ئامىتىڭنىڭ قاچقانلىقىنى، سېنى نەس باس-
قانلىقىنى بىلدىم. قولۇڭدا ئېغىر، كونا سوم-

كا بار ئىدى. سەن ئۆزۈڭنى دالىدىغا ئېلىش ئۈچۈن، يىراق بىر يەرگە كېتىشكە تەييارلانغانىدىڭ...

— سەن شۇنچە سېھىر - كارامەتلىك كەسپىڭنى تاشلاپ، بۇ شەھەردە دىۋانە بولۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟ — ئەزمىلىك بىلەن سورىدى خاكسا.

— بۇ خۇددى سېنىڭ يېزا - سەھراغا بارساڭ ئوغرىلىق قىلىپ، شەھەرگە كىرسەڭ يانچۇقچىلىق قىلغىنىڭغا ئوخشاش ئىش.

خاكسانىڭ ئالدىدا ئەمدى ھاياتلىقنىڭ ئاجايىپ بىر ھەقىقىتى، سىر - ھېكمىتى نامايان بولغانىدى، لېكىن ئۇ پالچىلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىدە دىۋانىنىڭكىدەك ئۆتكۈر پاراسەت ۋە سەزگۈنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، «ياق، ئۇنىڭدىكى سىر - ھېكمەتنى چوقۇم بىلىۋالىمەن، ئاخىرى بىر كۈنى بەختسىزلەر ئالدىدىكى ئەۋلىيا، دانىشمەنگە ئايلىنىمەن!» دېدى ئۇ دىۋانىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە كوچىنىڭ ئادەم ئەڭ كۆپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان يېرىگە كېلىپ داق يەرگىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ھاۋا تۇتۇلغانىدى، سىمىلداپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، سوغۇق شامال غۇيۇلدايتتى. ئەمما خاكسا يامغۇردىن چۈپ - سۆزمە بولۇپ كەتكەن ئۈستىباشلىرىغا، ئىچ - ئىچىدىن تولغىلاپ، كاسىلداپ تىترەشلىرىگە پەرۋا قىلمايتتى.

— ئامىن، ئەزىزلەر... مەن ئاجىز - بىچارىگە خۇدا يولىدا سەدىقە بېرىڭلار، سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى. ئامىن...!

كىشىلەر ئۇياق - بۇ ياققا ئالدىراپ كېتىشىۋاتاتتى، خاكسا ئۇلارغا قاراپ بىر ياقتىن نالىلىق ئىڭراپ، بىر ياقتىن تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى سوزاتتى. بىر چاغدا ياش بىر يىگىت خاكسانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە، يېنىدىكى قىزغا:

— ھەي ئېسىت، جاھاننىڭ شۇنچە كەڭرىچىلىكىدە نومۇس قىلماي تىلەمچىلىك قىلىۋاتقىنىنى بۇنىڭ، يەتتە ئەزايى ساپ - ساق بولغاندىن كېيىن، ھالال ئىشلەپ، ھالال يېسىچۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭ يەتتە ئەزايىنىڭ ساپ - ساقلىقىغا قارىماڭ، — قىزنىڭ چىرايى خۇددى بىر يېرىدە تۇيۇقسىز ئاغرىق قوزغالغاندەك ئەلەملىك پۈرۈشۈپ كەتتى، — ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىي غۇرۇر ئۆلگەن، روھى چىرىپ كەتكەن.

خاكسا بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكى بىر پارچە مۇزغا ئايلانغاندەك ئىچ - ئىچىدىن شۈركىنىپ كەتتى، ئىچىدە ئۇلارنى ئەڭ يامان تىل بىلەن تىللاۋېتىپ يەنە سەدىقە تىلەشنى داۋاملاشتۇردى:

— سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى...

خاكسانىڭ ئېتىكىگە يەنە پۇل تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ئۇ، سەدىقىچىلەردىن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاكسانىڭ كۆزىگە بىر توپ نادان - ئەخمەقلەر بولۇپ كۆرۈندى، ئۇ ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ، نالىلىق ئىڭرىغان ئاۋازدا خىتاب قىلاتتى. ئەمما ئىچىدە سەدىقىچىلەرنى مەسخىرە قىلاتتى، ئەخمەقلىقىدىن كۈلەتتى. ئۇلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشىنى تىلەيتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان

# بىدە كۆكى



(ھېكايە)

ئۇنتۇلغان مۇھەببەت، خۇددى بىدە كۆكىدەك، باھار بىلەن يەنە كۆكلەيدۇ.

— خاتىرەمدىن

مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان كۈنلەر يېقىنلاشقانسېرى مېنىڭ مەكتەپتە قالىدىغانلىقىم توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپلەر كۆپىيىپ كەتتى، راستىنى ئېيتسام مەنمۇ بۇ گەپنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلاتتىم. سەۋەبى مەندىمۇ باشقا نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمدىكىگە ئوخشاشلا «ئۆز يۇرتىدا، بولۇپمۇ سەھرادا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىستىقبالى يوق» دېگەن قاراش ھۆكۈمران ئىدى.

خىيال لەززەتلىك ۋە گۈزەل بولىدۇ، ئاخشاملىرى تورۇسقا قاراپ يېتىپ، كەلگۈسىمنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. مەكتەپتە قالسام يېزىش ئىقتىدارىمنىڭ ھەسسىلەپ ئاشىدىغانلىقىنى، جەمئىيەتكە تونۇلىدىغانلىقىمنى، ئىسمىمنىڭ بېشىغا «مەشھۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ گويا تاجىدەك قوندىغانلىقىنى ئويلاپ لەززەتلىنەتتىم.

مەن ئەمدى كەلگۈسى تۇرمۇشۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇڭا كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايلا، نازلىق باققان تالاي گۈزەللەر ئارىسىدىن سەلىمەنى تاللىۋالدىم، سەلىمە بىزنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرىنىڭ يالغۇز قىزى بولۇپ، دەرستە كۆزگە كۆرۈنمىسىمۇ، لېكىن لاتاپەت بابىدا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان گۈزەللەردىن ئىدى.

— ياسىن، — دېدى ئۇ بىر كۈنى مەكتەپ بېغىدىكى ئالما دەرىخىگە يانداش قويۇلغان تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، — مەكتەپتە قېلىشىڭىز مۇقىملىشىپتۇ، ئاخشام دادامدىن ئاڭلىدىم.

سەلىمەنىڭ سۆزى قۇلىقىمغا گويا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىدەك يېقىملىق، يىراقتىن كېلىۋاتقان مۇزىكىدەك لەرزان ئاڭلاندى. مەن كۈچلۈك ھاياجاندىن مەست بولدۇم، كەلگۈسى ماڭا قۇچىقىنى شۇنداق سېخىيلىق بىلەن ئېچىۋاتقان ئىدىكى، تەسەۋۋۇر قۇشلىرىم مېنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان يەرلەرگە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى.

مەن ھاياجان بىلەن سەلىمەنىڭ گىـ
لاستەك لەۋلىرىگە تىكىلدىم، سەلىمە مەندىنـ
ـمۇ بەكرەك ھـاياجانلانغان بولۇپ، ماڭا باغـ
ـرىمغا سىڭىپ كەتمەكچى بولغاندەك يېپىشـ
قاندى.

— بەختىم سىزدە، — دەپ پىچىرلايـ
تى ئۇ، — مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن...

توغرا! ئۇنىڭ بەختى مەندە، پەقەت
مەنلا ئۇنىڭغا چولپانـدەك پارلاپ تۇرغان
ئىستىقبالىم بىلەن بەخـت ئاتا قىلالايمەن.

چۈنكى ماڭا ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر
ئارزۇ قىلىدىغان ئەمما كىرەلمەيۋاتقان كەلـ
گۈسنىڭ ئىشىكى داغدام ئېچىلغان، مەن
نېمىدېگەن بەختلىك - ھە؟!

قىشلىق تەتىلدە ئۈچ يىلدىن بېرى
بارمىغان يۇرتۇمغا كەلدىم.

مېنىڭ يۇرتۇم تەكلىماكاننىڭ ئىچـ
كىرىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپى سانـ
ـسىز قۇم بارخـانلىـرى بىلەن قورشالـغان،
كوچىسىنى بىر ئايلانغىچە، ئادەم قۇم - تو
پىغا چۆكۈپ ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى پەرق
قىلالمايدىغان ۋەيرانە ۋە جىمجىت سەھـرا
ئىدى.

ئۆيگە كەچ يېتىپ كەلدىم، ئاتا -
ئانام مېنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولۇشتى،
ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئاتا -
ئانامغا شەھەردە قالىدىغانلىقىم ھەتتا لايىـ
قىمنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىۋىدىم، ئۇلار دەسـ
لەپتە «سەندىن ئايرىلىپ قالىمىزمۇ؟» دەپ
كۆز يېشى قىلىشتى، ئاخىرى مېنىڭ قەتـ
ئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىمنى كۆرۈپ، ئامالـ
سىز رازىلىـق بەردى.

— بالام، — دېدى دادام ئاپئاق سا
قىلىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، —
شەھەردە قالىمەن دېسەڭ مەيلىڭ، بىز
نىڭمۇ تۆت كۆڭلىكىمىز قالدى، سەندىن بىر
نەرسە تەلەپ قىلمايمىز، لېكىن شۇنى دەپ
قويايكى، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە چىقىپ كەتـ
سەڭمۇ سېنى باققان يۇرتۇڭنى ئۇنتۇپ
قالما. ئاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز، بۇ
يۇرت ساڭـا ئاش - نان بەرگەن. مەن تۇ
زىنى يەپ تۇزلۇقىنى چاقىدىغانلارنى ئادەم
ھېسابلىمايمەن.

دادامنىڭ گېپى ماڭا بىرئاز ئېغىر
كەلسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئەپۇ قىلدىم، چۈنكى
دادام كەلگۈسى دېگەننى ئەسـلا تەسەۋۋۇر
قىلالمايدىغان، پەقەت قورسىقى تويسىلا شۇ
نىڭغا شۈكرى قىلىدىغان قانائەتچان ئادەم
ئىدى.

— داداڭ توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى
ئانامـمۇ داكا رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن يې
شىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — مەيلى نەدە ئىشـ
لە بىزنى، يۇرتۇڭـنى ئۇنتـۇما، ئادەم ئەل
بىلەن كۆكلەيدۇ. ھەرقانداق جايـدا بول
ساڭ ئۇبـدان ئىشلەپ كىشىلەرگە ياخشىلىق
قىل. ھېلىقى ساۋاقدىشىـڭ زۆھـرەگۈلـنى
كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. مۇشۇ چىـ
راغنىمۇ شۇ قىزىم يېقىپ بەردى، — ئۆيگە
كىرگەندىلا تۇرۇۋىقا ئېسىلغان ئېلېكتىر چىـ
رىغىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىدىم. چۈنـ
كى مېنىڭ نەزەرىمدە بۇ يېزا مەڭگۈ جىن
چىراغنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا ئۆتـۈپ كېتىـ
دىغاندەك بىلىنەتتى، — ئۇ تېخى يەنە ئۆز
پۇلىغا مەكتەپ سالدى، ھازىر ھۆكۈمەتتىن
تارتىپ ئۇششاق باللارغىچە ئۇنى ماختايدۇ،
سەنمۇ ھېچ بولمىغاندا يۇرتۇڭ ئۈچۈن بىر
تۈپ توغراق بولسىمۇ تىكىـپ بېرەلـسەڭ
رازى بولاتتىم.

ئانامنىڭ گەپلىرىـنى «سەنمۇ بىزگە
ئوخشاش سەھرادا بىر ئۆمۈر توپىغا مىلىـ
نىپ ئۆت» دېمەكچى، دېگەن مەندە ئاڭـ
لاپلا قويۇۋاتاتتىم، لېكىن «زۆھرە» دېگەن
ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن كۆز ئالدىمدا گو
يا چاقماق چاقنىغاندا ھاسىل بولىدىغان غۇۋا

مەنزىرىدەك بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى:

شور توپا ئۆرلەپ تۇرغان يېزا يولىدا ئۇچىسىغا ئۇزۇن چىت كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا كىرلەشكەن قىزىل رومال ئارتقان 16 ياشلاردىكى بىر قىز بىلەن بىر ئوغۇل ناھىيە مەكتىپىگە كېتىۋاتاتتى، قىز بىردە ئايىغىنىڭ ئىچىگە توشۇپ قالغان توپىنى تازىلاش ئۈچۈن يەرگە ئېڭىشەتتى - دە، ئوغۇلنىڭ ئارقىسىدا قالاتتى، بىردە سومكىسىدىن ئىچىگە بېدە كۆكى سېلىنغان قوناق مومىسىنى ئېلىپ ئوغۇل بىلەن بىللە يېگەچ نېمىلەر توغرىلىقتۇر مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتى، ئاشۇ قىز زۆھرە، ئوغۇل مەن ئىدىم.

بىز ھەر شەنبە كۈنى ئاشۇ يول بىلەن ئۆيلىرىمىزگە كېلىپ، يەكشەنبە كۈنى يەنە ناھىيە مەركىزىدىكى مەكتىپىمىزگە ماڭاتتۇق، يول بويى بىر - بىرىمىزنى قوغلىشىپ، قۇملۇقلاردا يۇمۇلىشىپ كېتەتتۇق، شۇ تەرىقىدە ئۆتكەن بەش يىللىق ھايات ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا شۇنداق تەبىئىي يېقىنچىلىق پەيدا قىلغان ئىدىكى، بىر - بىرىمىزنى پاتراق كۆرۈشكە ئىنتىلەتتۇق، يولغا چىقىپلا ئۆيدە بولغان ئىشلارنى سۆزلىشىپ كۈلۈشەتتۇق، زۆھرە كۆپرەك تۇل ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، لېكىن زۆھرە ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئالمايتتى.

ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغانسېرى زۆھرە شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدىكى، ئۇنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدا يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ زەڭگەر كۆزى، ئادەمگە گويا توغاچتەك قىزىل مەڭزى بىلەن شەبنەم تامچىسى سۆيگەن قىزىل گۈل بەرگىدەك نېپىز لەۋلىرىنى قوغداۋاتقاندەك تىكىلەتتى، مەن ئەمدى ئۇنىڭ بارغانسېرى تولۇپ يېتىلىۋاتقان قامىتىگە قاراپ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان، ئۇنى ھاپاش قىلىپ، كۆۋرۈكى بۇزۇلغان ئۆستەڭلەردىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن، قۇم دۆڭلىرىگە ياماشقاندا، قولىدىن تارتىپ ياردەم بېرىشتىن خىجىل بولىدىغان بولۇپ قالدىم، ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ھارپىسىدا زۆھرەگە تەلەپ قويۇۋىدىم، ئۇ تەلىپىمنى قىزىرىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلدى - دە، مېنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ بېدە كۆكى ئارىلاشتۇرۇلغان قوناق مومىسى مەن ئۈچۈن ئەڭ لەززەتلىك تاماق بولۇپ قالغانىدى.

تەقدىر پېشانىمىز شۇنداق بولسا كېرەك، زۆھرە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي ئانىسى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىككىمىزنىڭ گۈزەل سۆيگۈ خاتىرىلىرىمىز، مېنىڭ قايناق ئالىي مەكتەپ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشىم بىلەن ئۇن - تىنسىز يېپىلغانىدى.

«ئاشۇ زۆھرە - ھە؟ — دەيتتىم كۆڭلۈمدە، — ئۇنىڭ قولىدىن شۇنچىۋالا ئىش كەلگەنمىدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئەتە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي، يېزىلىقلار دېگەن قىلىدەك ئىشنى پىلدەك بىلىدىغان خەق، ھەقىچان كىچىككىنە ئىش قىلىپ قويۇپ، ھەممىنى مەن قىلدىم دەۋالغاندۇ ياكى بولمىسا ھۆكۈمەتكە تەكلىپ بېرىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىۋالغاندۇ...». ئەتىسى ئەتىگەندە كوچىغا چىقىپ قاياقتا مېڭىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، ئازادە تاشيول بويىغا سېلىنغان ماگىزىن، تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيلەرنىڭ دوقمۇشلىرىغا جايلاشقان دۇكانلار شۇنچە رەتلىك ۋە ئۆزگىچە بولۇپ، مېنىڭ خاتىرەمدىكى توپىلىق يول بىلەن ۋەيرانە كەپىلەرنىڭ ئىزناسىنى تېپىش تەس ئىدى.

ـــ بالىموي، ياسىن قارىيمۇسەن؟ ـــ بىرسىنىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلاپ ئارقامغا قارىدىم، يولنىڭ جەنۇبىدىكى كۆك بىلەن بوي تالاشقان قويۇق تېرەكلىك ئارىسىدىن يېڭى ئۇستىباشلىرى بىلەن چىرايلىق بۇرۇتى خېلىلا ياراشقان بىر ئادەم ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ يېزا باشلىقى سەمەت ئاكا ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

ـــ راست تونۇپسەن، ـــ دېدى سەمەت ئاكا سالامدىن كېيىن، ـــ بەكلا ئۆزگىرىپ كېتىپسەن ئۇكا، هە، شۇنداق قىلىپ ئوقۇش پۈتتىمۇ؟ بىزنىڭ مەكتەپكە كېلەرسەن، هەقچان؟

ـــ تېخى ئېنىق ئەمەس، ـــ دېدىم مەن بۇ ئادەمنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن خىجىل بولۇپ.

ـــ ئېنىق بولسۇن ـ بولمىسۇن ئۆز يۇرتۇڭغا كەل، ئۇكا، ـــ دېدى ئۇ، ـــ بىلەمسەن، بىزدىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولدى، كىم قۇرۇپ بەردى دېمەمسەن؟ زۆهرە! سەن بىلەن بىرگە ئوقۇغان ئاشۇ زۆهرە، ئالامەت ئېسىل قىز بولدى دېگىنە ئۇ، توخۇ فېرمىسى قۇرۇپ كىرگەن كىرىمگە مەكتەپ سالدى، يېزىمىزغا توك چىراغ ياقتى. بىرنەچچە يەردە زاۋۇتلىرى بار. يۈر، ئاۋۋال مەكتەپنى كۆرۈپ كەل.

سەمەت ئاكىنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن يېزىنىڭ شەرقىدىكى باغ ئىچىگە جايلاشقان مەكتەپ ئالدىغا كەلدىم، ئالدىمدا پىششىق خىشتا سېلىنغان، تاملىرىغا گۈل ـ نەقىشلەر چىقىرىلغان چىرايلىق بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بىنا بىلەن باغنى چۆرىدەپ سېلىنغان تۆمۈر رېشاتكىلىق قورغان تام مەكتەپنى تېخىمۇ هەيۋەتلىك تۈسكە كىرگۈزگەن بولۇپ، تۆمۈر دەرۋازا ئۈستىگە ئېسىلغان تاختىدىكى «زۆهرە ئوتتۇرا مەكتىپى» دېگەن هۆسنخەت ئالاهىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

كۆڭلۈمدە زۆهرەگە بولغان هۆرمەت ۋە قايىللىق هېسسىياتى ئۇرغۇدى. دەرۋازا ئالدىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدىم. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش يېزىلىقلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرىمەن دەپ كەلگۈسى ئېتىقادىمدىن ۋاز كېچىشىم كېرەكمۇ؟ ياق! مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە قېلىشىممۇ يەنىلا خەلق ئۈچۈن ئىشلەش، ئىككىمىزنىڭ ئۇسۇلىمىز ئوخشاشمايدۇ، خالاس.

ئۆيگە قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئەمدىلا يېزا يولىغا چۈشۈشۈمگە مەهەللە تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتقان بىر قىزغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى قىزىل ياغلىقى گويا ئادەمگە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئېچىلغان چوغلۇق تەك كۆرۈنسە، ئەركىن قەدەملەر بىلەن مېڭىشى ئورمانلىقتا غەمسىز ئويناپ يۈرگەن كېيىكنى ئەسلىتەتتى. قىز يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم بۈركۈتتىن ئۈركىگەن توشقاندەك تىپچەكلەشكە باشلىدى.

ئۇ زۆهرە ئىدى.

ـــ ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ ـــ زۆهرە كۈلۈمسىرىگىنىچە ئالدىمغا كېلىپ ئەدەب بىلەن سالاملاشتى.

ـــ ياخشى، ياخشى، ـــ مەن كېكەچلەپ قالدىم، چۈنكى ئۇنىڭ ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان بىر جۈپ زەڭگەر كۆزى ماڭا قادالغانىدى.

ـــ سىزنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ كىچىككىنە پاراڭلىشاي دەپ ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

ئۇ نېمە قىلماقچىدۇ؟ مەكتەپتە قالىدىغانلىقىم، هەتتا لايىقىمنىڭمۇ بارلىقىنى ئاڭلىغان بولسا، بارلىق ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچىمىدۇ ياكى بولمىسا، هېلىـ

قى ئانىسىنىڭ ئۇزۇن چىت كۆڭلىكىنى
كىيىپ، بېدە كۆكى ئارىلاشتۇرۇلغان
قوناق مومىسى يەپ يۈرگەن ساددا
زۆھرەنىڭ ئەمدى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى
ماڭا كۆرسىتىپ قويماقچىمىدۇ؟ چۈنكى
ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي يېڭى مودىدا
كىيىنگەن بولۇپ، شەھەرلىك قىزلاردىن
قېلىشمايتتى.

زۆھرە ئالدىمدا پەيدا بولۇشى
بىلەن تەڭ توپىلىق يول، كۆۋرۈكى
سۇنۇپ كەتكەن ئۆستەڭ، بېدە كۆكى
ئارىلاشتۇرۇلغان قوناق مومىسى — ھەممىسى
تەڭلا كۆز ئالدىمغا كېلىپ، مېنى تەڭ-
لىكتە قالدۇرۇشقا، خىجىل قىلىشقا باشلىدى،
ھازىرغىچە ئۆزۈمنى ناھايىتى ئەركىن
ئادەم چاغلاپ كېلىۋاتاتتىم، لېكىن
ھازىر يۈرىكىمدە ئاستا-ئاستا ئويغى-
نىۋاتقان نامەلۇم سېزىم، مېنى ئۇنىڭ
ئالدىدا ناھايىتى بىچارە ۋە ئەيىبكار قىلىپ
كۆرسەتمەكتە ئىدى، زۆھرەنىڭ مېنى
چاقىرغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرىش بىلەن
خىيالىمنى يىغدىم-دە، رېئاللىققا قاي-
تىپ، ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالدىم، زۆھرە ماڭا
گەپ قىلىۋاتاتتى.

— يۈرۈڭ، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ
قويۇپ، — ئۆيگە بېرىپ پاراڭلىشايلى.

مەن ئامالسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن
ئەگەشتىم.

— يېزىغا مەكتەپ سېلىپ بېرىپسىز، —
دېدىم بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىسام ئەپ-
سىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، — بۇ
ئىنتايىن ياخشى ئىش، مەن سىزنى
تەبرىكلەيمەن.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى ئۇ، —
يېزىدا ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاچقا نۇر-
غۇن بالىلار ناھىيىگە بېرىشنى ئېغىر
كۆرۈپ ئوقۇيالمىدى، بىزمۇ بەش يىل

بېرىپ-كېلىپ ئوقۇغانىدۇق، ئۇنتۇپ
قالمىغانسىز؟ — ئۇ «بىزمۇ» دېگەن سۆز-
نى ئېيتقاندا قىزىرىپ كەتتى ۋە ماڭا
«يالت» قىلىپ قاراۋىدى، قۇلىقىدىكى
ئالتۇن زىرىسى تاڭ ساباسى لەۋلىرىگە
سۆيۈپ ئۆتكەن سېرىق ئەتىر گۈلدەك
تىترەپ كەتتى، ئاشۇ قىزىرىش ماڭا
ھەممىنى چۈشەندۈردى، — شۇڭا كېيىن-
كىلەرنىڭ كۆپرەك بىلىم ئېلىشىغا شارائىت
يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن توخۇ فېرمىسى
بىلەن ئۇن، ياغ تارتىش زاۋۇتىدىن كىر-
گەن كىرىمگە ئاشۇ مەكتەپنى سالدىم.

مەن زۆھرەدىن بارغانسېرى قورۇ-
نۇشقا باشلىدىم، ھەقىقىي گەپنى ئېيتسام،
پەقەت زۆھرەلا بەختىنىڭ ئىشىكىنى
تولۇق ئاچقان ئىكەن. لېكىن كۆڭلۈمدە
بىر تۈگۈن قالغانىدى: زۆھرە زاۋۇت
ۋە فېرما قۇرغۇدەك جىق پۇلنى قەيەر-
دىن تاپقاندۇ؟

— دادام ئىلگىرى ۋىلايەتتە باشلىق
ئىكەن، — دېدى زۆھرە مېنىڭ گۇمانىمنى
بىلىۋالغاندەك، — «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»
دا قارىلىنىپ تۈرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇ،
ئانام مەن قورسىقىدىكى ۋاقىتتا جان
بېقىش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە كېلىپ
سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ ئىشلەپتۇ. مەن
ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى دادام ئاقلى-
نىپ، ھۆكۈمەت بىزگە نۇرغۇن پۇل بەر-
گەندە، ئاندىن ئانام بۇنى ماڭا ئېيتتى،
مەن شۇ پۇلنى دەسمايە قىلدىم، بىر
تەرەپتىن، ئىشتىن سىرتقى مەكتەپتە
ئوقۇدۇم، ھازىر فېرمىدا 5 مىڭ توخۇ
بار، — دېدى ئۇ ماڭا توخۇ فېرمىسىنى
كۆرسەتكەچ، — كېلەر يىللىق پىلانىمدا
مەكتەپكە بىر تراكتور ئېلىپ بەر-
مەكچىمەن.

بىز توخۇ فېرمىسىنىڭ ئالدىدىكى

پارنىڭ ئېتىزلىقىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۆيگە كىردۇق، ئۆي پۈتۈنلەي شەھەر پوسۇنىدا ياسالغان بولۇپ، ئۈنىئالغۇ، تېلېۋىزور، شامالدۇرغۇچ دېگەنلەر رەت-رېتى بىلەن تۇراتتى.

— سىزنى ئەسلى بىزنىڭ مەكتەپكە كېلىشكە تەكلىپ قىلغىلى بارغانتىم، — دېدى زۆھرە ئالدىمغا نازۇ-نېمەتلەرنى تىزغاندىن كېيىن ئۇدۇلۇمدىكى سافادا ئولتۇرۇپ، — ئانىڭىزدىن ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلاپ، قايتىپ كېلەي، دەپ يەنە ئىزدەپ قالدىم، بۇ سىزنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم بولۇپ قالسۇن.

زۆھرە سۆزلەۋاتقاندا چىرايى ئۆزگىرىپ، مېھنەت ئىچىدە تاۋلانغان لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، ئۇ ھەدەپ سافانىڭ كىرلىكىنى مۇجۇيتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا يۈرىكىنى مۇجۇۋاتاتتى، ئۇ كۆڭلىدىكى تۆت يىللىق دەردىنى بىراقلا تۆكۈۋالغاندەك بىردىن يېنىك تىنىدى-دە، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

مەن ئۈندىمىدىم، شۇ تاپتا نېمىنىمۇ دېيەلەيتتىم.

زۆھرە ھايال بولماي تاماق ئېلىپ كىردى، كۆڭلۈمدە ئۇ بۈگۈن ماڭا ئېسىل تاماق دېگەن مۇنداق بولدۇ، دەپ بايلىقىنى كوز-كوز قىلدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن پەتنۇستىكى بىر قاچا ئاشنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

— ئانام ناھىيىگە كەتكەن، — دېدى ئۇ قاچىنى ئالدىمغا قويۇپ، — ئۆزۈم ئەتكەن ئاش، قېنى ئېلىڭ.

مەن قاچىدىكى ئاشقا قاراپ تۇرۇپ قالدىم، ئالدىمدا جىلتىسى نېپىز، بىدە كۆكىدە ئېتىلگەن بىر قاچا چۆچۈرە تۇراتتى، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن مەززىلىك پۇراق دىمىغىمغا ئۇرۇلۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى غىدىقلايتتى.

زۆھرەگە قارىدىم. ئۇ ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا ئولتۇراتتى، مەن چۆچۈرىدىن بىرنى ئاغزىمغا سالدىم، چۆچۈرىنى مەن يېدىممۇ ياكى چۆچۈرە مېنى يېدىمۇ بىلمەيمەن، بىدە كۆكى ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلەتتى، مەن ئۇنىڭ تەمىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغانىدىم، لېكىن ئۇنتالماپتىمەن.

دەم ئېلىشنى تۈگىتىپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم. زۆھرەنىڭ ئۆيىدە بىدە كۆكى يېگىنىمگە تۆت ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ تەمى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، مېنى تۇرمۇشقا يېڭىدىن نەزەر سېلىشقا ئۈندىمەكتە ئىدى. زۆھرەنىڭ مېنى ئۇزاتقان ۋاقىتتا ئېيتقان مۇنۇ سۆزى مېنى ئويلاندۇراتتى:

«بەخت ئۆزىڭىزدە، تىرىشىڭ، بەختنى باشقىلار يارىتىپ بېرەلمەيدۇ، ھەركىم ئۆز تەقدىرىنىڭ تۆمۈرچىسى». مەكتەپنىڭ ئالمىلىق بېغىدا ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ چىقتىم، سەلىمە مەكتەپكە ئۆز يۇرتۇمغا قايتىش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىمنى سۇنغان كۈنى مېنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

يەنە خىيال سۈردۈم، مەن بىدە كۆكىنى مەڭگۈ قەدىرلەيمەن، ئۇ مېنى ھاياتقا تۇنجى كۆز ئاچقۇزغان ئانا زېمىننىڭ ماڭا بەرگەن ئوزۇقى، مەن پەقەت ئاشۇ ئوزۇقتىن كۈچ ئېلىپ كۆكلىيەلەيمەن.

ئاھ، بىدە كۆكى!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن

# كېسەللىك تارىخى

(ھېكايە)

بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە تاللاش ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈپ بەك چارچاپ كەتكەچكىمۇ بېشىم ئاغرىپ ھېچ ئارام بەرمىدى، بۈگۈن قولۇم سەل ئارا بولۇپ قالدى. مۇشۇ پۇرسەتتە دوختۇرغا كۆرۈنۈۋالماقچى بولدۇم.

دوختۇرخانىغا بىرىپ ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىگە نومۇر ئالدىم، بۆلۈمنىڭ ئالدىدا ئادەم كۆپ ئىدى. كارىدوردىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا كىشىلەر قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، قارىسام كىشىلەر قولىدىكى كېسەللىك تارىخى بىلەن نومۇرنى ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئاق خالاتلىق ئاۋاق ئايالغا تاپشۇرۇپ بىرىپ ئۆزلىرى نۆۋەت ساقلىشىپ تۇرۇشاتتى.

مەنمۇ قولۇمدىكى نومۇر بىلەن كېسەللىك تارىخىنى ھېلىقى ئايالغا تاپشۇرۇپ بىرىپ نۆۋىتىمنى كۈتۈپ تامغا يۆلىنىپ تۇردۇم. 19- نومۇر، — دەپ ۋارقىرىدى بىر كەمدە. مېنىڭ نومۇرۇم 19 ئىدى، مەن ھېلىقى ئاۋاق ئايالدىن قەغەزلىرىمنى ئېلىپ كېسەل كۆرۈش بۆلۈمىگە كىردىم، دوختۇر قولۇمدىكى نومۇرنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىدىكى مىخقا سانجىپ قويۇپ كېسەللىك تارىخىنى ۋاراقلىدى، يېزىلغان لاتىن ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى خەتلەرنى ئوقۇۋېتىپ ماڭا ئەجەبلەنگەندەك ۋە بىر نەرسىدىن خەۋپسىرىگەندەك نەزەر تاشلىدى، تۆت ئەتراپىغا بىرەرسىنى ئىزدىگەندەك قاراپ قويۇپ ئورۇندۇقنى سەل كەينىگە سۈرۈپ قويدى، بۆلۈمدە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى، ئۇ مەندىن سوئال سوراشقا باشلىدى.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— 25 ياشقا.

— قەيەردە ئىشلەيسىز؟

— 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە.

— ھازىر ئىشلەۋاتامسىز؟

— ھە...

— نېمە ئىش قىلىسىز؟

مەن چاقچاق بىلەن جاۋاب بەردىم:

— دۆۋە-دۆۋە قەغەزلەرنى يەپ، سىياھ كېكىرىپ...

گېپىم تامىقىمغا تىقىلىپ قالدى، دوختۇر چاچراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىچكىرىكى بۆلۈمگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، قايسىڭلار بار، بۇ ياققا كېلىڭلار...

ئىچكىرىكى بۆلۈمدىن ئىككى سېسترا چىقتى.

دوختۇر ئۇلارغا قاراپ قولىنى بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ بىر نېمىلەرنى ئىشارەت قىلدى، ئۇلارمۇ ماڭا ئەجەبلىنىش ۋە ئېھتىيات ئارىلاش نەزەر تاشلىشىپ مىدىرلىماي تۇرۇشتى.

دوختۇر كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ سوراقنى داۋاملاشتۇردى:

— بېشىڭىز ئاغرىمىدۇ؟

— ھەئە، ئىككى چېكەم، گەجگەم قوشۇلۇپ...

— كېسەلنىڭ باشلانغىنىغا قانچە ئۇزۇن بولدى؟

— بىر - ئىككى كۈن بولدى، ھېلىقى قەغەز دۆۋىسى...

— بولدى قىلىڭ.

مەن ھەيران بولدۇم، بۇ چاقچاقچە ھېچكىم ماڭا مۇنداق مۇئامىلىدە بولۇپ باقمىغانىدى.

دوختۇر قەغەزگە نېمىلەرنىدۇ يازدى، مېنىڭ ئۇشتۇمتۇت يۈرىكىم ئاغدى، مەندە بىرەر خەۋپلىك كېسەل بايقالغانمىدۇ - يا؟ كۆڭلۈمنى ئەندىشە چۇلغىۋالدى، مەن دوختۇردىن ئەيمىنىپ سورىدىم:

— دوختۇر مېنىڭ كېسىلىم...

— نېرۋا ئاجىزلىقى.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، بايىنقى ئىككى سېسترامۇ ماڭا قورققاندەك نەزەر تاشلىدى، بىر مىنۇتقىچە ئاغزىم گەپكە كەلمىدى، يا كۈلۈشۈمنى، يا يىغلىشىمنى بىلەلمىدىم.

— نېمە دەۋاتىسىز دوختۇر، — دېدىم مەن ئېچىنارلىق ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، — مەن بىر مەكتەپتە 50 بالىنى ئاغزىمغا قارىتىپ دەرس ئۆتۈپ يۈرگەن مۇئەللىممەن.

— شۇنداق، شۇنداق، مەستلەرنىڭ ھەممىسى مەن ھاراق ئىچمىدىم، دەيدۇ.

قايسىبىر چەت ئەل يازغۇچىسىنىڭ بىر ئەسىرىنى ئوقۇغان ئىدىم، ئۇنىڭدا ساپساقلا ئادەمنى ساراڭ دەپ گۇمانلىنىپ كۈنلەرنىڭ تەرتىپىنى ئارىلاشتۇرۇپ سوئال سوراپ ئاخىر ساراڭخانىغا ئاپىرىۋېتىدىغان بىر ۋەقە بار ئىدى، ئۆز ۋاقتىدا بۇنى ئوقۇپ ئىشەنمىگەن ۋە يازغۇچىنى يالغانچى دەپ قارىغان ئىدىم، مانا ئەندى بۇ ئىش ئۆز بېشىمغا كەلدى، ئۈچ ئادەم، ساپساق ئۈچ ئادەم ماڭا كوچىغا يالىڭاچ چىقىۋالغان ئادەمگە قارىغاندەك قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ مېنىڭ نورمال جاۋابىمدىنمۇ گۇمانلىنىپ تۇرغانلىقى چىرايىدىن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

تۇرۇپلا بېشىم قايغاندەك، كۆزلىرىم تورلاشقاندەك بولدى. دوختۇر ئۇزاتقان دورا قەغىزىنى ئېلىپ، ئاستا تاشقىرىغا ماڭدىم. ئۇلار قورقۇنچ، ئېھتىيات، گۇمان ئارىلاش نەزەرلىرى بىلەن مېنى ئۇزىتىپ قالدى، دورامنى ئېلىپ بولۇپ كېسەللىك تارىخى يېزىلغان دەپتەرنى سومكامغا سېلىۋېتىپ كاللامدا بىردىن ئۇنى ئوقۇپ بېقىش خىيالى پەيدا بولدى، ئۇنىڭدا قەنتلىك سۈيدۈك كېسىلى، مالىخولىيا ۋە يەنە قانداقتۇر كېسەللىكى بار بىر بىمارنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان ئىدى، ئۇ ئەرمۇ، ئايالمۇ، ئۇيغۇرمۇ، تاجىكمۇ ھېچنېمىسى يېزىلمىغان ھەتتا ئىسمىمۇ يوق ئىدى، پەقەت كېسەل ئەھۋالى ۋە بېرىلگەن دورىلارلا خاتىرىلەنگەنىدى.

كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى، بۇ كېسەللىك تارىخى ئەلۋەتتە مېنىڭ ئەمەس ئىدى. مېنىڭكىدە بىر قېتىم زۇكام بولۇپ داۋالانغاندىن باشقا ھېچنەرسە يېزىلمىغانىدى.

قارىغاندا ئىشىكتە تۇرغان ئاۋاق ئايال دىققەتسىزلىكتىن مېنىڭ نومۇرۇمنى

(ئاخىرى 123 - بەتتە)

قۇندۇز مۇھەممەت

# چۈچۈك قىدىرلەر

## سەھرا

ئانىدەك مېھرىبان، سېخى كەڭ سەھرا،
ئىنسانلار رىزقىنىڭ پۈتمەس بۇلىقى.
بېرىدۇ ھاياتقا كېرەك ھەممىنى
سەھرانىڭ شۇ ئېسىل مۇنبەت تۇپرىقى.

دېھقانلار قەلبىدەك سۈزۈك ساپ ھاۋا
يۈرەككە شىپادۇر، تېنىڭگە داۋا.
جانلىرىڭ يايرايدۇ سىغماي تېرەڭگە،
چۇرۇقلاپ قۇشلىرى قىلىشسا ناۋا.

كۆز تىكسەڭ كەڭلىككە ئەقلىڭ لال بولۇر،
پايانسىز ئېتىزلار ئۇپۇققا تۇتاش.
تارايدۇ مېۋىزار باغلاردىن ئىپار،
ھەر مېۋە مەڭزىدە كۈلەر بىر قۇياش.

چولپاننى ئويغىتىپ مېھنەت شاۋقۇنى،
ئاقىدۇ شەھەرگە جەننەت نېمىتى.
بال تامار مېۋىلەر شېرىنلىكىدە
ئاشىدۇ تۆكۈلگەن تەرنىڭ قىممىتى.

## تۇرمۇش كوچىسىدا

ئۇ كېلۇر شاد خۇرام، مەغرۇر ۋە ئەركىن،
ھاياتتىن كېرەكلىك ھەممىنى ئېلىپ.
مەڭستىمەس باسىمۇ تاغ كەبى قايغۇ،
تەقدىرى ئالدىدا ماڭار يول ئېچىپ.

ئۇ كېلۇر قانائەت ئۇيقۇسىدا مۈگدەپ،
پىرقىراپ بىر ئىزدا ئاشمايدۇ قىردىن.
بەزلەيدۇ تەقدىرى مۇڭلۇق ئەللەيلەپ،
ۋە لېكىن كېپىنى ئاشمايدۇ تىزدىن ...

## دوست ئىدىڭ، لېكىن ...

يېقىنىمسەن، سىردىشىم ھەمدە،
بىرگە بولدۇڭ شادلىق ۋە غەمدە.
قول ئۇزاتتىڭ دوستلۇق يەتكۈزۈپ،
باشقا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە.

شۇنداق ئىكەن تەقدىر ئويۇنى
يامان كۈنلەر قالدى ئارقىدا.
چىن دوستۇم دەپ قىلدىم ئەقىدە
ياخشى چاغلار قۇچاق ئاچقاندا.

ئەپسۇس، بۈگۈن ئاشۇ ئىشلارنى،
كىمنى كۆرسەڭ قىلدىڭ ھېكايە.
دوستلۇقىڭنى ساتتىڭ نەچچە رەت،
ياخشىلىقنى قىلىپ دەسمايە.

سىر دەپ ساڭا تۆككەنلىرىمنى
كۆرگەزمە قىپ ئاچتىڭ رەستىدە.
مىنىنتىڭدىن يېرىلدى بېشىم،
باغنى بۇزدۇڭ شاپتۇل قەستىدە.

## ئەلۋىدا ئۆتمۈش

كەچمىشمنى سالما ئېسىمگە،
قەلبىڭنىمۇ قىلمىغىن ئىزھار.

چۆل - چۆل بولۇپ سۇنغان يۈرىكىم
يەنە قايتا يېمىسۇن ئازار.

قانات سۆرەپ ئەگىپ يۈرمىسۇن
كەينىمدىن شۇ قاباھەتلىك چۈش.
يىراقلاردا قالدى ئۇ ئۆتمۈش،
پۈتتى ئەمدى كۆز ياشلار تۆكۈش.

قىسمەتلىرىم ئۆگەتتى ماڭا
ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغىن، دەپ.
يىقىلسامۇ دەس تۇردۇم شۇ ئان،
ئاچاللاردا قالمىدىم مەڭدەپ.

### يىغلىما ئەمدى

چىققانىدۇق بىللە سەپەرگە،
بىر نىشانغا مۇرىلەر تىرەپ.
ئۈمىدسىزلىك ھالسىراتتىمۇ،
يېرىم يولدا قالدىڭ ھەسرەپ.

— دېدىڭ، — بولدى جاپا تارتقۇم يوق،
تۇرسا ئۈچام پۈتۈن، قورساق توق.
شۈكرى قىلىپ مۇشۇ كۈنۈمگە،
تىلىمەيمەن بۇنىڭدىن ئارتۇق.

قالدىڭ ئۇخلاپ تۇشەكتىلا سەن،
مەن ياماشتىم تىك قىيالارغا.
گاھ تېيىلىپ، گاھ مۇدۇرسەممۇ،
چىڭ يېپىشتىم نۇر - زىيالارغا.

سەييارە سەلەي

## ئاقارغان تاڭمۇسەن

داۋالاش خالايدۇ جىملىقنى ھامان،
گويا كى مۇھەببەت ئوخشاش ياشنىغان.
خالىماس داۋراڭنى، شۆھرەتنى قۇرۇق،
بۇ شۇنداق ئاددىي، تىنچ، مېھرلىك جاھان.

سەن شۇنداق مۇھىتتا ئەي ھەمشىرە قىز،
ئۇنسىز ئاق پەردەك يۈرىسەن دائىم.
قاتتىقراق كۈلمەيسەن كېسەلخانىدا،
كۆيۈمچان، ئىشچانسەن قىزغىن، مۇلايىم.

ئېغىر ئىش، مەينەتئىش سەسكەندۇرەلمەس،
ئوتتىنىمۇ، سۇدىنىمۇ قاچمايسەن تۇگەل.
ئەجەلگە قارشى سەن جەڭلەرگە چۈشكەن،
ئەجدادىڭ سىياقى كۆزۈڭگە مەشئەل.

چىننەدەك پاكىز سەن يۈرگەن مۇھىت،
تامىمۇ ئاق، كارىۋاتمۇ، يوتقانلارمۇ ئاق،
ئىزىڭغا قونمايدۇ زەررە چاڭ - توپا،
ئاقارغان تاڭمۇسەن چاچقان خۇش پۇراق.

يۈزۈڭگە سالمايدۇ رەنجىشلەر سايە،
جىنەستە لەۋلەردىن كەتمەس تەبەسسۇم.
كۆزۈڭدە ئىنسانىي شەپقەت جىلۋىسى،
دىللارنى ئۇبرازىڭ كېزىدۇ مەسۇم.

نەيىم يۈسۈپ

## قاراماي ئىلھاملىرى

### قاراماي سۆيگۈسى

قاراماي، قوينۇڭدا تۇغۇلدۇم، ئۆستۈم،
سەن مېنىڭ ۋاپادار ئانا ماكانىم.
ھەممىنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ سەن بىلەن
ئۆتمەكتە شادلىقتا گۈلدەك ھاياتىم.

مەن ئۈچۈن مۇقەددەس قەدەم جايىم سەن،
غۇرۇرۇم، قۇۋانچىم، بەختىمسەن ئۆزۈڭ.
سەندىكى ھەر گىياھ سوكسوك، يۇلغۇنمۇ،
كۆزۈمگە لالىدەك كۆرۈنەر گۈزەل.

سۆيىمەن قاراماي سېنى جېنىمدەك،
سۆيىمەن بۈك ۋېشكا ئورمانلىرىڭنى.
سۆيىمەن سانائەت تېنىگە دەرمان
بەرگۈچى نېفىت ـ گاز فونتانلىرىڭنى.

سۆيىمەن باغرىڭنى ماكان ئەيلىگەن
كۆزلىرى دىلرابا ئاھۇلىرىڭنى.
ئېلىكنور ①، ئاق تېرەك ② كۆلىگە زىننەت
بەرگۈچى شوخ بېلىق، ئاققۇلىرىڭنى....

سۆيىمەن قاراماي سېنى دىلىمدىن
پەرزەنتىنىڭ ئانىنى سۆيگىنىدەك چىن.
بۇ سۆيگۈ مەن بىلەن كەتمەيدۇ ئەسلا،
قالىدۇ مىراس بوپ ئەۋلادلار ئۈچۈن.

نېفىتچى قىزغا

سەن ئەگەر گۈل ـ غۇنچە بولساڭ،
مەن گويا بۇلبۇل بولۇپ،
بىر ئۆمۈر سايراپ ئۆتەي،
ئىشقىڭدا شاد ـ خەندان تۇرۇپ.

كەلسە جۇت ئاسراي سېنى
تاغ سۈپەت مەغرۇر تۇرۇپ،
چاڭقىساڭ ئاتەش تومۇزدا،
مەن ياغاي يامغۇر بولۇپ.

سارغىيىپ ياپراقى ـــ بەرگىڭ،
قالسا رۇخسارىڭ سولۇپ؛
پاكى ۋىجدان ئالدىدا مەن
مىڭ ئۆلەي تۈزكور بولۇپ.

نېفىتلىكتىكى يوللار

چېتىلغان سانسىز نېفىت قۇدۇقى
ئۆمۈچۈك تورىدەك چىغىر يول بىلەن.
ئەتراپى قاقاس، گىياھلار قاقشال،
ئورالغان تامام سۇسىز چۆل بىلەن.

يامغۇردا پاتقاق، قاردا تېيىلغاق،
بۇ يول ناتونۇش رەڭدار گۈل بىلەن.
سايرايدۇ بۇندا دائىم بوز تورغاي،
ئەسرارمۇ ئەمەس شوخ بۇلبۇل بىلەن.

گۈلدەك ئېچىلىپ نېفىتچى قىزلار
قاتنايدۇ خۇشال ئاشۇ يول بىلەن،
چۆلدىن گۆھەرنى ئالىدۇ سۈزۈپ،
قايتماس ئىرادە، باتۇر قول بىلەن.

جېلىلى

## سۆيگۈ نەزمىلىرى

### سۆيگۈ ۋە ساداقەت

تاڭ بىلەن تەڭ يورۇقلۇققا كۆز ئېچىپ،
ئالتۇن قۇياش بۆشۈكىگە بۆلەندىم.
شادلىق بىلەن ئىقبال ماڭا يۈز ئېچىپ،
ھاياجاندا نۇر قەسرىگە يۆلەندىم.

ئانا مېھرى ۋۇجۇدۇمغا بەردى كۈچ،
قانات ياساپ ئۇچتۇم كۆككە غايىدىن.
يەڭدىم جاپا نۆكەرلىرى كەلسە دۇچ،
ئەقىل تېپىپ ئەلنىڭ كۆڭۈل رايىدىن.

① ئور خۇ رايونىدىكى تەبىئىي كۆل.
② قاراماينى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ سۇ ئامبىرى.

نۇر سۆيگۈسى يۈرىكىمدە جۇش ئۇرۇپ،
ئاشىق كەبى باغاشلىدىم قۇياشنى.
تۇتتۇم ئاڭا مەي (قەدەھنى توشتۇرۇپ)،
پەخرىم بىلىپ نۇر بىلەن تەڭ ياشاشنى.

ئارزۇ - ئۈمىد، ئىجاد - مېھنەت، مۇھەببەت
ئېلىپ كەلدى ماڭا تالاي ئەۋزەللىك.
مەندە بولغاچ ئاق كۆڭۈل ھەم پاك نىيەت،
قۇچىقىنى ئاچتى چەكسىز گۈزەللىك.

كۆڭۈلسىزلىك ھېس قىلمىدىم تۇرمۇشتا،
ماكان بولدى ماڭا ئوتلۇق جەڭگاھلار.
زەربە بەردىم قارا نىيەت مەلئۇنغا،
تېرىپسىرەن بولدى رەزىل ئەرۋاھلار.

ئىتتىپاقلىق - دوستلۇق گۈلى ئېچىلدى،
خۇشپۇراقا تولدى زېمىن - كەڭلىكلەر.
مىللەتلەرنىڭ رىشتى مەھكەم چېتىلدى،
بولغاچ بىزدە باراۋەرلىك - تەڭلىكلەر.

شۇڭا ئەسلا تەنگە سىغماس شادلىقىم،
تىلەكلىرىم ۋىسال تاپتى قۇت بىلەن.
گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈردى ياشلىقىم،
سۆيۈنىمەن ئەجرىم سىڭگەن يۇرت بىلەن.

ماڭا ھەمراھ قۇياش، سۆيگۈ، پاك ۋىجدان،
يىرگىنىمەن پاتقاقلارغا پېتىشتىن.
ۋەتىنىمگە بولۇپ مەڭگۈ پاسىبان،
ساقلىغايمەن تىنىچ ئۆزگىرىپ كېتىشتىن.

**ھايات تەشنالىقى**

(1)

ئۆيىدە بىر بوۋاي ئولتۇرار تەنھا،
(مەھبۇبى مەڭگۈلۈك كەتكەن ئۇيقۇغا.)
ئۇنىڭ جۇپ كۆزىدە چاقنايدۇ زىيا،
يۈرىكى لىق تولغان شېرىن تۇيغۇغا.

ئۆتەر كۆز ئالدىدىن گويا چېقىندەك،
تالاي يىل بۇرۇنقى گۈزەل ياشلىقى.
سۆيگۈسى ئۆركەشلەپ دەريا - ئېقىندەك،
دىل بەزگەن نىگارى - قەلەمقاشلىقى.

ئۆتكۈزگەن توينى ئەلگە چاي بېرىپ،
ياشىدى مىسلىسىز خۇشال ۋە ئىناق.
پەرزەنتلىك بولالماي كېتىشتى قېرىپ،
قىلىپ چىن ۋاپانى ئۆمرىگە قونداق.

ياشىدى ئاتمىش قىش، ئاتمىش ياز بىللە،
ئۆز ئارا ھۆرمەتلەپ بىر بىرىسىنى.
ياشىدى مەنىلىك ئىشلەتمەي ھىيلە،
ئاققۇزۇپ زېمىنگە ھالال تەرىنى.

خىياللار ئىلكىدە سۆزلەيدۇ بوۋاي:
مەن ئۇچۇن قىممەتلىك ئۇشبۇ ئەسلىمە.
بولىمايمەن تائابەت تەقدىرگە مالاي،
ئەزرائىل، پاك بولغىن، جانىنى قەستلىمە.

سۆيۈنۈپ كېتىمەن ھاياتلىقىمدىن،
كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغاچ كېچىنى.
قىلچە غەم يېمەيمەن ماماتلىقىمدىن،
يورۇتقاي زەر قۇياش كۆلبەم ئىچىنى...

(2)

تاڭ سەھەر ئويغىنىپ بوۋاي ئۇيقۇدىن،
ھاسىنى تايىنىپ چىقتى تالاغا.
كۆڭلىدە ئەسەر يوق ھەسرەت - قايغۇدىن،
كۆز تىكتى زوق بىلەن چەكسىز دالاغا.

ھاياتقا تەشنالىق كۆزىدە بېقىپ،
تەبەسسۇم قىلدى ئۇ قۇياش شارىغا.
يۈرىكى شادلىقتىن قاناتلار قېقىپ،
تەلپۈندى تەبىئەت - ئۇماق يارىغا.

دېدى ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ بوۋاي:
قۇياش، سۇ، زېمىندەك كۆپ ئۆمۈر كۆرسەم؛
دىلىمدا زەررىچە ئارمان قالمىغاي،
بەختىيار تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرسەم.

شۇ ئارزۇ ئىشقىدا تەپكەچ يۈرىكىم،
كەلمەيدۇ ئۆلۈم ئەس - يادىمغا پەقەت.
ئاچىدۇ گۈل - چېچەك ياشاش تىلىكىم،
قەلبىمدە ھاياتقا بولغاچ مۇھەببەت...

## ئانىلارغا ۋاپا قىلىڭلار

ئۇخلىتىدۇ ئانا بۇدرۇق بوۋاقنى
ئۇيقۇسىنى تەرك ئېتىپ كېچىدە.
بالىسىغا مۇھەببىتى جۇش ئۇرۇپ،
بىر ئالەمچە ئوت كۆيىدۇ ئىچىدە.

قىلغان ئانا ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەم
دۇنيادىكى بارچە مېھرۇ-ۋاپانى.
بالا ئۇچۇن كۆتۈرۈشكە رازى ئۇ،
شەرەپ بىلىپ نى-نى ئېغىر جاپانى.

ئانا مېھرى خاسىيەتلىك ۋە تىرەن،
ئوبرازىدۇر كەۋسەر ئاققان بۇلاقنىڭ.
ئانا باغرى يۇمشاق گويا ماموقتىن،
چىدىمايدۇ يىغىسىغا بوۋاقنىڭ.

بالىسىنى ئەزىز كۆرۈپ ھەممىدىن،
بېرەر ئانا ئاق سۈت-يۈرەك قېنىنى.
ئۆزى راھەت-پاراغەتتىن ۋاز كېچىپ،
بېغىشلايدۇ پەرزەنت ئۇچۇن جېنىنى.

ئانا دىلى سۆيۈندۇ ئۆزگىچە،
تىلى چىقسا بالىسىنىڭ «ئانا» دەپ.
يۈيۈپ-تاراپ پەرۋىش قىلار ھەمىشە،
كىيىمنى توپا قىلسا ئۆمىلەپ.

ئانا ئۇچۇن ئۇسمۇر چېغى بالىنىڭ
ئېلىپ كېلەر گۈزەل ئارزۇ-تىلەكنى.
مەرىپەتنىڭ نۇرلىرىغا چۆمسە ئۇ،
ھاياجانغا سالار ئوتلۇق يۈرەكنى.

پەخىرلىنەر ئانا ئوغۇل-قىزىدىن
بولسا ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، زىيالىي.
ۋەتەن ئۇچۇن تۆھپە قوشۇپ چېلىشتا،
ئالسا دەيدۇ بالام شەرەپ مېدالى.

ئانا كۆڭلى بولار مەڭگۈ خاتىرجەم،
پەرزەنتلىرى ئۆز بۇرچىنى ئاقلىسا.
ئېچىلدۇرۇپ ئېسىل خىسلەت گۈلىنى،
قۇچقان بۈيۈك شان-شەرەپنى ساقلىسا.

دەۋرىمىزنىڭ ئۈمىدىدۇر باللار،
ئانا تەشنا بالا بىلەن ھاياتقا.
بېرىپ ئانا پەرزەنتكە كۈچ-قۇۋۋەت،
ئىگە قىلغان ئۇنى سۇنماس قاناتقا.

پەرزەنتكە تىلەر بەخت-ئىستىقبال
دۇنيادىكى بار مېھرىبان ئانىلار.
ۋاپا قىلىپ ئانىلارغا بىر ئۆمۈر،
ئۇنى دىلدىن قەدىرلەڭلار باللار.

ئۆمەرجان مۇھەممەدى

## ھەيرانلىق

كۆك قىزىنىڭ بۇزۇلۇپ كۆڭلى،
دەرد-ھەسرىتى چىقتى يۈزىگە.
زېمىن تامان ئاقتى ياشلىرى
سىغمىغاچقا زەنگەر كۆزىگە.

دەردلىك دىلدىن ئاققان شۇ ياشلار
شادلىق بەخش ئەتتى زېمىنگە.

(يىغلىسا كۆك، يايرىدى زېمىن)
بىر سوغ تىترەك كىردى تېنىمگە.

ۋۇجۇدۇمدا ئاچچىق ئېچىنىش،
ھەيران قالدىم دۇنيا ئىشىغا.
بىرسى كۈلۈپ قىلدى تەنتەنە،
ئاھ، بىر سېنىڭ دەردلىك يېشىغا...

خالىدە ئىسرائىل



(پۈۋېست)

ئەتىۋارلىق مېھمانلار سورۇنغا ھامان كېچىكىپ كېلىدۇ. ئادەمگە لىق تولغان زال بويلاپ سالاپەت بىلەن تۆرگە قاراپ مېڭىش، تونۇش ۋە ناتونۇش چىرايلاردا، پارقىراپ كەتكەن كۆزلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئىچكى غۇلغۇلا، ھەۋەس، ھەسەت، تەمە، خۇشامەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خىلمۇخىل ئىپادىلەردىن، سورۇن ئەھلىنىڭ ئۇۋۇسىغا سۇ كىرىپ كەتكەن چاشقانلاردەك پاتىپاراق بولۇپ كېتىشىدىن، ساھىبخانلارنىڭ بەختىيارلىق، پەخىرلىنىش ئىچىدە خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشلىرىدىن ئۆز ئۈستۈنلۈكىڭنى، قەدىرىڭنى ھېس قىلىشتەك يېقىملىق ئىش بولمىسا كېرەك، دۇنيادا.

زال ئىشىكىدە قاتاڭغۇر، قويۇق قاشلىق ئوتتۇرا ياش ئەر كىشى بىلەن ئىككى خانىم پەيدا بولۇشى بىلەنلا، نەچچە يۈز جۈپ كۆز ئىشىك تەرەپكە ئاغدى. ئەڭ ئاۋۋال پاكار، توپقا ئوخشاش دۈگىلەك، قىزىل يۈزلۈك خۇش خۇي ساھىبخان بىلەن ئۇنىڭ راسا ياسانغان بەستلىك ئايالى ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى، ئارقىدىن، ئوتتۇرىدا مېڭىپ يۈرۈشكەن ئەر-ئاياللارمۇ ئاشۇ تەرەپكە قاراپ ئاقتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھال-ئەھۋال لىشىشتىن كېيىن مېھمانلار قوللىرىنى يۇيۇپ، چامىداندىن ھازىرلا ئېلىنغان ئاپئاق لۆڭگە بىلەن قوللىرىنى ئېرتىشتى ۋە تەنتەنىلىك ئۇزۇن سەپنىڭ ئۈزۈتىشىدا تۆرگە قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئوڭ تەرەپنى ئىگىلىگەن ئەرلەرمۇ، سول تەرەپتە ئولتۇرۇشقان ئاياللارمۇ ئىككى خانىمغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىشتى. ئەرلەر ئۇلارنىڭ ئاجايىپ مېڭىشلىرىغا، جەزىبىلىك تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان چىرايىغا مەپتۇن بولغان بولسا، ئاياللار ئۇلارنىڭ گويا قويۇق تۇمان كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك سىرلىق، ھەرىكەتچان تۇيغۇ بېغىشلايدىغان ئىسسىق ھەم يۇمشاق باش كىيىمىگە، بىر-بىرىدىن ئېسىل، كۆرپە ياقىلىق پەلتولىرىغا، پاشنىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئارتۇقمۇ، كەممۇ ئەمەس، دەل بىر غېرىچ كېلىدىغان پارقىراق قارا ئۆتۈكىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ قېلىشتى. خانىملارمۇ گويا ئۇلارنىڭ كۆڭلى-

نى چۈشەنگەندەك ئالدىرىماي، تونۇش-بىلىشلىرىگە بۇرۇلۇپ سالام قىلىپ، سۆلەت بىلەن مېڭىشتى. ياشراق بىرسى ھەتتا بېشىنى ئەتەي لىڭشىتىپ، قۇلىقىدىكى ئاجايىپ يوغان، سىگانلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئايسىمان سۆكىسىنى ۋالىلدىتىپ، كۆزلەرنى ئالاق-جالاق قىلىۋەتتى.

— ئاۋۇ كۆل رەڭ پەلتۇلۇقى — ئايالى، ئۇنىڭ يېنىدىكىسى... ئىشىك تەرەپتىكى ئورۇن-لارنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان ئاق سېرىق، سوزۇقراق يۈزلۈك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان ئايال بۇ سالاپەتلىك مېھمانلارنى ئەتراپىدىكىلەرگە شۇنداق دەپ تونۇشتۇرۇۋېتىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مەنىلىك سوزۇپ توختىتىۋالدى. شۇ ھامان ئاياللار توپى ئارىسىدا دەل-دەرەخلەرنىڭ مەيىن شامالدا شىلدىرلىشىدەك پىچىر-پىچىرلار ۋە كۈلكىلەرنىڭ سۇس شاۋقۇنى ئۇچۇپ ئۆتتى...

سەيلەر تارتىلىپ، رومكىلار بىرنەچچە قېتىمدىن ئايلانغاندىن كېيىن زالنىڭ بىر چېتىدىكى مەخسۇس ئورۇنغا جايلاشقان ئوركېستىر تانسا مۇزىكىلىرىنى ئورۇنداشقا باشلىدى. بىرنەچچە رومكا قېقىۋېلىپ روھلىنىپ قالغان پاقما چاچ، قىلتىرىقتەك ئورۇق، بوغدىيىكى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ناخشىچى يىگىت قولىغا مىكروفون ئېلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. ئېلېكترونلۇق چالغۇلارنىڭ كۈچلۈك شاۋقۇنى ئىچىدە ئۇنىڭ تۇرقىغا بەكمۇ ماس بولمىغان بوم، تۆۋەن ئاۋازى باشقىچە يېقىملىق ئاڭلىناتتى:

باققا كىردىم شوراڭدىن، تاكتاكچى يامان ئىكەن،
بىرنى ئۈزدۈم غوراڭدىن. ئايرىۋەتتى جورامدىن.

ناخشا-مۇزىكىغا ئەگىشىپ بىرنەچچە جۈپ تانسىغا چۈشتى. مەيدان بارا-بارا تولۇشقا باشلىدى. بىر-بىرىدىن ئۆتە ياسىنىشقان، بىر-بىرىدىن سەتەڭ قىز-چوكانلار، نافتالىن پۇراپ تۇرىدىغان كاستيۇملىرىنى قاتۇرۇپ كىيىپ، گالستۇك تاقىۋالغان، چاچلىرىنى مايلاپ پارقىرىتىۋالغان سۆلەتلىك ئەرلەر، سۇباتلىق، چەبدەس ياش يىگىتلەر جۈپ-جۈپ بولۇپ چىرايلىق پىرقىرىشاتتى. تېخى مەيدانغا چۈشمىگەنلىرى ئاياللار توپىغا كۆز تىكىپ، بىرەر تونۇش ياكى كۆڭۈلدىكىدەك جۈپ ئىزدىشەتتى. تانسا خۇمار ئاياللار چاندۇرماسلىقتا تىرىشىشمۇ، پات-پات ئەرلەر تەرەپكە تەلمۈرۈپ قارىشاتتى. يۇمىلاق شىرە ئاستىدىكى پۇتلىرى زادى جىم تۇرالمايتتى.

ھاراق-شاراب، ئەتىر، ئۇپا-ئەڭلىك پۇراقلىرى ئارىلاشقان مەست قىلغۇچى بىر پۇراق بارغانسېرى قويۇقلاشماقتا ئىدى. جۇشقۇن مۇزىكا، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىۋاتقان شوخ ناخشا كۆڭۈللەرنى ھاياجانغا سېلىپ، كۆزلەرگە ياش كەلتۈرەتتى. كىشىلەرنىڭ چىرايلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى. تۈگىمەس غەم-غۇسسىلار تورۇس ئاستىدا تىترەپ تۇرغان رەڭدار تۇمان ئاستىدا غايىب بولدى. زىممىسىگە ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ئالغان تېرىككەك، قاپىقى ئېچىلماس

سالاپەتلىك كىشىلەر بىردىنلا گەپدان، مەرد، خۇش چاقچاق كىشىلەرگە ئايلاندى. گۈزەل
چىرايلار، ئاشۇ چىرايلارغا چىراي قوشۇپ تۇرغان چەت ئەل ماللىرى، يېڭى پوسوندىكى
پوپايكا، يوپكىلار، ئاياغلار، ئالتۇن ئۈزۈك، ھالقىلار، مېدالىيونلارنىڭ قىممىتى بىردىنلا
مەسىلەپ ئاشقاندەك بولدى. ئەڭ يېڭى دودىدا، ئەڭ چىرايلىق ياسانغان ئاياللار يۇل-
تۇزلار ئارىسىدىكى تولۇن ئايدەك پارقىراپ، ئەرلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، ھوش-
كاللىسىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئەرلەرلا ئەمەس، ئاياللارمۇ ئاشۇ ئاجايىپ ئايال لار-
دىن كۆزلىرىنى ئالالمايتتى. ئۇلار بىلەن سالاملىشىش، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئول-
تۇرۇش، ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىۋېلىشنى قالتىس ئابروي ھېسابلىشاتتى. ئۇلار بولسا
ئۆز قەدىرلىرىنى تولۇق ھېس قىلغان ھالدا مەغرۇر ئولتۇرۇشاتتى. سۇرمە سۈرۈلگەن
جادۇ كۆزلىرىنى سۈزۈپ، چاندۇرماي باشقا ئاياللارنىڭ ئۈستىبېشىغا سەپسالاتتى،
تاسادىپىي، بىرەر ئايالنىڭ تېخىمۇ غەيرىي، تېخىمۇ ئېسىلرەك بىرەر نېمىسىگە كۆزى
چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، بىردىنلا تاتىرىپ كېتىشەتتى. زالنىڭ ئۇيەر-بۇيېرىدە كى-
يىم-كېچەكى ئاددىي، چىرايى سوغۇق ئاياللارمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ
ئۈستىبېشىدىن بارىنى يۇيۇپ، دەزماللاپ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ باققان بولسىمۇ،
يەنىلا جاپاكەشلىكى، ئامالسىزلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ھەرقانچە
خۇشال بولۇشقا تىرىشسىمۇ خۇشال بولالمايتتى، باشقىلارغا قوشۇلالمايتتى. ساھىبخانلار
بولسا ئۇلارغا يالغان كۈلۈپ، سوغۇققىنە تەكەللۇپ قىلىپ قويۇشاتتى. ياش، گۈزەل،
مەنمەنچى قىز-چوكانلار ئۇنداقلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قېلىشتىن ۋابادىن قاچقاندەك
قېچىشاتتى. بەزىلىرىگە ھەتتا بىرەر پىيالە چاي قۇيۇشقىمۇ ئادەم چىقماي قالاتتى.
ئۇلار ئەتراپىغا قاراپ چوڭقۇر-چوڭقۇر ئۇھ تارتىشاتتى ۋە ئاستاغىنە چىقىپ كېتى-
ۋەتتى. ئايشەم ئەنە شۇنداقلارنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ سورۇندىن چىقىپ
كەتكۈسى يوق ئىدى. ئۇ قىزىقىش، ھەيرانلىق، ھەسەت ۋە مەيۈسلۈك چىقىپ تۇرغان
كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكىپ، قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. ئاشۇ ئاجايىپ ئەرلەرگە ۋە
ئاياللارغا، ئۇلارنىڭ چىرايلىق پىرقىراشلىرىغا قاراپ تويمايتتى. پەقەت مۇشۇ مۇزىكىلار
ياڭراپ، ئاياغلار پىرقىراپلا تۇرسا، ئۇ نەچچە كېچە-كۈندۈز زېرىكمەي قېتىپ ئولتۇ-
رالىغان بولاتتى.

مۇزىكا ساداسى ئۈتتەك قىزىغان ھاۋانى تىترىتەتتى، ئوچۇق رەڭلىك پەردىلەر
تارتىلغان يوغان ئەينەكلىك دېرىزىلەرنى دىرىلدىتەتتى. كەيىپ بولۇپ يېرىم ساراڭ-
لاشقان ئادەملەرنى تامامەن ئەقلى-ھوشىدىن ئايرىۋېتەتتى. ئويناۋاتقانلار ھارغىنىنى،
يۈز-كۆزى، بويۇنلىرىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىۋاتقىنىنى، گىرىملىرىنىڭ سۈۋۈشۈپ،
چاچ پاسونلىرىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيتتى. تانسا ئوينىمايدىغانلار بېشىنى
بىر يەرگە تىقىۋېلىپ ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان، بىر-بىرى بىلەن باغلاشمايدىغان، مۇشۇ
يەردىن قوپۇپلا كەتسە ئەسلىرىدىن چىقىپ كېتىدىغان تۈگىمەس پاراڭلارغا چۈشۈپ
كېتىشكەنىدى. ئۇلار ھېچ سەۋەبسىز بىر-بىرىدىن كەچۈرۈم سورىشاتتى، دوستلۇق كۆ-
ڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشاتتى، سەۋەبسىزلا ئاغرىنىشاتتى، ھەتتا جېدەل قوزغاپ ئەتراپتىكى-

لەرنى پاتىپاراق قىلىۋېتىشەتتى.

شۇ ئەسنادا ئىشىك تەرەپتىكى ئورۇنلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان ئوتتـۇرا بـوي،
چوقا چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن، ھېچقانداق بىرتەرىپى بىلەن كۆزگە چېلىقمايـدىغان
بىر ئەر كىشى دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسـىدىن
قېقىلىپ، سوقۇلۇپ ئۆتۈپ، ئوتتۇر تۆرگە ـــ ئېگىز بوي، قاتاڭغۇر باشلىقنىڭ ئالدىغا ماڭـ
دى. ئۇ ھېچكىمنىڭ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمىغانلىقىغا قارىماي، بىر ئورۇندۇقنى سۆـ
رەپ ئەكىلىپ باشلىقنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇ شۇنچىلىك يېقىن ئولتۇردىكى، ئىككىـ
سىنىڭ پېشانىسى، بۇرۇنلىرى تېگىپلا قالدى. ئۇ، باشلىقنىڭ مۈرىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ،
هاراق، سەي پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان تىنىقىنى باشلىقنىڭ يۈزىگە پۈرقۈپ، ئۆزىنىڭ
كۆڭلىنى، ئۇيىاقىنى نەقەدەر چوڭ كۆرىدىغانلىقىنى، ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشقا
باشلىدى. باشلىق چىداپ تۇرالماي ئورۇندۇقنى كەينىگە سۈرۈۋىدى، ئۇمۇ تەڭ سۈرۈلدى.

ـــ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيسىز دەيمەن... زادىلا چۈشەنمەيسىز ... ـــ ئۇ، بىر
قولىنىڭ جەينىكىنى باشلىقنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ، يەنە بىر قولىنى ئالدى
تەرىپىدىن ئايلاندۇرۇپ، يۇمىلاق شىرەنىڭ گىرۋىكىگە يۆلەپ، خۇددى مەشۇقىنى قۇچاقلىماقـ
چى بولغان يىگىتتەك باشلىقنى قاپساپ قۇلىقىغا يەنە نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلاشقا باشلىـ
دى. ئاخىرى باشلىق ئورنىدىن تۇرۇپ باشقا جوزىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ خۇددى ئېغىر
يۈكتىن قۇتۇلغاندەك ھالەتتە، ئەمدىلا ئۆزىگە سۇنۇلغان قەدەھنى قولىغا ئېلىشىغا باـ
يىقى تاقىر باش بىر قۇرۇق رومكىنى كۆتەرگىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا يەنە كېلىـ
ۋالدى ۋە «سىز بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچمىسەم يۇخادىن چىقمايمەن» دەپ تۇرۇۋېلىۋالـ
دى. باشلىق بىلەن سوقۇشتۇرۇپمۇ ئىچتى، لېكىن ئىچىپ بولۇپ بىردىنلا خاپا بولـۇپ
قالدى. ئۇ كالۋالاشقان تىلىنى تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆزى بىلەن تەڭ خىزمەتكە
چىققانلارنىڭ ئالدى نازىر، ئىدارە باشلىقى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بولسا تېخـ
خىچە ئادەتتىكى كادىر ئىكەنلىكىنى، ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانىغىمۇ ئېرىشەلمىگەنلىكىنى،
قولىنىڭ قىسقىلىقىنى، ئايالىنىڭ شەرەنداز، چىرايلىق ئەمەسلىكى، باشلىقلارنى پات ـ
پات مېھمان قىلىپ تۇرالمايدىغانلىقى توغرۇلۇق شىكايەت قىلىشقا باشلىدى.

باشلىقنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. شىرەنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرغانلار بىردىنلا جىم بوـ
لۇشۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئارىدىن بىرى ساھىبخاننى چاقىرىپ قۇلىقىغا كۇسۇرلىۋىدى،
ساھىبخان بىلەن يەنە بىر ئەر كىشى تاقىر باشنى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ تاشقىرىغا ئېـ
لىپ چىقىپ كەتتى.

بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئايشەم كىشلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە ئىشىك تەرەپكە كېتىۋاتقان
ئېرى ھامىدجاننى تونۇپ، ئەمدى بۇ سورۇندا ئولتۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ
ئايالىلارنىڭ مەنىلىك قاراشلىرى، پىچىر ـ پىچىرلىرى ئارىسىدىن چوغقا دەسسەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ
ماڭغاندەك مېڭىپ ئۆتۈپ ئىشىك تۈۋىگە باردى. بىر پۈتىنى سىرتقا ئېلىپ بولۇپ زال
ئىچىگە غـاز بويىنىدەك ئۇزۇن، ئاپئاق بويىنىنى سوزۇپ، خۇش پىچىم گەۋدىسىنى تىككىنىدە
تۇتۇپ، بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ مەيداننى ئايلىنىۋاتقان داڭلىق ئۇسسۇلچـى ئايـالىغا

قىيالمىغاندەك بىر قارىۋەتتى - دە، قاپقاراڭغۇ كارىدوردا غايىب بولدى.

زالدا، ھەشەمەتلىك ئاسما چىراغلارنىڭ ئەتراپىدا رەڭدار قۇيۇن بارغانسېرى تېز ئايلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا ناخشا، مۇزىكا، هاراق - شاراب، ئەتىر، ئۇپا - ئەڭلىك ھەمدى، نۇرغۇن - نۇرغۇن شېرىن ۋە ئاچچىق ھېسسىياتلار، ئارزۇ - ئارمانلار، كۆز ياش، دەرد - ئەلەملەر سىڭگەنىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئايلىنىشاتتى، پىرقىرىشاتتى، ئۇلار ئەتىنى، زالنىڭ سىرتىدىكى شىۋىرغاننى، قاپقىقى يامان ئەرلىرى بىلەن هازازۇل خوتۇنلىرىنى ھېچنېمىنى - ھېچنېمىنى ئويلىمايتتى.

* *

ھامىدجان ئۆيگە كىرىپلا قۇسۇقنىڭ يېنىغا—سېمونت يەرگىلا موك چۈشۈپ ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتتى. ئايشەم كۆڭلىنىڭ ئاينىشىنى كۈچ بىلەن بېسىپ، تېزلىك بىلەن قۇسۇقنى ئادالىدى، ئاندىن ئىچكىرىكى ئۆيگە ئورۇن سېلىپ، ئېرىنى سۆرەپ، تارتقۇشلاپ مىڭ تەستە كارىۋاتقا چىقاردى. ئۇ ئۆينى بىر قۇر بېسىقتۇرۇپ بولۇپ، يۈز - قوللىرىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن، مېھمانخانىدىكى ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇزاققىچە تۇردى.

بايا ئۇنىڭ ئېرى «چىرايلىق ئەمەس» دەپ ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلدى. بەلكىم ئايشەم ھامىدجاننىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ «چىرايلىق» بولالماس. توغرا، ئۇ ئۇنچىۋالا كۆزنى چاقناتقۇدەك چىرايلىقلاردىن ئەمەس، لېكىن ئۆزىگە چۈشلۇق مېھرى بار ئوماققىنە چوكان. ئاق سېرىق چىرايىدا قاش - كۆزىنىڭ تايىنى بولمىغان بىلەن ئاشۇ ياساپ قويغاندەك قىرلىق بۇرنى بىلەنمىكىن ياكى يۇمىلاق ئېڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر بىر تال زىنىقى بىلەنمىكىن، ئىش قىلىپ بىر يەرلىرى بىلەن، ئۆزىگە قاراپ سالغان كىشىنى يەنە بىر قاراتماي قويمايدۇ. توۋا، گەپ قىلسا، كۈلسە ئاغزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان «ئوغرى» چىشلىرىمۇ ئۇنىڭغا باشقىچىلا يارىشىدۇ. ھەممىدىن لەۋلىرى چىرايلىق، سەل گۆشلۈك، قىپقىزىل، خۇددى دومسىيىپ تۇرغان ئوماق بالىنىڭ لەۋلىرىگە ئوخشاش ھېسسىيات تېمىپ تۇرىدۇ. بۇلارغا ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىنى قوشقاندا ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ خېلىلا قاملاشقان دېيىشكە بولىدۇ. شۇغىنىسى... ئۇنىڭ باشقىلارنى «ۋىيەي» دېگۈزگۈدەك تۈزۈكرەك كىيىمى يوق. «تازىنىڭ نېمىسى بار، تۈمۈر تاغىقى» دېگەندەك، تويدا تىككۈزگەن ئاشۇ بىرنەچچە قۇر كىيىمنى ھېلىغىچە سالماي كىيىپ كېلىۋاتىدۇ. يېڭىلىرىنى تىكتۇرمىدى ئەمەس، ئەمما ئۇلارنى قولۇم - قوشنىلىرىنىڭكىگە ياكى تويدا كۆرگەن خوتۇنلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە مودا دېگەن نېمىنىڭ تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغىنى! ئۇ باشقا ئاياللارنىڭ شۇنچە ئاجايىپ - غارايىپ كىيىملەرنى ۋە ئاشۇ كىيىملەرنى سېتىۋالغۇدەك پۇلنى نەدىن تاپىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولاتتى. بىر قېتىم ئۇ يەككە تىجارەتچىلەر ئاچقان كىيىم - كېچەك بازىرىغا بېرىپ قېلىپ، ئېسىقلىق تۇرغان كىيىملەرنىڭ باھاسىنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ يېنىپ كەلگەنىدى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە مەيۈسلىنىپ يۈردى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەرگە بارمىدى...

ئۇ سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ ئەينەكنىڭ ئالدىغا يەنە كەلدى. خىـ
يالىدا بۈگۈن كەچتە ئاياللارنىڭ ئۇچىسىدا كۆرگەن ئاجايىپ كۆڭلەك، پوپايكىلارنى، يوپـ
كىلارنى كىيىپ كۆرەتتى. چىرايلىق، بېجىرىم پاچاقلىرىنى ھەم ئوراپ تۇرىدىغان پارـ
قىراق ئۆتۈكلەرنى، توشقان ياقىلىق ئېسىل پەلتۇلارنى كىيىپ ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا
مېڭىپ باقاتتى، كېلىشكەن، سۆلەتلىك ئەرلەر بىلەن پىرقىراپ تانسا ئوينايتتى...
ئۇ، چوڭ دىۋاننىڭ ئۈستىگە ئورۇن سېلىپ ياتقاندىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە ئۇخـ
لىيالمىدى. يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان مۇزىكا ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، كەينى - كەيـ
نىدىن ئۇھ تارتىۋەتتى. كۆز ئالدىدا كىشىنى مەست قىلغۇچى قىزغۇچ تۇمان توختىـ
ماي پىرقىرايتتى...

*　　*

ئايشەم تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا ئۇلارنىڭ يېقىن قوشنىسى قاسىم ئاـ
كىلارنىڭكىگە ئۈرۈمچىدىن بىر مېھمان كەلدى. مېھمان 40 لاردىن ئېشىپ راسا تولۇشـ
قا باشلىغان ئاق سېرىق، بادام قاپاق جۇۋان ئىدى. قىسقا يېڭىدىن ئوخشىغان ھېسىپـ
تەك چىك، ئاپئاق بىلەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. پۇتىغا بىلىنەر - بىلىنمەس نېپىز كاپىـ
رون پايپاق، كۆڭلىكىگە ئوخشاشلا سارغۇچ، كىچىككىنە، ئاجايىپ توپلەي كىيگەن، بوينىـ
غا قات - قات مەرۋايىت ئاسقان، قوللىرىغا ئالتۇن بىلەيزۈك، ئۈزۈكلەرنى بولۇشىغا سېلىـ
ۋالغان بۇ ئايال ئەتىدىن كەچكىچە قاسىم ئاكىلارنىڭ ھويلىسىدىكى تەكىنىڭ ئاستىغا قوـ
يۇلغان كارىۋاتتا قوشلاپ قويۇلغان ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ياتاتتى. ئۆزىنى يەلپۈگەچ،
توختىماي ئىسسىقتىن، توپىدىن، چىۋىندىن زارلىناتتى.
— سەھرايى قىيامەت دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن... ھەي ئېسىت، شۇمۇ تۇرمۇش
بولدىمۇ! ئاپتاپقا قاقلىنىپ، لاي - توپىغا مىلىنىپ شۇنچە ئىشلىسىمۇ، قولى پۇل، ئۇـ
چىسى تۈزۈكرەك ئىگىن كۆرمىگەن. ئاياللىرىغۇ قول ئىكەن. ھەي بىچارىلەر، كىرقات
يۇمىسا، ئۆي بېسىقتۇرمىسا، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇمىسا، ئېتىزغا چىقمىسا تېخى بولمىـ
غان ... ماۋۇ ئۇششاق باللىرىنى دەيمەن، قۇرتتەك، قىپيالىڭاچ، توپىدا ئېغىنىشىپ،
سۇ ئىچىپ يۈرىشىدىكەنۇ، يەنە شۇنداق ساغلام چوڭ بولىدىكەن ... ھەي! بۇيەرلەرگە
سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ ئۈرۈمچىلەرنى جەننەت دېسەك بولغۇدەك. سۇدىن تارتىپ ئوـ
بۇرنىغىچە ھەممىسى ئۆيىنىڭ ئىچىدە، ئۆيلىرىمىز قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن، يەيدىغىـ
نىمىز پونكىتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئاق ئۇنى، كۆكتاتنىڭ خىللىقىچۇ تېخى... يېقىشىمىز گاز،
بىرلا بۇراپ قويساق بىردەمدىلا ئاش، چاي تەييار بولۇۋاتقان. تۇۋا، تۇۋا، خالىغانچە
يەپ،ئىچىپ، خالىغانچە خەجلەپ، كۆزىمىزگە چىرايلىق كۆرۈنگەننى كىيىپ ياشاپمۇ يەنە
شۈكرى دېمەپتىكەنمىز، يوقىلاڭ ئىشلارغا ئۆزىمىزنى خاپا قىلىپ يۈرۈپتىكەنمىز...
چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مۇشۇ مەھەللە تەۋەسىدە باغ - ھويلىلىرى بار بىر داڭدار
بەگنىڭ نەۋرە قىزىمىش. بەگ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن، بالاـ
چاقلىرىمۇ باشقا يۇرتلاردا ئوقۇپ، جاھاندارچىلىق قىلىش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن،
يېزىدىكى ئەڭ قېرى بوۋايلارمۇ بەگنىڭ بۇ نەۋرە قىزىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ دادىسىنىمۇ

ئەسلىرىگە ئېلىشالمىدى. پەقەتلا ئايال ئۆزىدە قانداقتۇر مۇھىم قەغەزلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ، قاسىم ئاكىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتا-بوۋىسىنىڭ ئاللىقاچان خاراب بولۇپ ئۈچتىن بىرى قالمىغان بېغىنى، تەگدىن تولىسى چېقىلىپ، ئۆرۈلۈپ كەتكەن، پېشايۋانلىرىنىڭ نەقىشلىرى سارغىيىپ، قۇرت يەپ كەتكەن ياغاچلىرىدىن بۇرۇنقى ھەشەمەت، شان-شۆھ-رەتنىڭ ئىزنالىرى ئانچە-مۇنچە ساقلىنىپ قالغان خارابە ئۆيلەرنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ تەتىل ۋاقىتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن ناھىيىگە ئۇنى ئايشەم باشلاپ باردى. مېھماندارچىلىق، سەيلە-تاماشىلاردا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. زۆرۈر تې-پىلغاندا ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەردى. شۇ ئىشلارنىڭ يۈزىسىدىنمىكىن، ئۇ ئايال ئايشەمگە باشقىچىلا ئىچىكىپ ئامراق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ: «ئېسىت، ئېسىت! مۇشۇنداق ئوماق، چېچەن قىز بالا مۇشۇ سەھرايى قىيامەتكە زايە كەتە-مەمدۇ؟ ئۈرۈمچىلەردەك ئەركىن-ئازادە شەھەرلەردە بولسىڭىز، تازا پاسون كىيىملەرنى كىيىپ، ئويناپ-كۈلۈپ باشقىچە ئېچىلىپ كېتەتتىڭىز-دە، ھېلىمۇ كېچىكمەيسىز، بىر ئېمە قىلىپ ئىمتىھاندىن ئۆتسىڭىزلا ئۈرۈمچىدە قېلىشنى ھەدىگىزگە قويۇپ بېرىلىك...كې-يىن، كۆڭۈلدىكىدەك لايىقمۇ تاپىمىز، تازا كېلىشتۈرۈپ تويىڭىزنى قىلىمىز...» دەپ تات-لىق گەپلەرنى تولا قىلدى. كېتىدىغان چېغىدا ئايشەمگە سارغۇچ شىپىلىڭ كۆڭلىكىنى، ئۇ-نىڭدىن باشقا يەنە پايپاق، تاغاقتەك بىرمۇنچە ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى بەردى. بۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە كالتە يەڭلىك كۆڭلەك كىيىش گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئايشەم ئۇ كۆڭلەكنى كىيەلمىگەن بولسىمۇ، ساندۇقىدا ئەتىۋارلاپ ساقلىدى. ھەر قېتىم ساندۇقنى ئېچىپ، ئاشۇ كۆڭلەكنى كۆرگەندە ھېلىقى ئايالنىڭ گەپلىرى ئېسىگە كېلەتتى-دە، كۆز ئالدىدا سېرىق-يېشىل، قىزغۇچ نۇرلار چاقناۋاتقاندەك، ئۇ ئۆزىنىڭ پەرىزاتتەك ياسىنىپ ئاشۇ ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭدار نۇر ئېقىمى ئىچىدە ئۈزۈپ كېتى-ۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتى. كۆڭلىدە: «نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن، مۇشۇ سەھرايى قىيامەتتىن قۇتۇلماي قويمايمەن. ئۈرۈمچىگە ياكى ۋىلايەتكە كېتەلمىسەم، ناھىيە بازىرىغا بولسىمۇ كېتىمەن» دەپ نىيەت قىلاتتى.

ئەمما ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى. بۇ ئۇنىڭغا بەكمۇ قاتتىق زەربە بولدى. ئۆيىگە قايتىپ بارا-بارماي ئاتا-ئانىسى: «پەلەس ياغىچى بادىر بولمايدۇ، دېھ-قان بالىسى كادىر بولمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن دېگەن قىز بالا، قىز بالىنىڭ تەلىيى ئەردىن چىقمىسا بىكار. يەنە ئىمتىھان بېرىمەن دېگىنىڭ بىلەن ئۆتسەڭغۇ ياخشى، ئۆتەلمىسەڭ قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنىڭدىن بەك چوڭ بولۇپ كەتسەڭ ئەر-مۇ ئالمايدۇ» دېيىشىپ، توي تەرەددۇتىغا چۈشۈشتى. شۇنداق قىلىپ ئايشەم ئىلگىرىكىدەك ئۇزۇن پايپاق كىيىپ، روملىنى بويىنىغا سېلىپ يۈرەلمەيدىغان، باغقا كىرىۋېلىپ سائەت-لەپ كىتاب ئوقۇيالمايدىغان بولدى. ئانچە خالىمىسىمۇ ناماز ئوقۇشنى ئۆگەندى، ئۆي ئىشلىرىغا، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا ئانچە-مۇنچە قارىشىدىغان بولدى. ئۇ ئالدى 3—4 ئەرگە تېگىپ، بىرنەچچە بالىلىق بولۇپ كەتكەن تەگتۇشلىرىغا، تۇرمۇشنىڭ ھېچبىر خۇۋلۇقىنى كۆرمەي، ياش تۇرۇپلا ھۆسن-جامالىدىن كېتىشكە باشلىغان، قوللىرى جىگدە

قوۋزىقىدەك قارىداپ، يىرىكلىشىپ كەتكەن ئاچىلىرىغا، بەل ئاغرىقى تۇپەيلىدىن ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى مۈكچىيىپ مېڭىپ ئۆتكۈزگەن جاپاكەش ئانىسىغا قاراپ گويا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ئۇنىڭ ئانىسىغا تولىمۇ ئىچى ئاغرىيتتى. بىراق، ئانىسىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دېھقان دېگەن شەھەرلىكلەردەك ھەدېسىلا دوختۇرخانىغا قاترىيالمايدۇ، ئۆيدە تەكىيىنى قىرلاپ خاتىرجەم ياتالمايدۇ. دېھقان ئاياللار تۇغۇپ ئۈچىنچى كۈنىلا بېلىنى چىڭ تېڭىپ ئېتىزلىققا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەن. دېمەك ئايشەمنىمۇ ئەنە شۇنداق تەقدىر كۈتۈپ تۇراتتى. بۇنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ يۈرىكىنى غايەت زور بىر جۈپ قول مەھكەم مۇجۇۋالغاندەك بوغۇلاتتى، ئېچىلىپقىنا كۆلەلمەيتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ جىمغۇرلۇقنى باشقىلار تەقدىرگە تەن بەرگەنلىك، ئۆتكەن كۈنلىرىدىن قول ئۈزگەنلىك، دەپ چۈشىنەتتى. يېزىلىق ئاشلىق پونكىتىنىڭ كاسسىرى تۆت بالىسى بىلەن خوتۇنىنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئايشەملەرنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزدى. بىللە ئوقۇپ، يېزىغا بىللە يېنىپ كەلگەن بىر ساۋاقدىشىمۇ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تىجارەت قىلىپ، كېيىن شەھەردە دۇكان ئېچىۋالغان مۇشۇ يېزىلىق بىر يېگى بايمۇ ئەلچى كىرگۈزدى. ئاتا-ئانىسى «تېگى ئوبدان، ئادەمگەرچىلىكى بار» دەپ يۈرۈپ يەنە بىر ئىككى يەرنى تېپىشتى. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئايشەمنىڭ پىسەنتىگە كەلمىدى. ئۇ ئاشۇ باش قېتىمچىلىقتا تۇرغاندا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئاچىسى ئېرىدىن ئاجرىشىپ ئەمچەكتىكى بالىسى بىلەن ئۆيگە يېنىپ كەلدى. يېنىپ كېلىپ بىرەر ئاي بولا-بولماي، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ كادىرىغا تېگىۋالدى. مائارىپ كادىرى 50 ياشلاردىكى ئېگىز بوي، دوكراق كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ كۆزەينەك تاقاپ يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، دىھقانلار ئۇنى «تۆت كۆزلۈك ئەپەندى» دېيىشەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ، ھازىرغا قەدەر يەتتە خوتۇن ئاپتۇ. ھەر قېتىم توي قىلىپ بىرەر يىل بولا-بولمايلا، خوتۇنىنى خەلق ئوقۇتقۇچىلىقىغا كىرگۈزۈۋالىدىكەن. يەنە بىرەر يىلدىن كېيىن، يۇقىرىدىن شتات كەلسىلا، تۈيدۈرماي رەسمىيلەشتۈرۈۋالىدىكەن. ئەپسۇسكى، خوتۇنلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا تۇغۇپ بەرمەپتۇ. ئۇ بولسا ئەيىبنى خوتۇنلىرىغا دۆڭگەپ كونىسىنى قويۇپ بېرىپ، يېڭىسىنى ئېلىۋېرىپتۇ. يەتتىنچى خوتۇنى ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ باشقا ئەردىن قورساق كۆتۈرگەندىن كېيىنلا، ئۇ تەقدىرگە تەن بەرگەن بولسا كېرەك، قىز ئالىمەن دېگەننى تاشلاپ، بىر-ئىككى باللىق تۇل ئايالدىن بىرنى ئېلىپ، باللىرىنى بىللە باقىسام دېگەن يەرگە كەپتۇ، شۇنداق پەيتتە ئايشەمنىڭ ئاچىسى ئۇنىڭغا تەييار ئاش بولۇپ ئۇلگۇرۇپتۇ...

ئايشەمنىڭ ئاچىسى كىچىكىدىن مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ساۋاتسىز چوكان ئىدى. شۇڭا بۇ قېتىمقى ئامەت تەبىئىي ھالدا ئايشەمگە كەلدى. ئايشەم خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن شتاتلىق بولۇۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئىشلىگەچكە، ئۇزۇن ئۆتمەي مەكتەپتە خېلى ئېغىزغا چىقىپ قالدى. كېيىنچە ئۇ مەكتەپتە ئۈچىنىڭ بىرى سانىلىدىغان ئابرويلۇق ياش ئوقۇتقۇچى سەمەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئوتىدا كۆيۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا چۆمدى ۋە ھېلىقى سېرىق شىپىڭ

كۆڭلەكنى ۋە باشقا ھەممە خىياللىرىنى ئۇنۇتقاندەكمۇ بولدى. ھەممە ئادەم گۈلى - گۈلىگە، خىلى - خىلىغا كەلدى، مانا ئەمدى توي ئويناىدىغان بولدۇق، دېيىشىۋاتقان كۈنلەردە ئايشەمنىڭ ھايات يولىدا تۇپكى بۇرۇلۇش بولدى. ئۇلارغا يىراق تۇغقان كېلىدىغان ھامىدجان ئۆيلەنگىلى ئۈرۈمچىدىن يۇرتىغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ شەھەرلىكلەرچە كاستىيۇم - بۇرۇلكىسىنى، شىلەپىسىنى كۆرۈپلا، ئايشەمنىڭ كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك، ئاشۇ يورۇقلۇق ئىچىدە يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قايتا كۆرگەندەك بولدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىلگىرى بىر قېتىم ئۆيلەنگەنلىكىگە، يېشىنىڭ ئۆزىدىن خېلى چوڭلۇقىغا، چىرايىنىڭ سەتلىكىگە قارىماي ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ شەھەر ھەقىقەتەن باشقا بىر دۇنيا بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى قاماشتۇردى. ئۇنىڭدا ئاجايىپ ئادەملەرنى، ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئايشەم شەھەر ھاياتىنى كۆرۈپ، ئۆگىنىپ، سىڭىرىپ ئۈلگۈرەلمەيتتى، ئۇنىڭ رىتىمىغا زادىلا يېتىشەلمەيتتى.

*

ھامىدجان مەستلىكى يېشىلگەندىن كېيىن، ئاخشىمى بولغان ئىشلارنى خىرە - شىرە ئېسىگە ئېلىپ، چۈشىنى يوقۇۋالغاندەك غەشلىك ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن سەل ئۆزىنى تارتىپ قالغانلىقى، ئىدارىدىكى ئاياللارنىڭ كۇسۇر - كۇسۇر قىلىشلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ دەككە - دۈككىگە چۈشتى. ئۇ، باشلىقىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەپۇ سوراشتىن نېمىشقىدۇر قورقاتتى، شۇڭا، كارىدوردا باشلىقىغا ئۇچراپ قالماسلىق، باشقىلارنىڭ مەنىلىك قاراشلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن ئەتىدىن - كەچكىچە ئىشخانىسىغا سولىنىۋېلىپ ئولتۇردى. ھەتتا تەرەتتى قىستاپ كەتسىمۇ، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى توشمىغىچە سىرتقا چىقمىدى. تولا غەم قىلىپ، تولا ئويلاپ مېڭىسى ئېتىلىپ كېتەيلا دەپ قالدى. «ھامىد، ھەي ھامىد! خۇدايىم ئۇرۇپتۇ سېنى. «ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر ھەر باب بىلەن» دېگەننى بىلمەيتتىڭمۇ؟ ئۆزۈڭ چاشقاندەك يۈرەكسىز بىر نېمە تۇرۇپ مۇشۇكنىڭ بۇرۇتىغا چالما تىزماقچى بولغىنىڭنى قارا سېنىڭ ...»

ھامىدجان ئەزەلدىن كەمسۆز، جېدەل - ماجىرالاردىن ئۆزىنى تارتىدىغان ئادەم ئىدى. مۇشۇ قېتىمقىسىنى قوشقاندا ئۇ ھاياتىدا ئىككى قېتىم كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا چاتاق چىقاردى. بىرىنچى قېتىملىقى، ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئىش. ئۇنىڭ نىجات ئىسىملىك بىر ياتاقدىشى بار ئىدى. ساپ - سېرىق بۇدۇر چېچىنى سۈپۈرگە قوناقنىڭ پۈپۈكىدەك پاقپايتىۋالىدىغان، ھەر ئاخشىمى شىمىنى كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قىر چىقارمىسا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بۇ يىگىت مەھەددانىلىق قىلىپ قىزلارنى ئاغزىغا قاراتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، بىر پۈكىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان قۇرۇق سۆلەت بايۋەتچە ئىدى. ھامىدجاننىڭ ئۆيىدىن پۇل كەلگەن ھامان ئۇنىڭدىن 6 - 5 يۈەن قەرز سورايتتى. ھامىدجان ئۇنىڭ بۇ پۇلنى قايتۇرمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بېرەتتى.«پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى؛ پۇل تېپىلىدۇ، ئادەم تېپىلمايدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىر قېتىم ئىككىيلەن شەھەر سىرتىدىكى بىر مەكتەپكە ئويۇنغىلى باردى. نىجات بۇ يەردىمۇ قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن قىزلارنى كولدۇرۇپ، تۆردىن چۈشمەي ئولتۇردى. ھامىدجان

بولسا، مەردلىكنى سەل ئاشۇرۇۋېتىپ يېنى قۇرۇقدىلىنىپلا قالدى. ئەمما ئۇ نىجاتنىڭ يېنىدا پۇل بارلىقىنى بىلگەچكە ئانچە ئەندىشە قىلىپمۇ كەتمىدى، كىم بىلسۇن، قايتىش ئۈچۈن ئاپتوبۇسقا چىققاندا، نىجات ئۆزىگە بىر كىشىلىكلا بېلەت ئېلىپ كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇردى. ھامىدجان «ئاداش، بېلەتتىن يەنە بىرنى ئېلىۋەتكىنە، يېنىمدا پۇلۇم قالماپتىكەن ...» دېگەندىمۇ، چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي: «مېنىڭمۇ پۇلۇم قالمىغاندى دېگىنە، ئاداش» دەپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى. ھەتتا بېلەت ساتقۇچى ھامىدجاننى بىرمۇنچە سەتلەپ، دۈشكەلەپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈۋەتكەندىمۇ مىت قىلىپ قويمىدى. ئۇ يولنىڭ تەڭدىن تولىسىنى پىيادە بېسىپ، ياتاققا يېرىم كېچىدە يېتىپ كەلدى. ھامىدجان ئۈچىنى ئەتىسى تاماقخانىدا، نەچچە يۈز قىز-ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدا چىقاردى.

نىجات ئۇنىڭ «تۇخۇم كاككىلايدۇ» دېگەن سۆزىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۆچكىنىڭ مەرىشىدەك كۆلگەن كۆلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ بولغىچە، قاتتىق تەگكەن مۇشتتىن سېمونت يەرگە سەي شۆپەكلىرى، غاجىلاپ تاشلىۋەتكەن سۆڭەكلەرنىڭ ئۈستىگە يومىلاپ كەتتى. شۇ كۈنى باشقىلار توسۇۋالمىغان بولسا ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاتتىكىن. ھامىدجان مۇشۇ ئىش تۈپەيلى سىنىپتا ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان بولسىمۇ، كۆڭلىدە ھەرگىز پۇشايمان قىلمىغانىدى. ئەمما بۇ قېتىمقىسىزە ... ئۇنىڭ رەنجىتكىنى ھېلىقى پاخىما باش ئوقۇغۇچى نىجات ئەمەس، ھامىدجانمۇ ئىلگىرى كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدىغان قارام ئوقۇغۇچى ئەمەس، بەلكى يېشى بىر يەرگە بارغان، ئىسسىق-سوغۇقنى خېلى كۆرۈپ، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى چۈشىنىپ قالغان ئادەم. ئۇ ئۆزىنى ئايىشى كېرەك ئىدى، تەشكىل دېگەننىڭ يۈزىدە تۈكى بار نەرسە، شۇنچە ياخشى ئىشلىگەننى كۆرمەي، كىچىككىنە سەۋەنلىككە ئېسىلىپلا ئالىدۇ. بىر قېتىم ياغلىق قاپاق ئاتالدىڭمۇ، ئۆمۈرۋايەت ياغلىق قاپاق پېتى قالىسەن.

دېمىسىمۇ، ھامىدجان بۇ ئىدارىگە كەلگەندىن بۇيان ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن يامان ئەمەس چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ چېچى بىكاردىن-بىكارغا چۈشۈپ كەتكىنى يوق، كېچە-كېچىلەپ ئۆگەنگەنىنىڭ، ئىشلىگەنىنىڭ، ئۆزىنى، جېنىنى ئاياشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئۇ. ئەمما ... ئىشلەشنىلا بىلىپ، سۆزلەپ تۇرۇشنى، قىلغان ئىشنىڭ بىرىنى ئىككى قىلىپ كۆرسىتىشنى بىلمىسىمۇ بولمايدىكەن، جاھاندىكى ئىشلارنىڭ بىرى جەك، توققۇزى رەك، دەپ بىكار ئېيتىشماپتىكەن. لەيلەپ يۈرۈپ جان باقىدىغانلار، ئاغزىدا گېپى بارلار، باشلىقنىڭ ئارقىسىدىن چىقمايدىغانلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆسۈپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭ ئورنىڭ، ئۆينىڭ، ئىززەت-ھۆرمەتنىڭ چوڭى شۇلارنىڭ بولدى. ھامىدجان بولسا، بىر بۇلۇڭدا قېلىۋەردى. ھەي، ... ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەك ساددىكەن. ئادەملەرنى، جەمئىيەتنى زادىلا چۈشەنمەيدىكەن. مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىدىن چىققان كۈندىن تارتىپلا ئۇنىڭ كۆڭلىدە «ياخشى ئىشلىسەم، تەشكىل، ئامما كۆرمەي قالمايدۇ» دەيدىغان ئىشەنچ بار ئىدى. ئەمەلىيەت پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ چىقتى. ئۇ ھەممىلا جەھەتتە ئۇتتۇردى، تەلتۆكۈس ئۇتتۇردى. شۇڭا، بىرىنچى خوتۇنىمۇ ئۇنى جىگىرى يوق، دەپ تاشلاپ كەتتى. بىر ئوغۇل بالا، بىر ئەر كىشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئېغىر دەرد بولمىسا كېرەك. دېمىسىمۇ، ئەمەل ئۇنى-

ۋان، بىرەر دەرىدىجە ماتاش دەردىدە ساراڭ بولۇپ كەتكەنلەر، هاراقنى تولا ئىچىپ، پىد-
يەنچۈك بولۇپ كېرەكتىن چىققانلار ئازمۇ. هامىدجانمۇ بىر مەزگىل هاراققا ئۆزىنى ئۇرۇپ
تۆگىشىپ كەتكىلى قىل قالغان. كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالغان. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى دەرد
كۆچەيسە-كۆچەيدىكى، ئازايمىدى، يۈرەك باغرى زەرداپ بولۇپ كەتتى. مانا ئەمدى ئەمەل،
ئۇنۋاندىن ئۈمىد كۈتۈپ باق! بۇ ئىدارىنىڭ ۋىلايەت، ناهىيىلەردە تارماقلىرى، شىركەتلىرى
خېلى بار. ئەنە شۇلار ساڭا ئوخشاش كادىرلارغا تازا ئېهتىياجلىق. ئەمدى ئاستا كەشىڭنى
توغرىلاشنىڭ تەييارلىقىنى قىلساڭ بولارمىكىن...
هامىدجان ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئازابلاپ يۈرگەن چاغدا ئۇنى
ئىككى ئاغىنىسى يوقلاپ كەلدى. ئۈچەيلەن يۇرتداش، ساۋاقداش هەم يېقىن دوست
ئىدى. تۇنجى ئايالى تاشلاپ كەتكەندە، هامىدجان ئەركەكلىك غۇرۇرىنى، يۈز ئابرويىنى
هەممىنى قايرىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا هۆركىرەپ يىغلاپ كەتكەن. ئۇلار ئۇنىڭغا تە-
سەللى بەرگەن. مەسلىهەت، يول كۆرسىتىشكەنىدى. شۇڭا ئۇمۇ بۇ ئاغىنىلىرىنى چوڭ بى-
لەتتى، ئۇلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى قەدىرلەيتتى، ئىش-كۆشلىرىگە جان-دىلى بىلەن
قارىشاتتى. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ بىرى — راسا سەمىرىپ قورساق سېلىشقا باشلىغان، قەد-
دي-قامىتى كېلىشكەن ئوسمان — يېقىندىن قۇرۇلغان بىر ئىدارىنىڭ نامىدا بار، ئەمەلدە
يوق بىر باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن بىر «جاڭ» لىققا ئېرىشە-
ۋالغىنى ئۈچۈن، ئىشلىرى جايىدا، كۆڭلى توق بولۇپلا قالماي، مىجەزىنىڭ خۇشخۇي،
چىقىشقاقلىقى، كەڭ قورساقلىقى، ئويۇن-تاماشىغا ئامراقلىقى بىلەن جامائەت ئىچىدە، هەم
ئەل-ئاغىنىلىرى ئىچىدە خېلى هۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. هامىدجاننىڭ مۇهەممەد يۈسۈپ
ئېلى باقى ئىسىملىك يەنە بىر ئاغىنىسى مەلۇم بىر تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيتتى. گويا ئۇ-
زۇن هەم ئېغىر ئىسىم فامىلىسىنىڭ سالمىقىدىن مىجىلىپ كەتكەندەك يوغان بۇرۇن، ئورا
كۆز بۇ ئادەم خۇدانىڭ شۇنداق بىر بەندىسى ئىدىكى، يا هاراق-تاماكىغا، يا خوتۇن كىشى
زاتىغا، يا ئەمەل-پەمەل تۇتۇشقا قىزىقمايتتى. ئەزەلدىن هېچقانداق پارتىيە-گۇرۇهقا قات-
ناشمىغان، هەرقانداق داغدۇغىلىق سىياسىي هەرىكەتكە قارىتا «چەتتە قاراپ تۇرۇش»
پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلگىنىگە قارىماي، سىياسەت، هوقۇق، هاكىمىيەت ئىشلىرى توغرى-
سىدا سۆزلەشكە ئامراق ئىدى. ئۇ تارىختىكى چىن شىخۇاڭ، گىتلېر، ستالىن، لىن بياۋ-
لارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن سۆزلىسە مەن-مەن دېگەن سۆزمەنلەرنى ئاغزىغا قارىتىۋالات-
تى. شۇڭا خىزمەتداشلىرى ئۇنىڭغا «پەيلاسوپ» دەپ لەقەم قويۇشۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ تۇر-
مۇش، مۇهەببەت، ئايال كىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت جەهەتلەردىمۇ هېچكىمگە ئوخشىماي-
دىغان بىر قاتار قاراشلىرى بار ئىدى. ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇهەببەتكە، ئەخلاق
دىيانەتكە ئىشەنمەيتتى. كىشىلىك دۇنياسىدىكى بارلىق هەق-ناهەقچىلىق، ئۇرۇش-جېدەل
قاتىللىقلارنىڭ هەممىسى خۇددى هايۋانلارنىڭ كۈچلۈكى ئاجىزىنى، چوڭى كىچىكىنى
يەپ هايات كەچۈرگىنىگە ئوخشاش تەبىئىي هادىسە، دەپ قارايتتى. بارلىق نەزەرىيە،
قائىدە-مىزانلار، ئەخلاق قاراشلىرىنى مەلۇم كىشىلەرنىڭ مەلۇم مەقسەتكە يېتىش يولىدا
ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسىلىرى، ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۆزگىرىدۇ، چۆرۈپ تاشلىنىدۇ، ئادەم

ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەللى ۋاستە تاللىماي ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز ھاياتىنى قوغداش، ھوقۇق مەنپەئەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، دەيتتى. ئاغزىدا ھەر نېمە دېگەنبىلەن، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ باشقىچە بىر دۇنيا ئىكەنلىكىنى پەقەت ئوسمان بىلەن ھامىدجانلا بىلەتتى. دېمىسىمۇ، بۇ دۇنيادا كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئادەملەر ئىچىدە نى-نى باغرى قاتتىق زالىملار، ئەلپازىدىن ئادەم قورققۇدەك قوپال، بەت-بەشىرىلەر ئىچىدە ئاجايىپ ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل ئادەملەر كۆپقۇ. پەيلاسوپ ئەنە شۇنداق غەلىتە ئادەم ئىدى. گەپلىرى قۇلاققا قوپال ئاڭلانغىنى بىلەن، ئۆمرىدە بىرەر ئادەمنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ باقمىغانىدى، مۆرىتى كەلگەندە دوستلىرىغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ھېچنەرسىسىنى ئايىمايتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ ھامىدجاننىڭ دەردىگە شېرىك بولۇش ئۈچۈن، ئاتايىتەن ئوسماننى باشلاپ كەلگەنىدى. ئاغىنىلەر ئادەتتىكىچە ھال-ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، ھامىدجان ئىشكاپنى تىرىقشىتىپ بوتۇلكا، رومكىلىرىنى چىقاردى. «پەيلاسوپ» نى زورلاپ ئولتۇرماي، ئوسمان بىلەن ئىككىسى ئىچىشكە باشلىدى. «پەيلاسوپ» ئىككىسىگە ئۈن-تىنسىز قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇ ئاچچىق ئىچىملىكنىڭ مەلۇم مىقدارغا يەتكەندە، ئادەمنىڭ ئىچىدىكى گەپنى قالدۇرماي سىرتقا ھەيدەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. دەرۋەقە، ئۇزۇن ئۆتمەي ھامىدجان سۆزلەشكە باشلىدى. بېشىنى يەردىن ئالماي، ئالدىرىماي، ئېسىگە ئالالىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىدى. ئەندىشىسىنى، ئىچىگە تۇشۇپ كەتكەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا تۆكتى. سۆزلىگەنسېرى كۆڭلىنى تاشتەك بېسىپ تۇرغان بىر نەرسە ئېرىۋاتقاندەك بولۇپ، چىرايى ئېچىلىشقا، جاۋغايلىرىدا ئانچە-مۇنچە مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ سۆزلەپ بولۇپ ئاغىنىلىرىگە قارىدى. ئەمدى نۆۋەت ئۇلارغا كەلگەنىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆتكەن قېتىمقىدەك تەسەللى ئىلھام بېرىشى، يول كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى.

ئالدى بىلەن ئوسمان، بۇنچىۋالا ئىشلارنى ئىچىڭگە سېلىپ ئۆزۈڭنى قىيناپ ئاۋارە بولما، باشلىقنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۆزرە سوراپ قويساڭ ئىش پۈتمەمدۇ، ئۇمۇ ئادەمغۇ، ئوغۇل بالىغۇ ... دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. پەيلاسوپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپ: ئۆزرە سورا، لېكىن، قۇرۇق گەپ بىلەن ئەمەس، راسا كاتتا تەييارلىق قىلىپ، ئۆيۈڭگە چاقىرىپ ئۆزرە سورا، ئۆيۈڭگە كىرمەي قالماسلىقى ئۈچۈن، يۈزى چوڭراق كىشىدىن بىرنى ئارىغا قوي، كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن مەسلىھەتلىشىمىز، دېدى. شۇنداق قىلىپ، كېيىنكى يەكشەنبە كۈنى ھامىدجان ئۆيىدە 5 – 6 كىشىلىك زىياپەت ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئۇ پەقەت، قورقماي پۇلنى چىقىرىدىغان، ئالىدىغان-قويىدىغانغا ئوسمان بىلەن «پەيلاسوپ» مەسئۇل بولىدىغان، زىياپەتنىڭ سەي-تاماقلىرىنى ئېتىشكە مەلۇم بىر چوڭ مېھمانخانىنىڭ ئاشپىزىنى تەكلىپ قىلىشىدىغان بولدى. ھامىدجان تاقەتسىزلىك، دەككە-دۈككە ئىچىدە كۈنلەرنى سانايتتى. ئايشەم بولسا، بالكۈنىدىكى كۈنسېرى ئاۋۇۋاتقان گۆش، تۇخۇم، توخۇ، بېلىق، كونسېرۋا، ھۆل-قۇرۇق يېمىش، كۆكتات دۆۋىسىگە قاراپ 5 – 6 ئادەم مۇشۇنچىۋالا نەرسىنى قانداقمۇ يەپ بولار، دەپ ھەيران بولاتتى.

* *

پاكىسز ئاق خالات كىيگەن ئايشەم ۋالىلداپ تۇرىدىغان دورا ـ ئوكۇل ئىشكاپلىرىنىڭ ئالدىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئېرىنچەكلىك بىلەن تىرناقلىرىنى ياساپ ئولتۇراتتى. كەڭ، يوروۇق دېرىزىلەردىن چۈشۈپ تۇرغان پارلاق قۇياش نۇرى ئۇنىڭ قاپقارا بوياپ، قىسقا بۇدۇر قىلىۋالغان چاچلىرىنى، نازۇك، ئۇزۇن بوينىنى قىيا يوروۇتۇپ، جا هالقا تاقىۋالغان كىچىككىنە بىرقۇلىقىنى گويا هال‌رەڭ ياقۇتتىن ئويۇپ ياسالغاندەك سۆزۈك، پارقىراق تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇ خۇشياقماسلىق بىلەن قولىنى ئۆزىتىپ تۇرۇپكىنى ئالدى. تېلېفوندىن بىر ئايالنىڭ چاڭىلداپ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋەي، ئايشەممۇسىز؟ ئىشىڭىز ئالدىراشمۇ؟ ئۇنداق بولسا ياخشىكەنغۇ... ھېلىقى يەردە بارغۇ، ئاجايىپ پوسۇن ئاياغلارنى سېتىۋاتقۇدەك، دەرھال چىقىڭ، ئاپتوبۇس بېكىتىدە ساقلاپ تۇرۇمەن.

ئايشەم شوخ بىر ئاھاڭغا غىڭشىغاچ، خالتىنى سېلىپ تاشلاپ، ئىشىك تەرەپتىكى تامغا يىلىملىق لاتا بىلەن چاپلاپ ئورنىتىلغان كىچىككىنە تۆت چاسا ئەينەككە قاراپ، چاچلىرىنى نېرى ـ بېرىدىن تارىدى ـ دە، قوزۇقتىن سومكىسىنى ئېلىپ، ئوكۇل قەغىزى بىلەن پېنىسلىن قۇتىلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىۋاتقان قېرى خوتۇنغا قاراپمۇ قويماي تاقىلداپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى. ئاپتوبۇس بېكىتى چوڭ دەرۋازىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئىدى. ئۇ ئايىغى ئۈزۈلمەس ماشىنا، ئاپتوبۇس ئېقىمىنى ئارىلاپ ئۆتۈۋاتقىنىدا، دولقۇنسىمان بۇدۇر چېچى يەلكىسىدە يېيىلىپ تۇرىدىغان، چىرايلىق گىرىپتىشىن كوپتا ئۈستىگە سۇر رەڭلىك پىنجەك بىلەن يوپكا كىيگەن چىرايلىق چوكان بېكەتتىكى كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇ، هامىدجاننىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئادەتتىكى بىر كادىرنىڭ ئايالى دىلبەر ئىدى. ئۇلار قوشنا ئولتۇراتتى. دەسلەپكى چاغلاردا بۇ قوشنىلارنىڭ هامىدجان بىلەن ئايشەمگە قارار كۆزى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش قورچاقتەك ياسىنىپ يۈرۈشىدىغان، هالى يوغان كومپانىيىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «تىڭجاڭ»، «چۇجاڭ»، «بۇجاڭ»... لارنىڭ قىز ـ ئوغۇللىرى ئىدى. دىلبەرلەرنىڭ بەكمۇ ياسىداق، چاقچاقنىغىنە مېھمانخانىسىدىن ئاشۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يېرىم كېچىگىچە ناخشا ـ مۇزىكا ئاۋازى، ئاياغلارنىڭ دۈپۈر ـ دۈپۈرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئايشەم قىزىقىپ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئۆي ئىچىگە قاراپ باقماقچى بولۇۋېدى، دەل مۇشۇ دىلبەر ئىشىكنى ئۇنىڭ يۈزىگىلا جالاقشىتىپ يېپىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ زامانىۋى دوستلىرى بولسا ئاغزىلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، سەھرالىق دېسە، سەھرالىق دېيىشىپ، ۋىلىقلاپ كۈلۈشۈپ مازاق قىلىشقان ئىدى. مانا بۈگۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. ئاشۇ ئىشلار ۋە يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىغاندا هامىدجان بىلەن ئايشەم «پەيلاسوپ» تىن مىننەتدار بولماي تۇرالمايدۇ. ئاشۇ قېتىمقى زىياپەتتىن كېيىن، باشلىق ئوغۇل ئۆيلەشكە تۇتۇش قىلدى. توينىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ مەدىكاردەك ئىشلىگىنىنى ھېسابقا

ئالمىغاندىمۇ، تويىنى مۇبارەكلەپ ئەكەلگەن سوۋغىتىنىڭ ئۆزىلا باشلىقىنىڭ ئايالىنى خې-
لى رازى قىلدى. كېيىنچە خوتۇن خەقلەر ئارىسىدا باشلىقىنىڭ ئوغلىنىڭ يېڭى ئۆيىگە
ئاسقان چوڭ گىلەمنى ھامىدجان ئېلىپ بېرىپتۇ، دېگەن گەپ - سۆز تارقالدى. ئايشەم
بىر كۈنى ئاخشىمى ھامىدجاندىن بۇ ھەقتە ئانچە - مۇنچە گەپ ئېلىپ باقماقچى بولغا-
نىدى، ھامىدجان ئۇنى: «خوتۇن كىشى بولغاندىكىن، سىڭگەن نېنىڭنى يەپ يۈرۈۋەرمەم-
سەن؟ كىم قويۇپتۇ ساڭا بۇ ئاتىكاچىلىقنى!» دەپ كېپىنىڭ شىپىغا ئۇرۇۋەتتى. بۇ
گەپنىڭ راست - يالغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھامىدجان
باشلىقىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلاندى. ۋاقتى - سائىتى كېلىپ ئايشەمنىڭ خىزمەت
مەسىلىسىمۇ ھەل بولدى. ئۇ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر چوڭ دوختۇرخانىدا ئال-
تە ئاي سېستىرالىقنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئىدارىنىڭ داۋالاش پونكىتى-
غا ئورۇنلاشتى. ئارقىدىن ھامىدجان بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى. دې-
مەك، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن ئېتىكلىك تۇرغان يول مانا ئەمدى داغدام ئېچىلىپ كەت-
تى. ئامەت، تەلەي ھامىدجاننىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ ھا-
زىر ئىلگىرىكى ھامىدجان ئەمەس، ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ۋاقىتلاردا نەقەدەر نادان
ئىكەنلىكىنى ئېچىنىش بىلەن ئەسكە ئالىدۇ. ئۇ شۇنچە يىل ئوقۇپ، مۇشۇ جەمئىيەتتە
ئىشلەپ، ياشاپ تۇرۇقلۇق قانداق ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىشنى بىلەلمىگەنىكەن. دېمىسى-
مۇ، باشلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بەزى ئاغىنىلىرى
ئۇنىڭغا نېمە پايدا يەتكۈزدى؟ ھازىر ئۇ، تونۇش، ئاغىنە دېگەننى باققالنىڭ ئالدىدىن
ئالما تاللىۋالغاندەك شۇنداق تاللايدۇكى، ھاي، ھاي ... ئۇنىڭ يېقىندىن بېرىقى تونۇش-
لىرىنىڭ ھەممىسى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى،
كەلگۈسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان ئىستىقباللىق كىشىلەر.

ئىلگىرى ئۇ باشلىق دېگەننىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى، دەرد - مۇڭىغا شېرىك، ئېغىر-
يېنىك كۈنلەردە يانتاياق بولالايدىغان، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كەيپىياتى، گەپ - سۆزلى-
رىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان كىشىلەرگە موھتاج ئىكەنلىكىنى، قىسقىسى، ھەرقانداق ئادەم-
دە بىر ئاجىزلىق بولىدىغانلىقىنى، ئادەملەردىكى ئاشۇ ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىشنى بىلگەن-
دە بۇ دۇنيادا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش، يەتكىلى بولمايدىغان مەقسەت يوقلۇقىنى بىل-
مىگەنىكەن. ھەي ... خەقلەر مەھەممەت يۈسۈپ ئېلى باقىغا بىكارلا «پەيلاسوپ» دەپ
لەقەم قويۇۋالمىغانىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا پەيلاسوپ بىلدۈردى. ئۇ، ھامىد-
جاننىڭ كۆزىنى ئاچتى، ئۇنى ئادەم قىلدى.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كادىرلار باشقارمىسىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى پات - ئارىدا
پېنسىيىگە چىقارمىش، بۇ ئورۇنغا كۆز تىكىپ تۇرغانلار ئاز بولمىسىمۇ، ھامىدجاننىڭ كۆڭ-
لىدە بۇ ئورۇننى ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئىگىلەيدىغانلىقىغا نىسبەتەن تولۇق ئىشەنچ بار. شۇ
سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ يېقىندىن بېرى تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيدىغان بولۇپ كەتتى.
ئۇنىڭ قارىشىچە، پەقەت ئەخمەقلەر بىلەن خوتۇنىدىن قورقىدىغانلارلا، خوتۇنىغا ئاچچىقسۇ
ئەكىلىپ بېرىش، قاچىسىنى يۇيۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىشتىن چۈشۈپ ئۇتتۇر ئۆيىگە يۈگۈ-

رەيدۇ. هامىدجان هەرگىز ئۇنداقلاردىن ئەمەس، ئۇ دېگەن ئەر كىشى، ئەر كىشىنىڭ ئىشى تالادا. ئۇ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى باشلىقلار بىلەن ياكى ئۆزىگە ئوخشاشلار بىلەن چوڭ ئىشلار ئۈستىدە پىكىرلىشىش، مۇهاكىمە يۈرگۈزۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، ئايشەمنىڭ بەختىگە دوستلىرىنىڭ كۆپىيىپ قالغىنى، ئۇنى هازىر دىلبەرلەرنىڭ كومپانىيىسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى دېسىمۇ بولىدۇ. ئۇ تېلېفوندا ئۇلار بىلەن كىيىم-كېچەك مودىسى، قايسى ماگىزىندا نېمە بارلىقى توغرىسىدا سائەتلەپ سۆزلىشىدۇ. ئىشتىن چۈشكەندە يا ئۆيىدە دوستلىرىنى كۈتۈۋالىدۇ، يا دىلبەرلەر بىلەن چاي، مېهماندارچىلىقلارغا بارىدۇ. دېمەك، هامىدجان ئۆيىدە بولمىسىمۇ ئۇ ئانچە زېرىكىپ قالمايدۇ.

دىلبەر ئۇنى شەهەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ كىيىم-كېچەك بازىرىغا باشلاپ كەلدى. ماگىزىنىنىڭ پۈتۈن بىر تېمىنى قاپلىغان ئەينەكتىن پۈكەيلەردىن تام-تورۇسلارغىچە ئېسىلىپ كەتكەن چەت ئەل ماللىرى؛ رەڭگارەڭ زەر هەللىرى بىلەن كۆزنى چاقنىتىدىغان رەختلەر، ئەڭ يېڭى مودىدىكى كىيىم-كېچەكلەر، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى، باش-ئاياغ كىيىملەر ۋە ئاشۇ ئېسىل ماللارنى ئايلىنىپ كېتەلمەي يۈرگەن قىز-چوكانلار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سېترېئولۇق ئۇنئالغۇدا قويۇلۇۋاتقان تۈركىيە ناخشىسى ماگىزىننى بىر ئالغانىدى. دىلبەر ئايشەمنى چەتتىكى بوتكىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى، قاشلىرىنى ئىنچىكە تېرىپ، كىرپىكلىرىنى قايرىۋالغان، ئاق يۈزلۈك، كۆك كۆز سودىگەر چوكان بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن خېلىغىچە پىچىرلىشىپ سۆزلەشتى. ئۇ چوكاننى قايىل قىلدى بولغاي، چوكان: «بوپتۇ، سىلەردىن باشقىسى بولسا، نىسىيگە مال بەرمەيتتىم، ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزى، ئەمىسە ۋەدىگەلەردە تۇرۇڭلار جۇمۇ!» دەپ ئىككى جۈپ ئاياغنى ئېلىپ بەردى.

ئايشەم دىلبەر بىلەن سودىگەر چوكاننىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ، يان تەرەپتىكى كىشىلەر توپى ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ بىر ياش يىگىتتەك قىلاتتى. ئايشەم ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىگەن بولسىمۇ، قامىتى، قانداقتۇر بىرهەرىكەتلىرى كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ، ئۆزىچە بىر خىل دىلغۇللۇق ئىچىدە قالدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ دىلبەر بىلەن بىرلىكتە سودىگەر چوكان بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە بۇرۇلۇشىغا، بايىقى يىگىت بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچرىشىپ قالدى ۋە شۇ هامان هاڭ-تاڭ بولغىنىدىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، تۇرغان ئىزىدا تۇرۇپلا قالدى.

— خۇدايا توۋا، سەمەتقۇ بۇ!

ئۇنىڭ بوغۇزىدىن شۇنداق بوغۇق، غەلىتە بىر ئاۋاز ئېتىلىپ چىقتىكى، دىلبەر ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئايشەمگە، ئارقىدىن ئۇنىڭ قارشىسىدا تۇرغان ياش يىگىتكە هەيرانلىق بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن بىر نەرسىنى پەملىگەندەك بولۇپ نېرىراق كەتتى.

— قانداق، تىنچ-ئامان تۇردۇڭمۇ؟... ئەجەب ئەجەبلىنىپ كەتتىڭا؟ بىزنى ئاشۇ سەهرادىن چىقالمايدۇ، دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

سەمەت باشتىلا ئۇنىڭغا توك تەگدى.

— ياق، ياق ... مەن سىنى بۇگۇن ... بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ زادى ئويلىماپتىكەنمەن. قانداق بولۇپ ... ياق، قاچان كەلدىڭ؟ يۇرتتىكىلەر سالامەتتۇ؟

— بۇلتۇر كۇزدە كەلگەن. ئوقۇۋاتىمەن، يۇرت يەنە شۇ يۇرت. ئادەملەر يەنە شۇ ئادەملەر. ئۇ يەرلەردە سەن قىزىققۇدەك ئىشلار يوق.

— سەن ... — ئايشەم گەپ قىلالماي لەۋلىرىنى چىشلىدى.

— قانداق، ئۆزۈڭ ئوبدان تۇرۇۋاتىدىغانسەن؟ ئاڭلىسام ئىرىڭ ئۆسۈپ باشلىق بوپتۇ. ئۆزۈڭمۇ تونۇغۇسىز بىر خانىم بولۇپ كېتىپسەن. بايام تونۇشلۇق بىرسى گەپ قىلسام «ئۆتەپ بارە، قەلەندەر، سىنى نەدە كۆردۇم» دەپ ئىلىلۋىتەرمۇ دەپ، ئەتراپىڭدا خېلى چۆگىلەپ يۇردۇم دىگىنە.

— بولدىلا سەمەت! نىمانچىمۇ ... گىپىم بار دەپ قىلۋىرىدىكەنسەن. ئەگەر شۇنىڭدىن باشقا گىپىڭ بولمىسا، خوش ئەمىسە!

ئايشەمنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى، ئاۋازى تىترەيتتى. سەمەت ئايشەمنىڭ راستىنلا ماڭماقچى بولغانلىقىنى كۆرۇپ يۇمشىغاندەك بولدى. ئۇ دەرھال چىرايىغا كۇلكە يۇگۇرتۇپ:

—بىزنى ئۆيۇڭگە باشلىۋالارسەن؟ بىزنىڭ يۇرتتىن يەنە ئىككىيلەن بار. ئۇلارنى سەنمۇ تونۇيسەن. ئىرىڭدىن قورقامسەن-يا؟ — دىدى.

ئايشەم ئۇنىڭغا بىر ئالىيۋىتىپ، ئىتتىك مىڭىپ كەتتى. ماگىزىندىن خېلى يىراقلاشقاندا دىلبەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەنىلىك تىكىلدى:

— پاھ، قالتىسقۇ! خېلى جايىدا يىگىتكەن جۇمۇ. نىمىلەرنى دىيىشتىڭلار شۇنچە؟

— ئەمدى سىز قوپتىڭىزمۇ خېنىم، بىر نىمە دىيىشىدىغان نىمەم ئەمەس، ئۇ مىنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق، يىراقراق تۇغقان كېلىمىز شۇ. ئۆتكەن يىلى كۇزدە ئوقۇشقا كەپتۇ.

ئايشەم نىمىشقىدۇر سەمەتىنى «خىزمەتدىشىم» دىمەي «تۇغقىنىم» دەپ يالغان سۆزلىدى.

— ئۇ سىزنى ئۆيۇڭگە باشلىۋالارسەن دىگەندەك قىلدىغۇ؟ شۇنداق قىلىڭە، باھانىدا تازا بىر ئوينايلى.

دىلبەر يولدا كېتىۋىتىپ سەمەتىنى ئامىرىكىنىڭ قايسىبىر كىنوسىدىكى ئەر باش قەھرىمانغا ئوخشاتتى. ئايشەم ئۇ كىنونى كۆرگەن بولسىمۇ، ئىسىدە قالمىغاچقا ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ھە دەپ قويۇپ، ئۆز خىياللىرى بىلەن بولدى. شۇ كۇنى ئاخشىمى ئۇ ھامىدجانغا يۇرتىدىن بىرنەچچە خىزمەتداشلىرىنىڭ ئوقۇشقا كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنى چاقىرۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئۇ تەرىنى تۇرۇپ ئايشەمنىڭ گىپىنى بۆلۇۋەتتى:

— مەن خوتۇنۇمنىڭ ئەر مىھمانلىرىنى كۇتۇشىنى تېخى ئۆگەنمىدىم!

ئايشەم سەمەتنى قايتا ئۇچراتقاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ قولدىن بىرىپ قويغىنىنىڭ نىمىلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئۇنىڭ تىپتىنچ قەلبىگە بىردىنلا بېسىپ كىرىپ، كۆڭۈل ئارامىنى تامامەن بۇزۇۋەتتى. قەلبىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا كۆمۈلۇپ قالغان، ئۇنتۇلغان بىرخىل ھېسسىيات بورانغا يولۇققان ئوت ئۇچقۇنىدەك گۇرۇلدەپ يېنىشقا باشلىدى. ھەي...

سەھرادا دېھقان سۈپەت يۈرگەندە ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئىكەن - دە. مانا، ئۈرۈمچىگە
كېلىپلا باشقىچە ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ. رەڭلىك كۆزەينەك، كاستيۇم ئۇنىڭغا ئالاھىدە
سۆلەت بېغىشلاپتۇ. ئىلگىرى ئۇ، چېچىنى تاپ - تاقىر قىلىپ چۈشۈرۈۋېتىپ مايماق شەپـ
كە كىيىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئايشەم ئۇنىڭ چېچىنىڭ مۇنداق قارا ھەم تەبىئىي بۇدۇر
ئىكەنلىكىنى زادىلا كۆرمىگەن. ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى، قىياپىتىدىكى سالاپەتـنى دېمەمـ
دىغان تېخى. ئايشەم ماگىزىنىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈزگەن قىز - چوكانـلارنىڭ
ئۇنىڭغا قانداق قىزىقىش بىلەن قاراشقانلىرىنى، ھەتتا ھالى چوڭ دىلبەرنىڭمۇ ئۇنى ماخـ
تاپ كەتكەنلىكىنى ھەر قېتىم ئۆيلىگىنىدا ئىچىدە بىر پارچە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك بولۇپ
كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۇچرىشىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆزى
يالغۇز كوچىلارنى، ماگىزىنلارنى چۆگىلەيتتى. ئاخشاملىرى يېنىدا ئۇخلاپ ياتقان ئېرىـ
نىڭ چاچسىز بېشىغا، كونا مەسىنىڭ قونچىـدەك تۈرۈلۈشكە باشلىغان بويۇنلىرىغا قاراپ،
ئۇنى خىيالىدىكى سەمەتنىڭ ئوبرازى بىلەن سېلىشتۇراتـتى. كۆڭلىدىكى ھەسرەت - نادا-
مەتنى باسالماي، كەينى - كەينىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، دېرىزىـدىن ئاسمانـغا، شالاڭ
يۇلتۇزلارغا قاراپ يېتىـپ، بىر ۋاقىتلاردا ئۆزىگە تار قەپەستەك بىلىنىپ، ئۇچۇپ كېتىشـ
كە تەقەززار بولغان يېزىسىنى، ياپيېشىللىقتا ئورالغان كىچىككىنە مەكتىپىنى، ئوقۇغۇچىلىـ
رىنى، بولۇپمۇ ھېلىقى بىر پۇتى كۆيـۈپ كەتـكەن ئوماق قىزچاقـنى ئەسلەيتـتى. ئاشۇ
مېيىپ ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ بىلەن سەمەتنى بىر - بىرىگە باغلىغانـدى.

... ئايشەم بىرىنچى سىنىپقا مەسئۇل بولۇپ، مەھەللىمۇ - مەھەللە بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى
تىزىملاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پاكار تاملىرىدىن ئۈزۈم تەكلىرى ئارتىلىـپ چۈشـ
كەن، ئىشىك ئالدىدا سېرىق سەبدەلەر ئېچىلىپ كەتكەن بىر ھويلىنىڭ ئالدىـغا كېلىـپ
ۋېلىسىپىتىدىن چۈشتى. مەھەللە كومىتېتىنىڭ مۇدىـرى بەرگەن تىزىملىكتـىن ئۇ، مۇشۇ
ئۆيدە 8 ياشلىق بىر قىز بالىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئىشىككە قولىنى ئاپارماي تۇرۇپـ
لا، نەدىندۇر بىر توپ يېرىم يالىڭاچ، يۈز، قولـى، بەدەنلىـرى كىرلىشىپ ئالا - چىپـار
بولۇپ كەتكەن بالىلار پەيدا بولدى ۋە بەس - بەستە چۇۋۇرلاشتى:

— خانىم، بۇ ئۆيدىكى قىز بالا مەكتەپكە بارالمايـدۇ...

— ئۇنىڭ بىر پۇتى كۆيـۈپ كەتكەن، كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى ئۆيگە يالغۇز تاشلاپ
ئېتىزلىققا چىقىپ كېتىپتىـكەن...

— بۇلتۇرمۇ ھاۋا خانىم ئۇنى ئوقۇيالمايدىكەن، دەپ تىزىملىمىـغان...

ئايشەم ئىككىلىنىپ تۇراتتى، شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىـپ، كىچىككىـنە بىر قىـزچاق
ئۆمىلەپ چىقىپ كەلدى. قىزچاقنىڭ بىر پۇتى يوتىسىدىنلا كېسىۋېتىلگەنىدى. ئۇ ئىككـى
قولىنى يەرگە تىرەپ، ساق پۇتىنى سۆرەپ مېڭىپ تېزلىكـتە ئايشەمـگە يېقىنلاشـتى ۋە
ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ:

— ئوبدان خانىم، مېنىمۇ مەكتەپكە تىزىملاپ قويسـلا، مەن ماڭالايـمەن، مانا ئال-
دىلىرىغا ئۆزۈم چىقتىمغۇ! مەن تېخى خەت ئوقۇيالايمەن ...— دېـدى. شۇنـداق دەۋېـ
تىپ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى.

ئۇ بەكمۇ چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى يېلىنىش، ئاجىزلىق، شۇنداقلا ئاشۇ ئاجىزلىققا مۇناسىپ بولمىغان بىرخىل سېھرىي كۈچ ئايشەمنى ئىختىيارسىز جەلىپ قىلىۋالدى. ئۇ قىزچاقنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ياداڭغۇ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ماقۇل، مەن تىزىملاي، ئىسمىڭىز نېمە؟ — دېدى.

— ئامانىنسا، — دېدى قىز خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ.

ئامانىنسا... نېمىدېگەن چىرايلىق، نېمىدېگەن چوڭقۇر مەنىلىك ئىسىم-ھە. ئېسىت، ئېسىت، بىچارە قىز. پۇتى ساق بولغان بولسا، باشقا بالىلارغا ئوخشاش كېيىن چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇيالىغان بولسا...

ئاشۇنداق خىياللار بىلەن ئايشەمنىڭ قەلبىدە ئىچ ئاغرىتىش ئارىلاش ئىسسىق بىر دولقۇن مەۋج ئۇردى. كۆڭلىنىڭ يەنە بىر بۇرجىكىدە: كىم بىلىدۇ، مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن بالدۇرراق رەسمىيلىشىۋالامدىمەن، تېخى، دەيدىغان بىر ئۈمىدمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئامانىنسانى تىزىملىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر كۈنى بۇ مېيىپ قىزچاقنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مەكتەپكە ئاپىرىپ-ئەكىلىدىغان بولدى. دەسلەپتە بۇ ئىشنى ئىچ ئاغرىتىش، مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن قىلغان بولسا، بارا-بارا بۇ چېچەن، ئوماق قىزچاققا ئىچى كىرىپ، ئامراق بولۇپ كەتتى. كۈنلىرى ئالدىراش ھەم جاپالىق ئۆتسىمۇ كۆڭلىدە بىر خۇشاللىق بار ئىدى، بۇ خۇشاللىقنى ئۇنىڭغا ئاشۇ ئاجىز قىزچاق بەخش ئېتەتتى. بىر قېتىم، ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ئەمما ئامانىنسانى ئويلاپ زادىلا خاتىرجەم ياتالمىدى. ئەتىسى ئەتىگىنى بېشىنىڭ قېيىۋاتقىنىغا قارىماي، تامنى تۇتۇپ ھويلىغا چىقتى-دە، ۋېلىسىپىتنى ئېلىپ ئامانىنسالارنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. بۇ يەردە ئۇ، ئامانىنسانى يۈدۈپ ئۆيدىن چىقىۋاتقان سەمەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— بولدى ئايشەم، مەن بولغاندىكىن سىز ئۆيگە كېتىپ دەم ئېلىڭ. ئامانىنسادىن ئەندىشە قىلماڭ، سىز ساقايغىچە ئۇنى مەن ئاپىرىپ-ئەكىلىپ قويىمەن...

ئەمما سەمەت ئايشەم ساقايغاندىن كېيىنمۇ توختاپ قالمىدى. ئۇ بەزىدە ئايشەمدىن بۇرۇنراق بېرىپ ئامانىنسانى مەكتەپكە ئېلىپ كېتەتتى. كۆپىنچە، ئىككىسى سېرىق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئاشۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالاتتى. ئامانىنسانى ئېلىپ، ۋېلىسىپىتلىرىنى يانمۇيان ھەيدەپ، چاقچاقلىشىپ كۈلۈشكەچ مەكتەپكە مېڭىشاتتى. كېيىن بەزى بىكار تەلەپ ياشلار: ئايشەم بىلەن سەمەت بالىلىق بوپتۇ، بالىسى چوپ-چوڭلا بولۇپ قاپتۇ، دەپ سۆز-چۆچەك تارقىتىشتى. سەمەت شۇ چاغدىمۇ بۇ ئىشتىن يانمىدى.

ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا، ئوقۇتقۇچىلار ۋېلىسىپىت بىلەن ناھىيىگە يىغىنغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، سەمەت قەستەن ئايشەمنى گەپكە تۇتۇپ باشقا ئايال ئوقۇتقۇچىلاردىن ئايرىپ ئېلىپ قالدى. گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بىر جىگدىلىككە كەلگەندە، ئۇلار ۋېلىسىپىتلىرىنى يانمۇيان توختىتىپ قويۇپ ئارام ئالغىلى ئولتۇرۇشتى. ئايشەم ئاق گۈللۈك گىرىپتىشىن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئاۋايلاپ، يەرگە ئولتۇرۇشقا پې-

تىنالمىغاندى، سەمەت يەرگە ئۆزىنىڭ يوغان، پاكىز قولياغلىقىنى يېيىپ بەردى. ئۇ قارا چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ، قىزىرىپ، تەرلەپ كەتكەن يۈز-كۆزى، بويۇنلىرىنى شەپكىسى بىلەن يەلپۈپ ئولتۇرۇپ:

— ئايشەم، ئىككىمىز توغرىسىدىكى سۆز-چۆچەكلەرنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سۆز-چۆچەك؟ ئىككىمىز توغرىسىدىما؟ ئۆتەپ بار نېرى... سەن بىلەن مېنىڭ سۆز-چۆچەك قىلغۇدەك ئىشىم بارمىدى؟

ئايشەم ئاڭلىغان بولسىمۇ ئۆزىنى بىلمەسكە سېلىۋالدى.

سەمەت قۇلاقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە قىزىرىپ، ئاپئاق، مۇستەھكەم چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلۈپ:

— ئىككىمىزنى بالىلىق بوپتۇ، بالىسى سەككىز ياشقا كىرىپتۇ، دېيىشىپتۇ. مەن شۇنداق دېگەنلەرگە: يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ئالدىراپ كېتىشمىسۇن، كېلەر يىلى كۈزدە ئايشەم ئىككىمىز چوقۇم بالىلىق بولىمىز، دېدىم. قانداق، بوپتۇمۇ؟ — دېدى.

— تۈفى، نومۇس قىلماي دەۋاتقان گېپىنى!

ئايشەم سەكرەپ قوپۇپ ۋېلسىپىتىگە ئېسىلدى. سەمەت:

— راست دەيمەن ئايشەم، سەنمۇ مېنى ياخشى كۆرىسەن، مەنمۇ سېنى. شۇنداق بولغاندىكىن، كۈزگە قالماي تويىمىزنى قىلىۋالىلى، — دېدى.

— قېلىنلىقىنى! كىم سېنى ياخشى كۆرىمەن دەپتۇ؟

— كۆزۈڭ، ئاغزىڭنى چىڭ يۇمۇۋالغىنىڭ بىلەن، كۆزۈڭ ھەممە سىرىڭنى ئاشكارىلاپ تۇرسا... ھازىرقى گېپىمگە جاۋاب بېرىۋەتە، قېنى، ئاغزىڭدا ماقۇل دېيىشتىن نومۇس قىلساڭ، ماڭا كۈلۈپ بىر قاراپ قويساڭلا ئۆزۈم چۈشىنىۋالىمەن.

ئايشەم ئۇنىڭغا قاراپ ئالىيمەن دەپ كۈلۈپ تاشلىدى. سەمەت ئۆزىنىڭ ئىسسىق كۈچلۈك قولىنى ئۇنىڭ قولى ئۈستىگە قويۇپ:

— ئەمىسە ۋەدىمىز ۋەدە. ئۆيدىكىلەرگە ئېيتىمەن، تويغا جابدۇنۇۋەرسۇن، — دېۋىدى ئايشەم قولىنى تارتىۋالمىدى، بەلكى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا نازلانغاندەك كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

كۈزدە ئايشەمنىڭ تويى بولدى. ئەمما سەمەت بىلەن ئەمەس ... ئايشەم ئۆرۈمچىگە ماڭىدىغان چاغدا مېيىپ قىز ئامانىساغا ئاتا-ئانىسىدىنمۇ بەكرەك تارتىشتى. ئەمما، سەمەت بارغۇ، دەيدىغان بىر ئۈمىد بىلەن ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئەمدى ھازىر... ئۇ قانداق قىلىۋاتىدىكىن؟ ئايشەم تۇنجى قېتىم كۆرگەندىكىدەك ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەپ سۆرۈلۈپ مېڭىپ يۈرەمدىكىن ياكى ئوقۇشتىن توختاپ قالدىمىكىن؟ بەلكىم سەمەتنىڭ ئىزىنى باسىدىغان بىرەرسى چىققاندۇ... ئۇ بەلكىم ھەر كۈنى ۋېلسىپىت بىلەن ناھىيە بازىرىدىن كېلىدىغان ھېلىقى ياسانچۇق خانىمدۇ... ئۇ سەمەتكە سۆركىلىپلا يۈرەتتى. سەمەت بىلەن ئىككىسىنىڭ ئىشى بۇزۇلغاندىمۇ، ئۇ باشقىچە خۇشال بولۇپ كەتكەن...

ئايشەم ئازابلىق خىياللار ئىلكىدە ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈشىدە سەمەتنى كۆردى.

ئۇ، ئۇزۇن، قىسقا، كۆلەڭگىلەردەك غۇۋا، ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرەتتى،
كىمگىدۇر گەپ قىلاتتى. بىر بۇلۇڭدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئايشەمگە بولسا
قاراپمۇ قويمايتتى...

*　*

ئايشەم ئوكۇل ئەسۋابلىرى قاچىلانغان ئالیۇمىن قۇتىنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە، باش-
لىق ئۆي ئىچىدە كىيىۋالغان تاۋار خالىتىنى يېپىنچاقلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كې-
سەلچان ئايالى ھەر يىلى يازدا ئۈرۈمچىنىڭ ئىسسىقىغا چىدىماي، ئىدارىسىنىڭ شەھەر
سىرتىدىكى قارىغايلىق تاغ باغرىغا جايلاشقان دەم ئېلىش ئورنىغا بېرىپ 2-3 ئاي
تۇرۇپ كېلەتتى. نېمىشقىدۇر مۇنداق چاغلاردا باشلىق ئايالى بىلەن بارمايتتى، بەلكىم ئۇ مۇ-
شۇنداق يالغۇزلۇقنى ياخشى كۆرىدىغاندۇ ياكى خوتۇنلارنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا سۆزلەپ
يۈرگىنىدەك ئايالىدىن بىزاردۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەتراپتىكى ياشراق، چىراي-
لىقراق ئاياللارنىڭ ھېچقاندىقىنى قولدىن بەرمەيمىش، ھەتتا دىلبەرمۇ ئىشتىن سىرتقى
ئالىي مەكتەپكە كىرىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولغانمىش... ئەمما ئايشەم
ئۇنداقلاردىن ئەمەس، ئۇ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشنى بىلىدۇ. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن
ئادەمگە قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمايدۇ.

ئايشەم كۆزلىرىنى پىيالىدەك ئېچىپ ئېغىر، قېلىن پەردىلەرگە، پەردىلەر بىلەن
ئوخشاش رەڭدىكى پۈرمىلىك كارىۋات ياپقۇچلىرىغا، ئاجايىپ نەپىس ياسالغان ئىشكاپلار،
فار-فور قاچىلار، گۈللەر، ۋازىلار، رومكىلار، ئۇزۇن بويۇنلۇق بوتۇلكىلارغا، كارىۋاتنىڭ
يېنىغا قويۇلغان بىر جۈپ دىۋان ئالدىغا تاشلانغان ئويۇنچۇقتەك كىچىك، بەكمۇ چىرايلىق
گىلەمگە ھەۋەس بىلەن قاراپ چىقتى. كۆڭلىدە ھەر قاچانقىدەك ھاياجانلىق ھەم كۆڭۈلسىز
بىر تۇيغۇ-ھەسەت باش كۆتۈردى، ئۇ، ئىختىيارسىز كەينىدىن چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋەتتى.



باشلىق 60 ياشلاردىن ئاشقىنىغا قارى-
ماي (بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە) ئۆزىنى
كۈتۈشنى، ئىدىتلىق، يارىشىملىق كىيىنىپ
يۈرۈشنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. قورساق
سېلىپ، كېلەڭسىزلىشىپ كەتمىگەنلىكتىن، قارى-
ماققا ياش، روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە مىجەزى خۇش خۇي، مۇلايىم بولغاچقا،
ھەرقانداق كىشىدە ياخشى تەسىرات قالدۇ-
راتتى. ئۇ خالىتىنى دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىگە
ئارتىپ قويۇپ، قاردەك ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ
يەڭلىرىنى تۈرۈۋېتىپ، ئايشەمنىڭ ئۇدۇلىغىنى-
غا قارىماي، كۆمۈش رەڭلىك پەتنۇستا بىر
ئىستاكان مۇزدەك مېۋە شەربىتى، پىچىنە ھەم
قەغەزلىرى بەكمۇ چىرايلىق كەمپۈتلەرنى

ئېلىپ كەلدى. ئايشەم ئۇلارنىڭ مۇنداق ئېسل پىچىنە ۋە مۇنداق چىرايلىق كەمپۈتلەرنى نەدىن تاپىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدى. ئۇ قورۇنۇپ تۇرۇپ، كەمپۈتتىن بىرنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئوكۇل يېڭىنىلىرىنى تەييارلىدى. ئۇ ئوكۇل سېلىپ بولغۇچە باشلىق توختىماي قىزىق گەپلەرنى قىلدى. ئۇ چىقىپ كېتەر چاغدا باشلىقنىڭ زورى بىلەن مېۋە شەربىتىنى قولىغا ئالدى. ئىچمىگەن بولسا، جاھاندا كىشىنى مۇنداق ھۇزۇرلاندۇرىدىغان نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەي قالاتتىكەن. ئۇ شەربەتنى ئىچىپ يۈرىكىگە يېتىپ بارغان مۇزدەك سوغۇقتىن شۈركەنگەندەك بولدى.

باشلىقنىڭ كېسىلى سوزۇلۇپ كەتتى. ئايشەم ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئوكۇل سېلىپ قويغىلى باراتتى. ئوخشاش بىرخىل ئەھۋال ھەر كۈنى تەكرارلىناتتى.

پەردىلىرى چۈشۈرۈلۈپ يېرىم قاراڭغۇلاشتۇرۇلغان، بەكمۇ ياسىداق، راھەت ئۆي، سىپايە تەكەللۇپ سۆزلەر، ئېغىزغا كىرگۈچە ئېرىپ كېتىدىغان كەمپۈت، چۈچۈمەل، شىرىن، يۈرەكنى شۈركەندۈرىدىغان مېۋە شەربىتى...

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايشەمگە ھەر كۈنى ئوخشاش مەزگىللىك تەكرارلىنىدىغان بەكمۇ ئاجايىپ چۈشكە ئوخشاش بىلىنەتتى. بۇ چۈش ئۇنى نېمىشقىدۇر ھاياجانغا سالاتتى، قورقۇتاتتى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان تېلېفون ئۇنىڭ بۇ غەلىتە چۈشىنى بەربات قىلىۋەتتى.

—ۋەي، ئايشەممۇسىز؟ — دېدى، بىر ئەر كىشى، ئايشەم ئۇنىڭ ئۇندىدىنلا سەمەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. — سىزگە تاپشۇرىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى. ئەتە چۈشتىن كېيىن سىزنى ئۆتكەن قېتىم ئۇچرىشىپ قالغان دۇكاننىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرىمەن...

ئايشەم بىردىنلا چەكسىز بەختكە چۆمۈلدى. يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سوقqan ھالدا تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەي، يۈزىگە يېقىپ ئۇزاققىچە تۇردى. خېلىدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ، سائىتىگە بىر قارىۋەتتى-دە، ئۆيىگە يۈگۈردى. ئۇ ئۆزىنى قۇشتەك يەڭگىل سېزەتتى. قەلبىدە ئاجايىپ گۈزەل بىر ناخشا ياڭراۋاتقاندەك، باللىقىدىن تونۇش بۇ ناخشا كۆكرەك قەپىسىگە پاتماي ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتقاندەك ئىدى.

ئىككىيلەن ھېچ مەقسەتسىزلا بىرنەچچە چوڭ ماگىزىننى ئايلاندى، بۇ، ئۈرۈمچىنىڭ ئادەمگە، ۋاڭ-چۇڭ ئاۋازلارغا تولغان ئەڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى ئىدى. يولنىڭ ئىككى يېقىدا يېڭىدىن سېلىنغان زامانىۋى ئۇسلۇبتىكى ماگىزىن، مېھمانخانا، ئاشخانا، كوفىيخانا، قاۋاقخانىلار، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بىر بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەنىدى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ئېنگلىزچە ۋېۋىسكىلار، ماگىزىنلارنىڭ چوڭ دېرىزىلىرىگە تىزىۋېتىلگەن رەڭگارەڭ ماللار كۆزنى چاقاتتى. يول بويىدا قىزىقارلىق مارۇژنا، پاختا كەمپۈت ساتقۇچىلارنىڭ ئوچۇق رەڭلىك ساندۇقلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. قوللىرىدا نىلۇن پايپاق، بەلباغ، سۇلياۋ مارجان، كاپىرون ياغلىقلارنى يېيىپ كۆتۈرۈۋالغان قىرقىم چاچ ئاياللار ئۇچىتىن، تۆتتىن بىر بولۇپ تۇرۇشاتتى. يىراقتىن يېشىل كىيىملىك بىرەرسى كۆرۈنۈپ

قالغۇدەك بولسا ئۇلار پاتىپاراق بولۇپ قىچىشاتتى. يەرگە چاشقاننىڭ، يوغان پۈتىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان كەڭ ئاق قەغەزلەرنى يېپىشۋالغان چاشقان دورىسى ساتىدىغانلار، قاداق ئالدىغانلار ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. چىراي - شەكلى، كىيىنىشى خىلمۇخىل ئادەملەر ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ، تەرلەپ - پىشىپ نەلەرگىدۇر ئالدىراشاتتى. ئەنە شۇنداق ئالدىراشلىق بىلەن ماگىزىنلارغا، ئاشخانىلارغا ئۆزلىرىنى ئېتىشاتتى. ئۇ يەرلەردىن چىقىسپ يەنە نەلەرگىدۇر ئالدىرىشاتتى. بۇ ئالدىراش ئېقىم خۇددى ئېقىن سۇدەك مەڭگۈ ئۈزۈلمەيتتى، ساڭگول - سۇڭگۇل كىيىنگەن، چاچلىرى سالۋاراپ كەتكەن ئېگىز بوي چەت ئەللىكلەر بۇ ئېقىم ئىچىدە گويا قوي پادىسى ئىچىگە كىرىپ قالغان يىلقىلاردەك ئايرىلىپ تۇراتتى.

سەمەت بىلەن ئايشەم ئاشۇ ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، جىمجىت، يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى قىرى مەجنۇنتاللار گىرەلىشىپ كەتكەن خالى بىر كوچىغا كىرىپ قېلىشتى. بۇ يەردە ماگىزىن، ئاشخانىلار يوق دېيەرلىك ئىدى. سۇرلۇك ئېگىز تاملار بۇ كوچىنى ۋاڭ - چۇڭلۇق دۇنيادىن ئايرىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. چوڭ سۆگەتلەرنىڭ ئاستىدىكى سېمونت يولدا غوجەمەك - غوجەمەك بولۇشۇۋېلىپ، باشلىرىنى چۆكۈرۈپ دامكا، ماجاڭ ئويناۋاتقانلار بۇ كوچىنى ئانچە - مۇنچە ئاۋاتلاشتۇرۇپ تۇراتتى. بىر يەرگە توپلاشقان بۇ ئۈزۈنچاق، ياپىلاق، تۆت چاسا، دۈگىلەك باشلار ئىچىدە، تۈكسىز، ئايدىڭ باشلار ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. يوغان بىر توپ سۆگەتنىڭ ئارقىسىدا 15 - 16 ياشلاردىكى 5 - 6 ئوغۇل بالا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكىدەك يۆگەلگەن بىر نەرسىنى نۆۋەت بىلەن چېكىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە كەندىر پۈرىقى كېلىپ تۇرىدىغان كۆكۈچ ئىس ئايلىنىپ يۈرەتتى. چاقماق كۆڭلەك كىيگەن دوغىلاقىنە بىر ئوغۇل بالا ئايشەمنى كۆرۈپ دەرھال تەتۈر قاردۋالدى. ئايشەم ئۇنى تونۇدى. ئۇ ھېلىقى باشلىقىنىڭ ئەتە - ۋارلىق كىچىك ئوغلى ئىدى.

ئۇلار كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى خالى ھەم ئازادە بىر رېستۇرانغا كىردى. ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىگە قويۇلغان ئۈنئالغۇدىن چەت ئەل تانسا مۇزىكىسى ئاڭلىنىۋاتاتتى. پەردازنى بولۇشىغا قىلىپ، تاشقورچاقتەك ياسىنىۋالغان بىر توپ كۈتكۈچى قىز خېرىدارلار بىلەن چاتىقى بولماي بىر شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان چالا مەست يىگىتلەر بىلەن چاقچاقلىشىۋاتاتتى. ئىككى ياقتىكى تام بويلاپ قويۇلغان ئېگىز يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا جۈپ - جۈپ ئەر - ئاياللار ئولتۇرۇشاتتى، بەزى ئورۇندۇقلار نېپىز پەردە بىلەن توسۇلغانىدى. بىر ئەر كۈتكۈچى مەنىلىك كۈلۈپ ئايشەملەرنى ئەڭ چەتتىكى ئورۇنغا باشلىدى. ئايشەم ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پەردىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈۋاتقان، يۈزلىرىنى يېقىشىپ پىچىرلىشىۋاتقانلارنى كۆردى. بىر - بىرىگە قارىتىپ قويۇلغان ئېگىز ئورۇندۇقنىڭ ئارىسىدىكى ئاپئاق ئۈستەلدە بىر تاللا ئەتىرگۈل سېلىپ قويۇلغان نەپىس لوڭقا بار ئىدى. ئەتىرگۈل گەرچە راست گۈلگە بەكلا ئوخشىتىپ ياسالغان بولسىمۇ، نېمىسى بىلەندۇر كىشىگە بايىقى تاشقورچاقتەك ياسىنىۋالغان كۈتكۈچى قىزلارغا ئوخشاش سۈنئىي، سوغۇق تۇيۇلاتتى.

سەمەت ئايشەمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، تاماق، پىۋا بۇيرۇتتى. ئايشەم پىۋا ئىچىشنى تېخى ئۆگەنمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئىچمىدى، ئۇ نېمىنىدۇر كۈتكەندەك، يەر تېگىدىن سەمەتكە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. ئوتتۇرىدىكى ئوڭايسىز سۈكۈتنى بۇزۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق گەپ ئىزدەيتتى. سەمەت بولسا بۈگۈن باشقىچىلا كەمسۆز، سۇرلۇك بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. كۆپۈكلىشىپ تۇرغان مۇزدەك پىۋىنى ئاستا سومۇرۇپ ئىچىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىيال، مۇڭ چاقناپ قالاتتى. بىر پەستىن كېيىن، قۇرۇقدالغان ئىستاكاننى شىرەگە قويدى ـ دە، خۇددى نېمىدىنىدۇر قۇتۇلۇشقا ئالدىراۋاتقاندەك، يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئايشەمگە سۇندى.

ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىشلىتىدىغان مەشق دەپتىرىنىڭ بىر ۋارىقىغا يېزىلغان خەت ئىدى. شۇنچە رەتلىك، پەش ـ چېكىتلىرى ئېنىق قويۇلۇپ يېزىلغان بۇ خەت ئايشەمگە تونۇشتەك بىلىندى. ئەمما قەغەزنىڭ قاتلانغان يېرىدىكى خەتلەر ئۆچۈپ كەتكەنلىكى، ئۇ يەر، بۇ يېرىگە سىياھ تېمىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى تەستە ئوقۇدى:

«گۈزەل ئۈرۈمچىنىڭ سالقىن هاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ تۇرغۇچى، مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك بولغان ئايشەم خانىمغا سېغىنىپ ـ سېغىنىپ سالام. قانداق ئەھۋاللىرى؟ تەنلىرى سالامەتمۇ؟ مەن سىلىنى ھەممە جەھەتتىن ياخشىدۇر، دەپ ئويلايمەن. ئايشەم خانىم، مەن سىلىنى بەك سېغىندىم. سىلىنى ئويلىساملا يىغلىغۇم كېلىدۇ. بىر كۈنى سىلىنىڭ گەپلىرىنى قىلغان ئىدىم، سەمەت مۇئەللىممۇ يىغلىدى. ئۇ، سىلىنى ئەمدى كەلمەيدۇ، بىزنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، دېگەنىدى. مەن ياق، ئايشەم خانىم بىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، دېدىم. خانىم سىلە ئوقمايلا، سەمەت مۇئەللىم بەك ياخشى. ئۇ داۋاملىق سىلىنىڭ گەپلىرىنىلا قىلىدۇ. ئۇ مېنى چوڭ بولغاندا ئۈرۈمچىلەرگە بېرىپ ئوقۇيسەن دەيدۇ، خانىم، مەن راست ئۈرۈمچىگە بارالارمەنمۇ؟ پۈتۈم مۇنداق تۇرسا؟

ئايشەم خانىم، سىلىگە قىلىدىغان شۇنداق جىق گەپلىرىم بار ئىدى، شۇغىنىسى، قەلەم سىياھ چاچرىتىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەسلى مېنىڭ گاڭبى قەلىمىم يوق ئىدى. مەن ئۇنى سىلىگە خەت يېزىش ئۈچۈن تۇرسۇنگۈلدىن سورىۋالغان، تۇرسۇنگۈل ئەسلىرىدە بارمۇ؟ دادىسى يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان ھېلىقى يۇمىلاق قىز بالا...»

ئايشەمنىڭ كۆزلىرى گويا ئالدىغا بىر قەۋەت پەردە تارتىپ قويغاندەك خىرەلەشتى. يوغان ئىككى تامچە ياش خەت ئۈستىگە چۈشۈپ يېيىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى تەستە بېسىپ، خەتنىڭ ئاخىرىدىكى چىسلاسىغا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى ۋە سوئال نەزەرى بىلەن سەمەتكە قارىدى.

— مەن ئەسلى بۇ خەتنى ساڭا كۆرسەتمەكچى ئەمەس ئىدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ كۆپ ئىككىلەندىم. ئاخىرى ...

ئايشەم لەۋلىرىنى چىشلەپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ، بېشىنى يەردىن ئېلىپ سەمەتنىڭ چىرايىغا قاراشقا پېتىنالمايتتى. بوغۇزىغا كەپلىشىپ تۇرغان شۇنچە نۇرغۇن سۆزلىرىنى قانداق باشلاشنى بىلمەيتتى.

— مەن ساڭا ... جىق ئەسكىلىك قىلدىم ... ئادەم دېگەن شۇنداق ... بەزىدە ...

— بولدى، ئۆزۈڭنى ئارتۇقچە ئەيىبلىمە، — سەمەت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، —

ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەركىنلىكى بار. مەنمۇ سېنى ئەيىبلىيەلمەيمەن. توغرا، ئۆز ۋاقتىدا ئەيىبلىگەن، سەندىن ئۆچ ئالماقچى بولغان. مەن ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇشقا كەلگەن. سېنى قولغا كەلتۈرمەكچى، ئارقىدىن سېنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزۈم تارتقان ھەممە ئازابنى ساڭىمۇ تېتىتىپ قويۇش ئىرادىسىگىمۇ كەلگەن...

ئۇ ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ قالغان ئايشەمدىن كۆزىنى ئېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كېيىن ئويلاپ قارىسام، بۇ تامامەن ئەرزىمەس، نادانلارچە خىياللار ئىكەن، ھەتتا، نامەردلىك، رەزىللىك بولىدىكەن... بۈگۈن مەن ساڭا شۇنىمۇ ئېيتماقچىدىم... مەن ھازىر مېنى ياخشى كۆرىدىغان، مەن بىلەن بىللە جاھاننىڭ ئۇ چېتىگىمۇ كېتىشنى خالايدىغان بىرسىنى تاپتىم. قىسقىسى، ھازىر ئىشلىرىم جايىدا. بەزىدە، ئەينى ۋاقىتتا ئايشەم ئىككىمىز توي قىلغان بولساقمۇ دېگەندەك بەختلىك بولالىشىمىز ناتايىن ئىكەن، دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن. چۈنكى سەن ماڭا ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيتتىڭ، مېنىڭ كۆزۈمگە قاراپ تۇرغان ۋاقىتلىرىڭدىمۇ خىيالىڭدا باشقا بىر ئىش باردەك كۆرۈنەتتىڭ... ھە، راست، ئامانىساغا چوقۇم خەت يېزىپ قوي، خۇش بولۇپ قالىدۇ...

شۇ تاپتا سەمەتنىڭ ئۆچ ئېلىش نىيىتى يوقلۇقى ئېنىق ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان ئۆچ ئېلىپ بولغانلىقىنى سەزمىدى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئايشەم ئۇنىڭ گەپلىرىگە زورىغا كۈلۈپ ئولتۇردى. يۈرىكى بولسا ئاللىقاچان يىغلىماقتا ئىدى. ئالدىدىكى تاماقنى كۆز ياشلىرى بىلەن قوشۇپ زورمۇزور يۇتاتتى.

ئايشەم ئاغرىپ قالدى. بىر ھەپتىگىچە يېمەي، ئىچمەي، قۇرۇق ھۆ بولۇپ كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتتى. چىرايى سارغىيىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ھامىدجان ھېلىھەم ئالدىراش ئىدى. ئۇ ئاشخانىدىن ئىككى كىشىلىك تاماق ئېلىپ كىرەتتى. بىر كىشىلىكىنى ئايشەمنىڭ ئالدىغا قويۇپ بېرىپ ئۆزىنىڭكىنى چالا - بۇلا يەپلا چىقىپ كېتەتتى. ئايشەم ئادەمسىز جىمجىت ئۆيدە تورۇسقا قاراپ يېتىپ، ئۆزىنى تولىمۇ غېرىب، بىچارە ھېس قىلاتتى، يۈرەكنى زىندە قىلىدىغان چوڭقۇر دەردكە ئايلانغان ئۈمىدسىز مۇھەببىتىنى، بۇ دۇنيادا ئەمدى ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ئويلايتتى. ئۇ قاچان قارىسا ئويناپ، كۈلۈپ يۈرىدىغان، چىرايىدىن نازلىق تەبەسسۇم كەتمەيدىغان دىلبەرگە ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ ئېرىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا «يالقۇن ئۇندىغەي، بۇندىغەي» دەپ ئۇچۇرغىنى بىلەن، ئۆيدە كىچىك بالىنى سىلىكىگەندەك سىلكىپ ئىشقا سالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. دىلبەر ئۇنى يوقلاپ كىرگەن كۈنى، ئۇ، دىلبەردىن: «سىز ئۆمرىڭىزدە بىرەرسىگە كۆيۈپ باققانمىدىڭىز؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «خوتۇن كىشى دېگەن بارغۇ، كۆيدۈم - پىشتىم دەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويسا، ئايالىق غۇرۇرنى يەرگە ئۇرسا بولمايدۇ. قانچىلىك نېمىلەر ئىدى ئۇ، ئەرلەر دېگەن!» دېدى. ئايشەم ئاغزىدا ھېچنېمە دېمىگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە قايىل بولمىدى. ئىچىدە «ئۆمرۈڭدە بىرەرسىگە ھەقىقىي كۆيۈپ باققان بولساڭ مۇنداق دەرمىدىڭ؟ سەن بەلكىم مودا كىيىملەرنىلا ياخشى كۆرىدىغان-

سەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بىز ۋاقىتلاردا سەمەت ئۇنىڭ خاتىرىسىگە قايسى بىر مەشھۇر
زاتنىڭ «ھاياتىدا باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم بەختسىزدۇر، ئەمما
ھېچبىر كىشىنى چىن مۇھەببىتى بىلەن ياخشى كۆرەلمىگەن ئادەم تېخىمۇ بەختسىزدۇر»
دېگەن سۆزنى يېزىپ قويغانىدى. ئۇ ئەينى ۋاقىتلاردا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىگەن،
مۇھەببەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنىكەن. بۈگۈن بىلدى، لېكىن بىلگەندە بولسا
بەكمۇ كېچىكتى...

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ھامىدجانمۇ باشقىچە جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ئۇ ئاخشام-
لىرى مېھمانخانا ئۆيىگە سولىنىۋېلىپ، ئۆينى تاماكا تۈتۈنىگە تولدۇرۇپ سائەتلەپ
جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئادەتتىكى گەپلەرگىمۇ تېرىكەتتى، يوقىلاڭ ئىشلارغا
قايناپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن كۈنلەپ - كۈنلەپ گەپلەشمەيدىغان، ھەرقايسىسى
ئۆز ئىشى بىلەن بولىدىغان بولۇپ قېلىشتى. شەنبە كۈنى ئوسمان بىلەن «پەيلاسوپ»
نىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەنلا، ئۆي ئىچىدىكى بۇ بۇرۇقتۇملۇق بۇزۇپ تاشلاندى. ھامىد-
جان بىردىنلا ئېچىلىپ، ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى. ئايشەم سەينى
ئوخشىتىپ قورالمايدۇ، دەپ ئالدىغا پەشتامىنى تارتىپ، ئۆزى قورىدى. ئوسمانلارمۇ راسا
زېرىكىپ تۇرۇپتىكەن، تاغدىن - باغدىن گەپ قىلىپ پاراڭنى قىزىتقىلى تۇردى. سۆھبەت
ھەرقاچانقىدەك خەلقئارا ۋەزىيەتتىن — پولشىدىكى ئىش تاشلاش، ئامېرىكا ئالەم ئايرو-
پىلانىنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى قاتارلىقلاردىن باشلاندى. ئارقىدىن ئۇچار تەخسە ۋە
ئالەم ئادەملىرىنىڭ بار - يوقلۇقى توغرىسىدا مۇھاكىمە باشلىنىپ كەتتى. بۇ گەپلەر
بىرەر سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئوسمان پاراڭنى ئاياللارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىدى.
شۇ ھامان ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشتى. ئادەتتە ئۆز ئايالىدىن باشقا خوتۇن زاتىغا
يېقىن كەلمەيدىغان «پەيلاسوپ» نىڭ چوڭقۇر كۆزلىرىمۇ بوراندا قالغان جىن چىراغتەك
پىلىلداشقا باشلىدى. ئۇلار ساچىر خانىمنىڭ ئائىلە ئەھۋالىدىن تارتىپ، ئۆزلىرى بىلە-
دىغان مەشھۇر زاتلار، كاتتا ئادەملەرنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغىچە، ئۆزلىرى تونۇيدىغان،
باشقىلاردىن ئاڭلىغان سەتەڭ ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ كىملەر بىلەن ئوينايدىغانلىقى، ئەر-
لىرىنىڭ بىلىش - بىلمەسلىكىگىچە زوق - شوخ بىلەن سۆزلەشتى. بۇ ھەقتىكى قانداقتۇر
ئەپسانە، لەتىپىلەرنى ئېيتىپ، خىرقىراپ كۈلۈشتى. بىر چاغدا ئوسمان دۇتارنى ئېلىپ
تىرىڭشىتىشقا باشلىۋىدى، ھامىدجان ئۆزىنىڭ بوم ئاۋازى بىلەن، «پەيلاسوپ» يىغىلا-
ۋاتقاندەك قولاشماي چىقىدىغان غەلىتە ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن تەڭكەش بولۇپ ۋارقىراش-
قا باشلىدى. ئۇلار خېلىغىچە ئاشۇنداق ئالا - تاغىل ۋارقىراشتى. ھامىدجان ئارىلاپ -
ئارىلاپ بىر قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ: «ۋاي، ۋاي، ۋاي!» دەپ ياكى «قايناپ!» دەپ
ۋارقىراپ قوياتتى.

ئاخىرىدا ئەڭ مۇھىم تېما — ھوقۇق ئۈستىگە كېلىپ توختاشتى، ھەممىسى بىردىنلا
قان پۇرىغان ئىتلاردەك سەگەكلىشىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشۇپ، كىمنىڭ ئۆسكەن -
كىمنىڭ چۈشكەنلىكى، كىمنىڭ قانداق يول تاپقانلىقى توغرىسىدا بوش ئاۋازدا، بەكمۇ
جىددىي سۆزلىشىشكە كىرىشتى. ھامىدجان تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ

پېنسىيېگە چىقىش ئالدىدا تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىدىغان نامزاتىنىڭ تېخى بېكىتىلمىگەنلىكى، ھازىر تازا جىددىي تالاش - تارتىشنىڭ بولۇۋاتقىنىنى ئىتتىرەك ئاۋاز بىلەن ئوتتۇرىغا قويغاندا، «پەيلاسوپ»: «ئەمدىكى گەپ يۇقىرىدىن بىر باشپاناھ تېپىشتا، مۇنداق پەيتتە تۆۋەندىن لىككىدە يۆلەيدىغانلارمۇ، يۇقىرىدىن شاققىدە تارتىۋالىدىغانلارمۇ بولمىسا بولمايدۇ...» دېدى. ئۇلار بىردىنلا ئاۋازىنى پەسەيتىپ كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى. كىمدۇر بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ھەم يېپىۋەتتى. ئايشەم ئەمدى ئۇلارنىڭ ھېچقانداق پارىڭىنى ئاڭلىيالمىدى. ئۇمۇ چۆچۈرە تۈگىكەچ ئۆز خىياللىرى بىلەن بولدى. مېھمانلارغا تاماقنى ئۇسۇپ ئەكىرىپ بېرىپ بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدى.

باشلىق يەنە ئاغرىپ قالدى. بۇ خەۋەرنى ھامىدجان ئايشەمنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىگە ئالدىراش - تېنەش كىرىپ يەتكۈزدى ۋە باشلىقنىڭ ئوكۇلىنى سېلىپ قويۇشتا تېخىمۇ ئەستايىدىل، مۇلايىم بولۇشنى تاپىلىدى. ھامىدجاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئايشەمنىڭ ۋۇجۇدىدا قورقۇنچتەك بىر نەرسە يەنە پەيدا بولدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ ھامىدجانغا يالۋۇرغاندەك قاراپ، نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدى، ئەمما ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ گەپ قىلمىدى.

ھېلىقى ئاجايىپ چۈش يەنە تەكرارلىنىشقا باشلىدى. پەردىلىرى چۈشۈرۈلۈپ يېرىم قاراڭغۇلاشتۇرۇلغان ھەشەمەتلىك ياتاق ئۆي. باشلىقنىڭ تاۋار خالتى. قاردەك ئاپئاق كۆڭلىكى، ئېغىزغا كىرگىچە ئېرىپ كېتىدىغان كەمپۈت، يۈرەكنى شۈركەندۈرىدىغان مۇزدەك مېۋە شەربىتى...

باشلىق بەكمۇ مۇلايىم، سەزگۈر ئىدى. ئايشەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك تىكىلىپ - تىكىلىپ قارايتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئوكۇلنى سېلىپ چىقىپ كەتكۈچە ئايشەمنىڭ كۆزى تۆت بولۇپ كېتەتتى. ئۆيگە بالدۇر قايتىپ چىقىپ تاماقنى تەييار قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۆيلەرنى تازىلاپ پارقىرىتىۋېتەتتى. ئاندىن پەردىلەرنى چۈشۈرۈپ ئۆينى يېرىم قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە ئەڭ يارىشىدىغان كىيىملەرنى كىيىپ ھامىدجاننى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئەمما ھامىدجان كۆپىنچە يېرىم كېچىلەردە قايتىپ كېلەتتى. بالدۇر كەلگەن ۋاقىتلىرىدا بولسا ئايشەمگە كۆز قىرىنىمۇ سالماي، ئۇتتۇر مېھمانخانىغا كىرىپ كېتەتتى. چۈشۈرۈلگەن پەردىلەرنى كۆرۈپ تېرىكىپ، شارتىلدىتىپ تارتىقىنىچە ئىككى ياققا سۈرۈۋېتەتتى. ئايشەم سەل قورقۇپ تۇرۇپ ئەكىلىپ بەرگەن تاماقنىمۇ بېشىنى كۆتەرمەي يەيتتى. يەپ بولۇپ، قولىغا گېزىتتىن بىرنى ئېلىۋالسا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكىچە گېزىتكە قاراپ ئولتۇراتتى. تاساددىپەن گېزىتتىكى بىرەر گەپ - سۆز ئۆزىگە يېقىپ قالغۇدەك بولسا: «ھە، مانا، كۆردۈڭمۇ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دەپتۇ ئەمەسمۇ مانا. خەپ توختا، مۇشۇ ماقالىنى ئەتە تازا بىر تەشۋىق قىلايچۇ» دەپ غۇدۇڭشۇپ قوياتتى.

باشلىق ھامىدجانغا پەقەت ئوخشىمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ئايشەمنىڭ يېڭى كۆڭلەك

كېيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئەستايىدىل ئاھاڭدا: «كۆڭلىكىڭىز يارىشىپتۇ، چىرايىڭىزنى مۇشۇنداق رەڭدىكى كىيىملەر ئاچىدىكەن» دېدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئايشەم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرەر يېرىمدەم ئولتۇرۇپ، باشلىق بىلەن پاراڭلىشىدىغان، ئۇنىڭ يوغان ئۇنئالغۇسىدىن مۇزىكا ئاڭلايدىغان، ئاخشاملىرى يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قىزىق چاقچاقلىرىنى ئويلايدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ مۇزىكا ئاڭلىدى. بۇ مۇزىكىلار ئايشەم ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان مۇزىكىلار ئىدى. باشلىق ئۇنى تانسىغا تارتتى. ئايشەم قورۇنۇپراق ئورنىدىن تۇردى ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئەتىر سوپۇن پۇرىقى ئارىلاشقان ئەرلەرگە خاس بىر خىل پۇراق كېلىپ تۇرىدىغان كەڭ، يىللىق قۇچىقىغا كىرىپلا قالدى. باشلىق ئۇنى بېلىدىن ئېھتىيات بىلەن قۇچاقلاپ، مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ سىلىقىنە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى. ئايشەمنىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچ كۈچەيدى. يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، بېشى قايغاندەك بولدى. باشلىق ئۇنىڭ يېقىلىپ چۈشۈشىدىن قورققاندەك ئۆزىگە يېقىنراق، تېخىمۇ يېقىنراق تارتتى...

تورۇستىكى نىلۇپەر شەكىللىك ئاسما چىراغ، سارغۇچ پەردىلەر، گىلەملەر پىرقىراۋاتقاندەك بولدى. ئۇنئالغۇدىن بىر ئايالنىڭ مەيىن ئاۋازدا ئېيتقان بەكمۇ ھېسسىياتلىق ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ناخشا بارا - بارا يېقىملىق پىچىرلاشقا ئايلىنىپ كەتتى...

ئايشەم بۈگۈنمۇ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ يېنىدا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئېرىگە نەپرەت ئارىلاش ئىچ ئاغرىتىش نەزەرى بىلەن قاراپ - قاراپ قويۇپ، توختىماي ئۇھ تارتاتتى... ئۇ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ساپما ئايىغىنى كىيدى - دە، بالكونغا چىقتى. ياز كېچىسىنىڭ سالقىنىدا مۇزلىغان يالىڭاچ يەلكىسىنى بىلەكلىرى بىلەن قۇچاقلاپ، جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تولغان، چەكسىز سىرلىق قاپقاراڭغۇ بوشلۇققا قاراپ ئۇزاققىچە تۇردى.

تۆۋەندە كۆككۈچ تۇمان ئىچىدە ئاسفالىت يول ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردە سۈتتەك ئاق نۇر چېچىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى بىرنەچچە تۈپ دەرەخنىڭ باراقسان شاخ - يوپۇرماقلىرىنى، يول بويىدىكى پاكار - پاكار ئۇششاق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈكنىڭ بىرەر پارچىسىنى روشەن يورۇتۇپ تۇراتتى. چىراغلار ئەتراپىدا سۈزۈك ئۇزۇن قاناتلىق سانسىز ئۇششاق ھاشاراتلار ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئۇلار چىراغ شىشىسىگە قاناتلىرى بىلەن ئۇرۇلغان چاغدىكى ئاجىزغىنە زىل ئاۋازغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەندەك، ئۆزلىرىنى ئاشۇ بىر پارچە يورۇقلۇققا قايتا - قايتا ئېتىشاتتى. پات - پاتلا ئاق، قىزىل نۇر چاقنىتىپ، يىرتقۇچتەك نەرە تارتىپ، ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىدىغان ماشىنىلار كېچىنىڭ ئارامبەخش جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. يولنىڭ قارشى تەرىپىدە، يىراقتا، پۈتۈش ئالدىدا تۇرغان 20 نەچچە قەۋەتلىك قۇرۇلۇشنىڭ يۇقىرى ۋاتلىق ئېلېكتر چىراغلىرى چاقناپ تۇرغان، سانسىز تۈۋرۈكلەر، پولات چىۋىقلار بىلەن ئورالغان ئۈستۈنكى قەۋىتى گويا قاپقاراڭغۇ بوشلۇققا مۇئەللەق سېلىنغان غايىبانە سارايدەك سىرلىق،

گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئايشەم نېمىشقىدۇر يول بويىدىكى يۇمران قىياقتەك ئاجىز ئامانىنسانى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان، ياپيېشىل ئۈزۈم يېلەكلىرى، سېرىق گۈللەر بىلەن ئورالغان ئۆيىنى، ئاشۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن مەكتەپ تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى توپىلىق يولنى، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆزگە روشەن تاشلىنىپ تۇرىدىغان ۋېلسىپت چاقىنىڭ يانمۇيان، چوڭقۇر ئىزىنى كۆرگەندەك بولدى...

سەمەت بىلەن بىللە ئاشۇ سەھراغا كېتىشكە رازى بولغان، ئايشەم تونۇمايدىغان ھېلىقى قىز چىرايلىقمىدۇ؟ قەيەرلىكتۇ؟ ئايشەمنىڭ كۆڭلىدە چەداپ تۇرغۇسىز ئەلەم، ئاچچىق ھەسرەت باش كۆتۈردى. كۆز ياشلىرى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. تۇزلۇق، قىرتاق ياشلار ئۇنىڭ ئاغزىغا ئېقىپ كىرەتتى، يالىڭاچ مەيدىسىگە، بىلەكلىرىگە تاماتتى؛ ئۇ چوڭقۇر - چوڭقۇر خورسىناتتى...

* *

كاتتا كەچكى ئولتۇرۇش باشلانغىلى خېلى بولدى. زال ئىشىكىدە قاتاڭغۇر، سوزۇنچاق يۈزلۈك، قويۇق قاشلىق ئەركىشى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا، نەچچە يۈز جۈپ كۆز ئىشىك تەرەپكە ئاغدى. ئەڭ ئاۋۋال، كېلىشكەن، چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، سالاپەتلىك ساھىبخان بىلەن ئۇنىڭ كېسەلچىراي ئايالى ئىشىك تەرەپكە يۈگۈردى. ئارقىدىن ئوتتۇرىدا مېڭىپ يۈرۈشكەن ئەر - ئاياللارمۇ ئاشۇ تەرەپكە ئاقتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھال - ئەھۋاللىشىشتىن كېيىن، مېھمانلار قوللىرىنى يۇيۇپ، چامدانىدىن ھازىرلا ئېلىنغان ئالاھىدە لۆڭگە بىلەن قوللىرىنى ئېرتىشتى ۋە تەنتەنىلىك ئۇزۇن سەپنىڭ ئۇزىتىشىدا تۆرگە قاراپ مېڭىشتى....

ئارقىدىن زالغا ھامىدجان بىلەن ئايشەم كىرىپ كېلىشتى. ھامىدجان سەل سەمىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بەدىنىگە چىپپىدە كېلىدىغان چەت ئەلنىڭ ياقىلىق پەلتوسى ئۇنىڭغا ئالاھىدە سۆلەت قوشۇپ تۇراتتى. ئوڭ تەرەپنى ئىگىلىگەن ئەرلەرمۇ ۋە سول تەرەپتە ئولتۇرۇشقان ئايالالارمۇ ئايشەمگە ھەۋەس، ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىشتى. ئەرلەر ئۇنىڭ ئاجايىپ مېڭىشلىرىغا، جەزىبىلىك تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان چىرايىغا مەپتۇن بولغان بولسا، ئايالالار ئۇنىڭ گويا قويۇق تۇمان كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك سىرلىق، ھەرىكەتچان تۇيغۇ بېغىشلايدىغان ئىسسىق ھەم يۇمشاق باش كىيىمىگە، ئېسىل قۇندۇز ياقىلىق پەلتوسىغا، پاشنىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس، دەل ئۆزىنىڭ غېرىچىدا بىر غېرىچ كېلىدىغان ئۆتۈكىگە ھەۋەس قىلىشتى.

— تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى! ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يېقىندا باشلىقىمىز پېنسىيىگە چىقسا، ئۇنىڭ ئورنىغا چىققۇدەك! پاھ، پاھ، ئاۋۇ ئايالنىڭ چىرايلىقلىقىغا قاراڭلار...

ئىشىك يېنىدىكى ئورۇنلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان سوزۇقراق يۈزىدە ئاجايىپ ھەرىكەتچان بىر جۈپ كۆزى ئويناپ تۇرىدىغان ئايال ئەتراپتىكىلەرگە پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئەنە شۇنداق جاكارلىدى.

سەيلەر تارتىلدى، رومكىلار ئايلىنىشقا باشلىدى. ياڭراق مۇزىكا ساداسىغا، ئاياللارنىڭ نازۇك، ئەپچىل، ئەرلەرنىڭ سەل قوپال ئاياغلىرىنىڭ پىرقىرىشىغا ئەگىشىپ زال ئاسمىنىدىكى رەڭدار تۇمان قويۇقلاشماقتا ئىدى. زەھەردەك ئاچچىق ئىچىملىك ئەرلەرنىڭ ئىچ باغرىنى كۆيدۈرۈپ، قانلىرىنى قىزىتىپ، كۆڭۈللىرىدە ھاياجان، خۇشاللىق، چۈشىنىكسىز غەزەپ ياكى يىغا قوزغايتتى. ھامىدجان رومكىدىكى ئاچچىق ھاراقنى سۈمۈرگەچ نېمىشقىدۇر ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن ئوتتۇرىدا تانسا ئويناۋاتقان ئايشەمگە قارايتتى. ئۇ ئۇزاقىچە ئەنە شۇنداق قاراپ ئولتۇردى. ئۇشتۇمتۇت، قولىدىكى رومكىنى تاشلاپ، مۇشتۇمى بىلەن يۇمىلاق شىرەگە جاققىدە بىرنى ئۇردى. ئەتراپتىكى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتكەن چىرايلارغا قاراپ غەزەپ بىلەن:

— ھەر قايسىڭغا ئېيتىپ قوياي! مەن ھامىد، مەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئوغۇل بالا دېگەن بارغۇ، مۇشۇنداق تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئادەم بولىدىغان گەپ. بەزى نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بەزى نەرسىلەردىن كېچىدىغان گەپ. بىر گەپ بارغۇ... ھېلىقى ھېلىقى... جاناندىن كەچمىگۈنچە... نېمىگە... نېمىگە يەتكىلى بولماس؟... شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارنىڭ كۈلكىسى كەلگەن بولسىمۇ ھېچكىم كۈلۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بىر ئىككىيلەن گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك قېقىلىپ يۆتىلىپ كېتىۋىدى، ھامىدجان شىرەگە يەنە بىرنى ئۇردى. يەنە بىر قېتىم ۋەھىمە، ھەيرانلىق ئىچىدە قېتىپ قالغان، كۆزلىرىدىن مەنىستىمەسلىك، مەسخىرە، كۆرەلمەسلىك چىقىپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ دانە - دانە سۆزلىدى:

—...ساددا، ئاق كۆڭۈل ۋاقىتلىرىمدا، ئۆلە - تىرىلىشىمگە باقماي ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىمدا ھەر قايسىڭ مېنى ئېلىۋەتكەن تىرنىقىڭغىمۇ تەڭ قىلىشمايتتىڭ، ماۋۇمۇ ئادەمغۇ، بىز بىلەن تەڭ ئىشلەۋاتىدىغۇ، دېيىشمەيتتىڭ، ئەمدىچۇ؟ قايسىڭ ئاۋازىڭنى چىقىرىپ كۈلەلەيسەن؟ ھە، قايسىڭ؟ يۈرەك باغرىڭ زەرداپ بولۇپ كەتسىمۇ، ئالدىمدا خوش دەپ تۇرۇشىسەن... ھا، ھا، ھا...

ئۇ بوغۇق ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئەسەبىي، ھاياسىز، ھايۋاننىڭ ھۆۋلىشىدەك سۈرلۈك بۇ كۈلكە كىشىلەرنىڭ تەنلىرىنى جۇغۇلدىتىپ قۇيقا چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزىۋەتتى...

ساھىبخانلار ئۇنىڭ يېنىغا ئالدىراشتى. ئوتتۇرىدىكى مېڭىۋاتقانلاردىن بىرنەچچىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ يەردىكى تەخسە، رومكا سۇنۇقلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى.

زال ئاسمىنىدا ھاراق - شاراب، ئەتىر، ئۇپا - ئەڭلىك پۇراقلىرى ئارىلاشقان مەست قىلغۇچ تۇمان بارغانسېرى قويۇقلاشماقتا ئىدى. تۇمان زالدىكى پىرقىراشلارغا ئەگىشىپ رەڭدار چىراغلارنىڭ نۇرى ئاستىدا رەڭدار قۇيۇندەك پىرقىرايتتى. كىشىلەرنىڭ — ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ چىرايلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى خۇمارلاشتى. تۇرمۇشنىڭ مۇشەققىتى، تۈگىمەس غەم - غۇسسىلار توزۇس ئاستىدا پىرقىراۋاتقان رەڭدار تۇمان ئارىسىدا غايىب بولدى...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مۇھەممەت رەھىم

## ياشلىق ئەسلىمىلىرى

### ياشلىققا ھېسداشلىق

كۆرمەكتىمەن قىز - يىگىتلەرنىڭ
دوستلۇقىنى، مۇھەببىتىنى.
مايىل بولدى كۆڭلۈم ئۇلارغا،
ھېسداشلىقىم ياز دېدى مېنى.

يازما، دېدى ساقلىم بىراق،
سوغ سۇ سېپىپ ھېسداشلىقىمغا.
يېزىپ قويدۇم ئەينەك بولار دەپ
ياشلىقىمغا، بەخىتسىزلىقىمغا.

### چۈش

كۆردۈم بۈگۈن سىزنى چۈشۈمدە،
چۈشۈم ئەمەس، خۇددى ئوڭۇمدا.
كۆزلىرىڭىز كۆزىتەر مېنى،
بىر رەسىم بار مېنىڭ قولۇمدا.

تارتىۋاپسىز رەسىمنى مەندىن،
قىستۇرۇپسىز ئالبوم ئىچىگە.
كەچ كىرىپتۇ كېتىپسىز پۈتمەي،
شۇڭغۇپتىمىز قۇتلۇق كېچىگە...

تاڭ ئېتىپتۇ كۆزۈمنى ئاچسام،
ۋاي ھەسرىتەي، قېشىمدا سىز يوق.
سوۋۇپ قاپتۇ يىللىق يۈزلىرىم،
لەۋلىرىمگە بېسىلغان ئىز يوق.

كۆزلىرىمنى يۇمۇپ ئىزدىدىم،
تاپالمىدىم سىزنى ھېچ يەردىن.
تېگىشلىقىدىم ئايرىلىپ قېلىپ
سىز مېھرىبان غۇنچە دىلبەردىن.

تاڭ ئېتىپتۇ، كۈنمۇ چىقىپتۇ،
لېكىن كۆڭلۈم ناخۇش ۋە غەمكىن.
ئىسمىڭىزنى تەكرارلىساممۇ،
تاپالمىدىم كۆڭلۈمگە تەسكىن.

كەچمۇ كىردى شۇ چۈشنى ئەسلەپ،
ئەس - يادىمنى قىلدىڭىز قامال.
شۇنداق چۈشنى كۆرمىسەم دەيمەن،
كۆرمەسلىككە بارمىدۇ ئامال؟!

### سېغىنىش

رەسىمىڭىزگە تويمىدىم قاراپ،
ئىچىم كۆيدى قارىغانسېرى.
سېغىنىشنىڭ مۈشكۈل تۈنلىرى
تۈگىمىدى سانىغانسېرى.

يولىڭىزغا بولدۇم مۇنتەزىر،
سىز كېلەمسىز، يا مەن بارايمۇ؟
شوخ شامالنىڭ قاناتلىرىغا
قوشاق يېزىپ مەكتۇپ سالايمۇ؟

سېغىنىشمۇ سىرلىق ھېسسىيات،
ئۇنىڭ بىلەن كۆرىمەن سىزنى.

سېغىنىشتىن لەپ ئېلىپ ھىجران،
قىينىماقتا ئۆلكىدە بىزنى.

پۇرسەتپەرەس ھىجران شۇنىڭچۈن
سېغىنىشنى پۈرىدۇ ئىزدەپ.
جاۋاب بەردىم بىزەك ھىجرانغا
پات يېقىندا ئۇچرىشىمىز دەپ.

### خەتكە ئىنتىزارلىق

خەت يازسامۇ يازمىدىڭىز خەت،
قاتتىق ئىكەن باغرىڭىز قەۋەت.
ئىنتىزارلىق قىينىدى مېنى،
كىمگە يىغلاپ ئېيتاي ئەرزىيەت؟!

خەت يېزىشماي ئۆتكەن ياخشىمۇ؟
ھىجراننى دوست ئەتكەن ياخشىمۇ؟
خەت - ئۇچۇرسىز ئىنتىزارلىقتىن
تاپالمىدىم ھېچ بىر خاسىيەت.

ناتايىنلىق كىرىپ ئارىغا،
ئېسىلدىمۇ سىزدەك بالىغا؟
يازايمىكىن، يازمايمىكىن دەپ،
يۈردىڭىزمۇ پىشماي مەسلىھەت؟

قولىڭىزنى كەستىمۇ پىچاق؟
يا چىقتىمۇ باشقا بىر چاتاق؟
بۇ چاغقىچە ساقىياتتىڭغۇ
بەگباش پىچاق كەسسە نەچچە رەت.

قەلىمىڭىز كەتتىمۇ سۇنۇپ؟
كەتتىمۇ يا ھەرپلەر ئۇنتۇلۇپ؟
يېپيېشقاندۇ قانداق كاشىلا،
بارمۇ ياكى بىرەر مەخپىيەت؟

يوقالدىمۇ ئادرېسىم مېنىڭ؟
يوقمۇ ئەمدى لازىمىم مېنىڭ؟
خېتىڭىزنى كۈتمەي ئەمىسە،
كۆڭلۈمگە مەن قىلاي نەسىھەت.

### موماينىڭ جاۋابى

توي قىلمىغان يىگىت ۋاقتىمدا
گۈزەل قىزلار ئاز ئىدى، بەك ئاز.
قېرىغاندا ئەھۋال باشقىچە،
بۈگۈن قىزلار شۇنچە گۈزەل، ساز.

—سۆزلە، موماي، ساڭمۇ شۇنداق
كۆرۈنەمدۇ بەرنا يىگىتلەر؟
—ۋاي بوۋىيىم، ئىككىمىزدىكى
ئوخشاش ئىكەن خىيال، ئۈمىدلەر...

### ئۆلتىماس

بۇلۇت ئايىنى يوشۇرغاندەك قىزغىنىپ،
كۆرۈنمىدى ھىلال ئايدەك قېشىڭىز.
قاراپ تۇرسام مۇشتاق بولۇپ تىكىلىپ،
قېشىڭىزنى يوشۇرۇپتۇ چېچىڭىز.

شۈكۈر دېدىم، قاشلىرىڭىز بار ئىكەن،
ھۆسنىڭىزدىن بولدۇم يەنە بەھرىمەن.
قېشىڭىزنى كۆرەلمەيتتىم شۇندا مەن،
چاچ سىلكىتىپ چايقالمىسا بېشىڭىز.

چاچلىرىڭىز كۈنەلمەپتۇ چازىغا،
كۆنۈپ قاپتۇ ئەركە قىزنىڭ نازىغا.
سىز تۇرۇۋۇقلۇق بارامدىمەن قازىغا،
كۆرەلمىسەم ئاغرىمامدۇ ئىچىڭىز؟

ئۆلتىماسىم: چېچىڭىزغا گەپ قىلىڭ،
كۆڭلۈم بىلەن چېچىڭىزنى ئەپ قىلىڭ.
يا بولمىسا بىر سۆز بىلەن لەت قىلىڭ:
ماڭا لايىق كەلمەيدۇ دەپ يېشىڭىز.

### يارنىڭ خېتى

ئۆزۈلەي دېگەندە تاقەت تەسۋىيىم،
خەت كەلدى زارىقىپ كۈتكەن نىگاردىن.
ئوقۇدۇم، پەرىشان كۆڭلۈم ئېچىلدى،
نىجاتلىق تاپقاندەك بولدۇم بىماردىن.

بىر قېتىم ئۇقۇۋسام قانمىدى باغرىم،
يېڭىلا ئاچقانىدەك ئۇقۇۋدۇم يەنە.
ھەر سۆزى، ھەر قۇرى تۇيۇلدى يېڭى،
قەلبىمدە خۇشاللىق قىلدى تەنتەنە.

ۋۇجۇدۇم يېڭىدىن تاقەتكە تولدى،
ئۈمىدىم پارلىدى چولپان مىسالى.

شۇ خەتنى كۆزۈمگە سۈرتتۇم ۋە سۆيدۇم،
يېقىنلاپ كەلسۇن دەپ يارنىڭ ۋىسالى.

شۇ خەتنى باغرىمغا باسسام قەدىرلەپ،
بىر يىللىق ھارارەت ئۆتتى تېنىمگە،
يار خەتنى كۆكسىگە قويۇپ يازغانمۇ،
بۇ سىرنىڭ جاۋابى قالدى كېيىنگە.

**خەتنىڭ ئىگىسى**

تاسادىپىنىڭ چاقچىقىمۇ، تېپىۋالدىم خەت،
ئېچىپ كۆرسەم شېئىر ئىكەن، ئۇقۇۋدۇم دەرھال.
مىسرالىرى خۇددى ماڭا بېغىشلانغاندەك،
ۋۇجۇدۇمدا ھۆكۈم سۈردى ئاجايىپ بىر ھال.

«سىز ئۇياقتا، مەن بۇياقتا، ئۇدۇل قوشنا بىز،
ئىككىمىزنى ھارۋا يولى تۇرىدۇ ئايرىپ.
شەرم - ھايا قويمىغاچقا سۆزلەشكە مېنى،
تەلمۈرىمەن دېرىزىدىن پەردىنى قايرىپ.

كۆزلىرىمىز ئاندا - ساندا ئۇچرىشىپ قالار،
قارىشىڭىز ئوخشمايدۇ قاراشلىرىمغا.
ئېيتىڭ بارسىز، ھېس - تۇيغۇسىز شۇ قاراش بىلەن
قولۋاق سېلىپ ئويناي دەمسىز كۆز ياشلىرىمغا؟»

بارى - يوقى ئىككى كۇپلېت، ئىمزاسى يوچۇن،
ئىككى كۇپلېت يېتەكلىدى ئىككى قولۇمدىن.
چۇلغىۋالدى مېنى شېئىرىن، ئېزگۇ خىياللار،
بەخت گۈلى ئۈندى گويا ماڭغان يولۇمدىن.

كىمدۇ بىرى ئېلىپ قاچتى كاپ قىلىپ خەتنى،
قارىسام ئۇ، تام قوشنامنىڭ ئوغلى شوخ يىگىت.
ئەمدى بىلدىم، شۇ يىگىتكەن خەتنىڭ ئىگىسى،
ئەخمقانە خىيالىمغا قويدۇم كۆپ چېكىت...

ئەركىن داۋۇت

## ئۇتلۇق كۆزلەر ماڭا يىللىق تىكىلىدۇ

### مۇنبەر

چىققىنىمدا مۇنبەرگە مەن كۈلۈمسىرەپ،
ئۇتلۇق كۆزلەر ماڭا يىللىق تىكىلىدۇ.
جۇشقۇن ئېقىن ھاسىل بولۇپ تومۇرۇمدا،
يۈرىكىمنىڭ تارى بىردىن چېكىلىدۇ.
بىلىم ئېلىپ مېنىڭدىن شۇ ئۇتلۇق كۆزلەر،
خۇددى بۈركۈت بالىسىدەك يېتىلىدۇ.

مۇنبەر گويا نەزەرىمدە كاتتا سورۇن،
مەن ئۇنىڭغا ئىچ-ئىچىمدىن ئەجەب ئامراق،
ئايلىنىمەن شۇ مۇنبەرنى مۇھەببەتتە،
كەتكۈم كەلمەس بىر سائەتمۇ ئۇندىن يىراق،
ئۇتلۇق كۆزلەر ئارىسىدا باشتىن - ئاخىر
ئۆتەر كۈنۈم مەزمۇنغا باي ھەمدە قايناق.

### چاقىرغاندا شاگىرتلىرىم

چاقىرغاندا شاگىرتلىرىم«مۇئەللىم» دەپ،
ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنىمەن خۇشال بولۇپ.
ئىلھاملىرىم پاتماي قالار دىل خانەمگە،
گويا تارىم، زەرەپشاندەك مەۋج ئۇرۇپ.
مۇشكۈلاتلار ئالىمىنى يوق قىلىمەن،
خىيالىمدا پەرھاتقا خاس كۈچكە تولۇپ.
پاھ، مۇئەللىم نېمىدېگەن شەرەپلىك نام،
يوقتۇر ئۇنىڭ بۇ جاھاندا ھېچ تەڭدىشى.
يېتىلمەيدۇ ئۇ بولمىسا قابىل، سەرخىل،
داھىي، ئالىم، دوختۇر ھەمدە شائىر كىشى.
راۋاج تاپماس مۇئەللىمنى سۆيمىگەن ئەل،
قۇچالمايدۇ شانۇ - زەپەر قىلغان ئىشى.

### يارىم كۈلۈپ

ئۇڭ قولۇمدا ئۈيىنتىپ قامچا،
مەنزىلىبىرى سالدىم قاراپ ئات.
قات - قات توسۇق ئىگىپ بويىنىنى،
ئايىغىمدا بولدى مانا مات.

يارىم كۈلۈپ سۇندى دەستە گۈل،
ئىككىمىزنىڭ كۆڭلى تەڭلا شات.
كۆرەلمەسلەر يۈلۈپ چېچىنى،
نالە قىلدى چېكىپ پەندىيات.

### ئالما بەردىڭ

ئالما بەردىڭ، ئالدىم ئالمىنى،
تەزىم بىلەن ساڭا ئېگىلىپ.
رەھمەت دېدىم قەددىمنى رۇسلاپ،
جۈپ كۆزۈڭگە مىختەك تىكىلىپ.

ئاق ئالمىدەك ئاقنىنە چېھرىڭ
كەتتى گويا ئوتتەك قىزىرىپ.
ماڭا مەيلىڭ بار ئىكەن سېنىڭ،
ھەرىكىتىڭدىن قالدى سېزىلىپ.

ئالما بەردىڭ، ئالدىم ئالمىنى .
تەزىم بىلەن ساڭا ئېگىلىپ.
ئىككىمىزنىڭ رىشتى زەنجىردەك،
بىر - بىرىگە كەتتى چىگىلىپ.

### مەن ئەزەلدىن چۆلنىڭ كېمىسى

مەن ئەزەلدىن چۆلنىڭ كېمىسى،
چۆلدە ئەركىن سۈرىمەن دەۋران.
پەخىرلىنىپ ئۆز ھاياتىمدىن،
نەزەر سېلىپ باقىمەن ھەريان.
چۇلغىۋالار قەلبىمنى بەزەن
نە ئۇچۇندۇر ئۇتلۇق بىر ئارمان.

مەن ئەزەلدىن چۆلنىڭ كېمىسى،
چۆللەر ئارا ئاشىمەن داۋان.
بوران چىقىپ تەرەپ - تەرەپتىن
قوترىسىمۇ تۈلكە ھەم قاۋان،
قىلچە پىسەنت قىلمايمەن ئاڭا،
تېنىمدا بار قۇۋۋەت ۋە دەرمان.

مەن ئەزەلدىن چۆلنىڭ كېمىسى،
چۆلنى مەڭگۈ ئېتىمەن ماكان.
چۆلدە يايلاپ، چۆلنىڭ قوينىدا
تاۋلىنىمەن چېنىقىپ ھامان.
قان - تەرىمنى تۆكۈپ شۇ چۆلگە،
ئۇندا بەرپا قىلىمەن بوستان.

ئابدۇرېشىت بارات

## داغدا قالغان تىلەكلەر

### كېتەرمىزمۇ ياكى شۇنداق ئارماندا

ئېلىپ كەتتىڭ يۈرىكىمنى يېتىلەپ،
شۇ سەۋەبتىن تولغىنىمەن ئۇخلىماي.
خىيالىمدا كەتسەڭ نىگار ئەركىلەپ،
دومىلايدۇ كۆزۈمدىن ياش توختىماي.

ئىزىڭ چۈشكەن كوچىلارنى ئايلاندىم،
ئىزگۈ شېرىن تۇيغۇ بىلەن سىردىشىپ.
ھەر دوقمۇشتا يالغۇزلۇقتا خورلاندىم،
مېنى سۆيگەن خىيالىمغا مىنگىشىپ.

سەن ئۇياقتا كۈننى ساناپ يۈردىڭمۇ
(قىينىغاندۇ بەلكى ھىجران سېنىمۇ).
ئېيت نىگارىم، سەن چۈشۈڭدە كۆردىڭمۇ؟
چۈشلىرىڭدە سۆيۈۋېلىپ مېنىمۇ.

ئازابلاندىم، ئازابلاندىڭ تەلمۈرۈپ،
سېغىنىشتا كەتتى ياشلىق پىغاندا.
قاچانلاردا كۆرۈشەرمىز شاد كۈلۈپ،
كېتەرمىزمۇ ياكى شۇنداق ئارماندا؟!

### بۈركۈتلەر چوققىغا قونىدۇ ھامان

يىغلاڭغۇ ئارمانلار قىسماڭلار بويۇن،
بىر كۈنى مەنزىلنى تاپالايسىلەر.
يىغاڭلار ئۆزگىگە بولماقتا ئويۇن،
بۇنىڭغا قانداقمۇ چىدالايسىلەر؟

ئۈمىد ھەم ئىرادە بولغاندا سىرداش
ھاڭلاردا تېڭىرقاش بولمايدۇ زىنھار.
بىلسەڭلەر ھېچنېمە بەرمەيدۇ يىغلاش،
يىغىدىن شۇۋىرغان تۇغمىدۇ باھار.

جاسارەت ئىزدەڭلار قىلماستىن سۈكۈت،
كۈلكىلەر ئىشارەت قىلىدۇ لەرزان.
ۋايىسماي پەرقاقار جودۇندا بۈركۈت،
بۈركۈتلەر چوققىغا قونىدۇ ھامان.

### مەن توغرۇلۇق قىلماڭچۇ بىر غەم

خانىمىزدا بولغاندا مېھمان
سىرلىق بېقىپ قويغانتىڭ ماڭا.
لەۋلەر تىترەپ سۈرەلمەي زۇۋان
كۆزۈم ئاران تىكىلگەن ساڭا.

ئالبومىمغا قارىسام شۇ كۈن
تۇنجى قاردا چۈشكەن سۈرەت يوق.
ئەمدىلىكتە مەيدەمنى ئۇتسام
شۇندىن بېرى تېگىپتۇ بىر ئوق.

خىيالىمغا ئەگەشسەم بۇندا
ھېسلىرىممۇ كېتىپتۇ يوقاپ.
تووۋا دېدىم نەچچە رەت ئۇدا
ھېسنى قاچان كەتكەنسەن بۇلاپ.

سۇرىتىمنى ئاپسەن ئەي گۈزەل،
يۈرىكىمنى تىترىتىپ بۇدەم.
ئەمدى جاننى يوقاتماي تۈگەل
مەن ھەققىدە قىلساڭچۇ بىر غەم.

ناله قىلدىم ئاڭلانماس ئۈندە

تورغاي ناخشا ئوقۇغان سەھەر
مەلەڭدىكى خازان شىۋىرلار.
سۆيۈرگەڭنى قولتۇققا قىسىپ
كىرىپ كەتسەڭ يۈرەك تىپىرلار،
زارلىنىمەن يۈرەك پىچىرلار.

ئۆتسەڭ چېلەك ئېلىپ مەلەمدىن
قارىماستىن يېنىڭ يۆتىلىپ.
يېنىشىڭمۇ تېز بولۇر شۇنچە
يەرگە بېقىپ چاندۇرماي كۈلۈپ،
كەتتىڭ، كەتتىم ئارماننى يۇدۇپ.

بويناقلىرىڭ قاۋايدۇ كەچتە
تۈشمىنى ساڭا يەتكۈزۈپ،
ئىككى يۈرەك ئوخشاش تىلەكتە
ئەپسۇس، تېخى باقماي كۆرۈشۈپ،
خىيال كېزەر قۇتلۇق تويى كۈتۈپ.

يوللاردىكى ئىزىڭنى ساناپ
بەزلەپ كەلدىم ئۆزۈمنى كۈندە،
شۇرىلاردىن تەلمۈرۈپ قاراپ.
ناله قىلدىم ئاڭلانماس ئۈندە
ئازاب قاينار مېنىڭ سۆزۈمدە.

ئەمدى سەنمۇ چىقار ئۈنۈڭنى

سېزىلىدۇ ئۇزۇن پىلىسرات
ساڭا داغدام ئالدىڭدىكى يول.
كۆردۈڭ ئوماق، قىينالغىنىمنى
ئۇزاتساڭچۇ بىچارەڭگە قول.

ئۇزاتساڭچۇ بىچارەڭگە قول
ھالىمغا سەن قىلىپ شاپائەت.
ماڭالمايمەن ئالدىڭدا ئۇدۇل،
ئىشقىڭ جادۇ، كۆزۈڭ كارامەت.

ئىشقىڭ جادۇ قىلىپ كارامەت
يۈرىكىمدىن ئالدى كۆڭۈلنى.
كۆزۈم سېنىڭ مېھرىڭگە بەندە،
ئەمدى سەنمۇ چىقار ئۈنۈڭنى.

نۇرمەھەممەت چېلىل

## تەمىچىم

تۇرمۇشتا، ئىجادىيەتتە ئۆز مېھنىتىگە تايانماي باشقىلارنىڭ ئېتىزىدىن تەمەچ تەرگۈچىلەر ئاخىرقى ھېسابتا پايدا ئالالمايدۇ.

—خاتىرە دەپتىرىمدىن

باشقىلارنىڭ ئېتىزىدىن تېرىۋالغان تەمىچىم،
قوشنىلارنىڭ ئورمىنىدىن يېرىۋالغان تەمىچىم،

يول بويىدىن ـ خاماندىن سىيرىئۇلغان تەمىچىم،
هۆل ۋە قۇرۇق بادرىدىن قىرىئۇلغان تەمىچىم.

تەمەچ تەردىم جىدەللەپ مېنىڭكىمۇ مېنىڭ، دەپ،
ئەزۋەيلىدىم كۆرەڭلەپ، سېنىڭكىمۇ مېنىڭ، دەپ،
ئەسكى ياغاچ، پېۋر كۆتەك، يېرىنىدىمۇ مېنىڭ، دەپ،
ئەخلەت ـ چاۋا، شاخ ـ شۇمبا، چىرىنىدىمۇ مېنىڭ، دەپ.

تەمەچ تەردىم توختىماي باردەك تويىماس بەش بالام،
(تىغ جان ئىدىم ئەسلىدە يوقتى موزاي يا كالام)،
شۇنچە تەرگەن تەمىچىم بولالمىدى بىر قالام،
كۆيۈپ كەتتى گۇررىدە ۋەئەلەيكۇم ئىش تامام.

## رۇبائىي

چۇش ئەمەس سەپىرىمىز تەرىك ئەتكىلى،
مەنزىلگە بىر سەكرەپ بولماس يەتكىلى.
يۇك ئېغىر، يول مۇشكۇل، پارلاقتۇر غايە،
مەردلەرنى سىنايدۇ داۋان، ئۆتكىلى.

ئېلى زاهت

## قىران دەرياسى

كەلدىم قىران بويۇڭغا،
قەلەم ئېلىپ قولۇمغا.
تۇتتۇڭ سەنمۇ هۇرمەتتە،
ماڭا قايماق چاي قىران.

ئالتايلىقنىڭ جېنى سەن،
تومۇردىكى قېنى سەن.
سېنىڭ بىلەن گۈللەيدۇ
ئېتىز ـ ئېرىق، ساي، قىران.

بۆلۈپ گۈزەل شەهەرنى،
تۇنگە ئۇلاپ سەهەرنى،
باغرىڭ يېقىپ ئۆتكىنىڭ
ئەسلى ئالتۇن چاي، قىران.

ساڭا ئامەت تولۇپتۇ،
ھەسەن ـ ھۈسەن قونۇپتۇ،
پەخىرلىنەر سەن بىلەن
بۇندا كەمپىر، چال، قىران.

بوزغۇنلىرىڭ تۈكىدەك،
قازاق قىزنىڭ بۆكىدەك.
تارتتىڭ ئەجەب مەيلىمنى
بولۇپ سۇلۇۋ ئاي، قىران.

مۇتەئەللا ئىبراھىم

## گۈزەللىك ئىلاھىغا

مىسلى خال گۈزەللىك خەزىنىسىگە
ھالقىسىز سىپلىنغان ئاچقۇچسىز قۇلۇپ.
سالسا كىم ئۇنىڭغا ھەتتا بىر نەزەر،
شۇ ھامان ئۆزىچە قالار تۇتۇلۇپ.

*

چاقماقمۇ بالاغەت كۆكىدە يانغان
قىزلارنىڭ ناز بىلەن قىيا بېقىشى.
ئىلاھا، نېمىشقا شۇ خىل بېقىشتىن
كېلىدۇ زىلزىلىگە جانىنىڭ بېغىشى.

*

رازىدۇر سۇمبۇلدەك چاچلىرىدىن قىز
بولسىمۇ قانچە كۆپ تاراپ ئاۋارە.
ئۇنىڭدىن نارازى ئەمەس ئوغۇل ھەم،
بولدۇم دەپ ھەمىشە قاراپ ئاۋارە.

*

ئېيتقىنا، گۈزەللىكنىڭ ئىلاھى سەن،
راستىمىدۇ قىزلارنىڭ شۇ گۈزەللىكى.
بارمۇ يە كۆزلىرىدە ئوغۇللارنىڭ
قىزلارنى گۈزەل كۆرۈش ئەۋزەللىكى؟

*

ئىلاھا، ھىممىتىڭ زور ئىكەن
قەدىرلىك دىيارنىڭ قىزىغا.
بىزگىمۇ چىقار بىر پەيغەمبەر،
قاراتماس قىزلارنىڭ ئىزىغا.

*

كۆپ بەردىڭ نېمىشقا قىزغا ھايانى،
ئىلاھا، سىرىڭنىڭ يوقمۇ پايانى.
بەردى ئۇ، قىزلارغا چىن قەدىر - قىممەت
بولۇپ ھەر پاك دىلنىڭ ئۇنىسىز پايانى.

ئوبۇلخەيرى ئىبراھىم

## پارچىلار

دىلىمدا ئوت ۋەتەن مېھرىڭ، كېرەكمەس بۇ جاھان سەنسىز،
ئەقىدەمسىز ياشاي مىڭ يىل، كېرەكمەس ھەم بۇ جان سەنسىز.
نىچۈن يۈز كەلتۈرەي كەئبە، ئۆزۈڭ تۇرساڭ ھەرەمگاھىم،
قىلاي يۈز مىڭ ئىبادەتلەر، كېتەرمەن بى ئىمان سەنسىز.

ۋەتەن دەپ ئۇرغۇسۇن قانىڭ، ۋەتەن ئىشقىدا پەرياد قىل،
ئېچىلدۇر قان - تېرىڭدىن گۈل، ۋەتەن قوينىنى ئاباد قىل.
سېتىپ يۈز، ئاينىغان تۈزكور، ئىمانسىز دىۋە - مەلئۇنىنىڭ
ئېقىت كۆز ياشىنى دەريا، تىلىپ باغرىنى، ناشاد قىل.

*　　　　　　*

ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت، غادايما قانچە بىلسەڭمۇ،
تەمەننا قىلما ئىسكەندەر كەبى دۇنيانى سۈرسەڭمۇ.
ئۇنۇتما ئەسلى تۇز بەرگەن ئاشۇ ۋەيرانە كۈلبەڭنى،
يېرىپ كۆك قەھرىنى ھەتتا سامادا خانە تۈزسەڭمۇ.

**ئۆمەر رەجەپ**

## تېرىككەك مۇدىر

ئىشخانىدا بىر مۇدىر بار ئىسمى نايىپ،
تېرىكىدۇ، ھەممە ئىشقا بەك ئاجايىپ.
دېدى بىر كۈن: ئۇكام دوكلات يېزىپ چىقىڭ،
سان - سېفىرنى ئېلىپ كەلسۇن بېرىپ سايىپ.
يېزىپ چىقتىم دوكلاتنى مەن قاملاشتۇرۇپ،
كۆرۈپ مۇدىر تۇساتتىنلا كەتتى كايىپ،
دوكلاتىمنى جوزامغا ئۇ، چۆرۈۋەتتى:
— دەيسىز نىچۈن جۈرىن دېمەي «مۇدىر نايىپ»؟!
ئەجەبلەنمەڭ مۇدىرىمنىڭ ئەلپازىدىن،
ئىسلاھاتتا ئىشخانىدىن بولدى غايىپ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەتىمىن بارى




ئالىمجان ئىسمائىل

(پوۋېست)①

6

سابىر ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى بېيجىڭدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ ئايرودرومدىن ماشىنا كىرا قىلىپ ئۇدۇل ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ چۈشتى. ھويلىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى. ھويلىدا ئويناشاق باللار ئويناپ يۈرەتتى. باللار ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

— ئۆيدە كىم بار؟ — دەپ سورىدى سابىر ماشىنىدىن چۈشۈپ باللاردىن.

— دادام بىلەن ئاپام بار، — دېدى بىر ئوغۇل بالا.

سابىر ھەيران بولدى.

— سەن كىمنىڭ بالىسى؟ — سورىدى سابىر ئەجەبلىنىپ.

— قادىر توختىنىڭ.

ئاڭغىچە ئۆيدىن خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى قادىر توختى چىقىپ قالدى.

— ھوي، ھوي، سابىر مۇدىر يېنىپ كەپتىغۇ، — ئۇ سابىرنىڭ ئالدىغا ئىتتىك كېلىپ قول بەردى، — قانداق، تىنىچ - ئامان كەلدىلە، ھازىر كېلىشلىرىمۇ نېمە؟

— ھەئە، — دېدى سابىر تېڭىرقاپ، — بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىرياققا كۆچۈپ كەتكەنمۇ نېمە؟

— يېڭى ئۆيگە كۆچتى، تېخى نەچچە كۈنلا بولدى.

— نەدىكى يېڭى ئۆي؟

— سىلىنىڭ خەۋەرلىرى يوق ئىكەن - دە، باغنىڭ ئالدىغا باشلىقلارغا ئاتاپ بىر كورپۇس ئۆي سالدى. ئەيسا جۇيجاڭلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا...

— ئۇلارمۇ كۆچۈپ كېلىپ بولدىمۇ؟

— ھە، كاتتا ئۆيلەرنى سېلىۋەتتى، يۇرسىلا مەن نەرسە - كېرەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ ئاپىرىشاي، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، چامىدانىنى قولىغا ئالدى، سابىر سومكىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

---

① بېشى ئۆتكەن سانىدا.

مەكتەپنىڭ ئالدى ئوقۇتۇش تەجرىبە مەيدانى بولۇپ، كەينى دەرياغا تۇتاش باغ ئىدى. سابىر بېيجىڭغا ماڭىدىغان چاغدا بۇ يەرگە تەگمەسلىكنى، مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرگە كۆنچىقىش تەرەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ئائىلىلىكلىرى تەرەپتىن بېرىشنى قايتا-قايتا تاپىلىغانىدى. «ئەيسا جۇيجاڭ دېگىنىنى قىپتۇ-دە، ئىلگىرىمۇ مۇشۇ يەرنى تەلەپ قىلغانىدى. باراتنىڭ ماقۇل دېگىنىنى كۆرمەمدىغان ...»

سابىرنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ئاڭغىچە ئۇلار قاتار كەتكەن قىزىل خىش بىلەن سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆيلەرنىڭ ئالدىمۇ خىشتا ھويلا قىلىپ تورالغانىدى. ئارقىدىكى كورپۇس نەق باغقا كېلىپ تاقاشقانىدى.

قۇربان توختى سابىرنى چەتتىكى ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

— ئاممىنە ئۆيدە ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ، قوش قاناتلىق ھويلا ئىشىكىگە قاراپ، — سىلى ھارغانلا، كىرىپ دەم ئالسىلا، مەن قايتاي.

سابىر دەرۋازا ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. دەرۋازىغا چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلغان، بېكىتىلگەن قوش ھالقا كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى.

سابىر ھويلىغا كىردى. ھويلىنىڭ كەڭلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. دەرۋازىدىن ئۆيگىچە پىششىق خىشتىن يول ياسالغانىدى.

ئۆيدىن ئاممىنە يۈگۈرۈپ چىقتى. خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەنىدى.

— مۇشۇ تاپتا كېلىشىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ، ئىنتىزار بولۇپ كېلىپ، — ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟ ئەتىگەن تېخى ئارزىگۇل دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، كېلىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەنتى ...

ئۇ سابىرنىڭ قولىدىن چامادىنىنى ئالدى. سابىر ئۆيگە كىرىپ تېخىمۇ ھاڭ-تاڭ قالدى. يەرگە گۈللۈك كىلىيونكا سېلىنغان، تام يېرىمىغىچە ھاۋارەڭ سىردا سىرلانغانىدى. سابىر سومكىنى قويۇپ، ئۆيلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئوڭ تەرەپكە ئىچكىرى-تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ئۆي، ئوتتۇرىدا بولسا چاسا بىر ئېغىز ئۆي، سول تەرەپتە بىر ئېغىز چوڭ ئۆي جايلاشقانىدى.

— بۇ ئۆينى مېھمانخانا قىلدىم، — دېدى ئاممىنە ئۇنىڭغا، — ئەمدى ئون-ئون بەش مېھمان كەلسىمۇ ئازادە ئولتۇرىدىغان بولدى.

— بۇ نەدىكى سافالار؟ — سورىدى سابىر تام بويلىتىپ قاتار قويۇلغان سافالارنى كۆرسىتىپ.

— مەكتەپ ياساپ بەردى، بارات جۇرېن: مەكتەپنىڭ كونا كۇلۇبىنى بۇزدۇق، چىققان ياغاچلارنى خىزمەتچىلەرگە سېتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز، مەكتەپتە تەييار ياغاچچى بولغاندىن كېيىن جابدۇق ياسىتىۋالسىلا، دەپ كىرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ سافالارنى، ئاۋۇ ئىشكاپلارنى ياسىتىۋالدىم، قانداق، بوپتىمۇ؟ قاراڭ، بىر تىيىنىمۇ ئالمىدى، — ئاممىنە چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ كۈلدى.

— بۇ قاتاردا يەنە كىملەر بار؟

— يېنىمىزدىكى ئۆيگە ئابدۇرېھىم شۇجى كۆچتى، ئۇنىڭ نېرىسىدا توختى مۇدىر بار.

— ئۇچلا ئائىلىمۇ؟

— ھەئە، مۇدىرلارغا ئاتاپ سالدۇرۇپتىغۇ... ئارقىدىكى ئۆيلەر ئەيسا جۇيجاڭلار- نىڭ. ئۇلارنىڭ ئۆيى بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل، ئايرىم مونچىخانىسىمۇ بارتېخى، كىرسىڭىز ئاغزىڭىز ئېچىلىپلا قالىدۇ. بەش ئۆينىڭ ھەممىسىنىلا چوغدەك ياسۇالدى، ئۆزىنى قالتىس چىڭدىۋال- غان ئادەملەر ئىكەن، قاراپ باقسام ھەممىسىدىن نامراتى بىز ئىكەنمىز، ئادەم ئۇلارغا قاراپ نومۇس قىلىپ قالىدىكەن. سىزنىڭغۇ ئۆي بىلەن كارىڭىز يوق، مۇشۇ بىرنېمىلەرنى ياسات- مىغان بولسام بۇ ئۆيگە قويغۇدەكمۇ نەرسىمىز يوق ئىكەن.

سابىر ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئامىنەمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىنى سېزىپ توختاپ قالدى.

سابىرغا ھەممە ئىش چۈشىنىشلىك بولدى، ئەلەم، پۇشايماندىن يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى، ئۇ ئەمدى ئوقۇتقۇچىلارغا نېمە دەيدۇ، ئۇلار ئۇنى يالغانچى، كاززاپ قاتارىغىمۇ چىقىرىشقاندۇ؟ «ئۇلار نېمە دېسە ھەق، مەن مانا نېمە قىلدىم؟! مەكتەپنى سېتىش ھېسابىغا ئۆزۈمگە مۇشۇ ئالاھىدە ئۆينى سالغۇزدۇم. بېكىتىۋەتكەن چىراغلارنىمۇ كۆرمەمدىغان، — سابىر تو- رۇستىكى ھەشەمەتلىك ئاسما چىراغقا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى، — مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يۈز كويدىن يۇقىرىدۇر، تېخى تېلېفونىمۇ قويۇپتۇ- غۇ ... ياشاپ كەت سابىر، ئەمدى مانا سېپى ئۆزىدىن مۇدىرغا ئوخشاپسەن، بۇلار كىمنىڭ ئەقىل كۆرستىشى بىلەن بولغاندۇ؟ توختى مۇدىرنىڭمۇ؟ ياق ... ئۇ بىر ياۋاش ئادەم، بۇ چوقۇم باراتنىڭ قىلغان ئىشى، مەن ئەخمەق ئۇنىڭغا نېمانچە ئىشىنىپ كەتكەندىمەن... ئەمدى مېنىڭ گېپىمنى كىم ئاڭلايدۇ؟ پۈتۈن ئابرويىمنى بىر ئۆيگە ساتتىم- دە. ئەسكى ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارمەندىن ئاغرىنىۋاتقاندۇ تايىنلىق. غۇنچەم نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ سابىر تازا بىر شەخسىيەتچى ئىكەن دەۋاتامدىكىن، ناۋادا ئامىنەنىڭ ئورنىدا غۇنچەم بولغان بولسا مېنىڭ يۈزۈمنى بۇنچىلىك چۈشەرمىگەن بولاتتى، ئايىغان بولاتتى ...»

سابىرنىڭ بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كەتتى، بۇ يولنىڭ ھاردۇقىمۇ ياكى كېلىپلا دۈچ كەلگەن خاپىلىقتىنمۇ ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئامىنەنىڭ يېڭى قوشنىلار ھەققىدىكى تۈگىمەس گەپلىرى ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپلىۋەتتى. ئۇ ئاخىرى لام- جىم دېمەي سىرتقا ماڭدى.

— نەگە بارسىز؟ — سورىدى ئامىنە ھەيران بولۇپ.

— مەكتەپكە.

— كېلە- كەلمەي نېمانچە ئاكتىپلىق، مەكتەپ ھېچيەرگە كەتكىنى يوق، توۋا، خۇدايىم ماۋۇ ئادەم بېيجىڭغا بېرىپ ھۆلەكچىلا بولۇپ كەپتىغۇ، بۇنىڭغىزە ئاشۇ جاڭ- گال لايىق ئىدى...

سابىر ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمىدى، ئۇ قورۇدىن چىقتى- دە، مەكتەپ تەرەپكە ماڭماستىن دەريا بويىغا قاراپ كەتتى. دەريا تەرەپتىن مۇزدەك سالقىن شامال ئۇرۇلماقتا ئىدى. كۆزنىڭ قىسقا كۈنى تۈگەپ، قۇياش تاغ ئۈستىدىكى بۇلۇتلار قوينىغا كىرمەكتە ئىدى. سابىر دەريا بويىغا كەلدى. قۇياشنىڭ سارغۇچ نۇرىدا پارقىراپ جىمىرلاپ

ئېقىۋاتقان دەريادىن بوغۇق، شىۋىرلىغان ئاۋاز كېلەتتى. سابىر قىرغاق بويىلاپ تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا خىلمۇخىل خىياللار چىرمىشىپ كەتكەنىدى. يۈرىكىنى ئاچچىق، كۆڭۈلسىز بىر تۇيغۇ مۇجۇيتتى، ئۇ توختىماي تاماكا چېكەتتى. تاماكا بېشىنى تېخىمۇ ئاغرىتىۋەتتى.

دەريا بويىدا كىنىر چايقاۋاتقان بىر گەۋدىگە ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. سابىر يىراقتىنلا ئۇنى تونۇدى. ئۇ غۇنچەم ئىدى. شۇ ئارىدا غۇنچەم كىرىنى داسقا سېلىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، سابىرنى كۆرۈپ بىر دەقىقە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن داسنى كۆتۈرۈپ قىرغاققا چىقتى.

— ئوھوي، قاچان كەلدىڭىز؟ — غۇنچەم خۇش-خۇي كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ غۇنچەم، — سابىر كۆڭۈلسىزگىنە تىنچلىق سورىدى.

— ياخشى، بۇرۇنقىدەكلا ...

سابىر ئۇنىڭغا سەپ سالدى. غۇنچەم بۈگۈن ئۇنىڭ كۆزىگە ئىلگىرىكىدىن سەل ئۆزۈۈلاپ قالغاندەك، تېخىمۇ زىلۋا كۆرۈنۈپ كەتتى، بېيجىڭدىكى چاغدا غۇنچەم پات-پاتلا سابىرنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالاتتى، ئاخىرقى قېتىم ئۇ غۇنچەم بىلەن دەل مۇشۇ دەريا قىرغىقىدا قولتۇقلىشىپ مېڭىپ چۈش كۆردى. غۇنچەمنىڭ ئۈستىدە دەل مۇشۇ ئاق كوفتىسى بار ئىدى، ئۇ سابىرنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويغان ھالدا مېڭىۋاتقۇدەك ... غۇنچەم بارغانسېرى ئۇنىڭ قەلبىگە ئۇسۇپ كىرىپ، ئورۇن ئالماقتا ئىدى. ئۇنى ئويلىماي دېگەنسېرى، ئۇ سابىرنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن خىيالەن مۇڭدىشاتتى...

— كىر يۇغىلى چىقىپسىز - دە؟ — سابىرنىڭ ئاغزىغا ئاران شۇ گەپ كەلدى.

— ھەئە. سىز قاچان كەلدىڭىز؟ سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى پەقەتلا ئۇقماپتىمەن.

— بايىلا كەلدىم.

— ھە، شۇ. نېمە كېلەر - كەلمەيلا دەريا بويىغا چىقىۋاپسىز - غۇ؟ ئامىنە ئۆيدىن قوغلاپ چىقارمىغاندۇ؟

— سىزنى دەريا بويىدا دەپ ئاڭلاپ ئولتۇرالمىدىم.

— ۋاي قانداق قىلاي، — غۇنچەم تولغىنىپ كۈلدى. كۈلكىدىن ئۇنىڭ ئۇچلۇق كۆكسى تىترەپ كەتتى، — بېيجىڭدا خېلى جۇرئەتلىك قىلىپ ئوقۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ، پەيلىڭىزدىن يېنىڭ، سىز دېگەن ماۋۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى جۇمۇ!

— مۇدىر بولسا نېمە بوپتۇ؟

— مۇدىر دېگەن ناھايىتى ئېغىر - بېسىق، تەمكىن بولىدۇ، ئەمدى ئۇنداق گەپلەر سىزنىڭ سالاھىيىتىڭىزگە ياراشمايدۇ.

— غۇنچەم ...

— مەن كېتەي، — غۇنچەم ئەتراپقا قاراپ ئالدىرىدى، — بىرەرسى كۆرۈپ قالسا ئەتىلا مەكتەپكە پۇر كېتىدۇ.

— گەپتىن قورقامسىز؟

ــ مەنغۇ مەيلى، بۇنداق گەپ - سۆزلەرگە كۆنـۈپ قالدىم، لېكىن سىـزگە ياخشى بولمايدۇ - دە.

ــ غۇنچەم، سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى.

ــ ئەمىسە يۈرۈڭ، ئۆيگە كىرەيلى، ــ غۇنچەم تەئەججۈپ بىلەن سابىرغا قاراپ قويدىدە، كىر سېلىنغان داسنى كۆتۈرۈپ ماڭدى.

سابىر شۇنداق دەپ قويغىنى بىلەن غۇنچەمگە دەيدىغان ھېچقانداق گېپىمـۇ يوق ئىدى، ئۇنىڭ پەقەت غۇنچەم بىلەن بىللە بولغىسىلا بار ئىدى. غۇنچەم يېنىـدا بولـسا كۆڭلى ئارام تاپاتتى، غۇنچەمنىڭ ھەرقانچە ئاچچىق گەپلىرىمۇ ئۇنىڭغا يېقىملىق تۇيۇلاتتى. شۇڭا ھازىر ئۇ غۇنچەمنىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپنى كۆڭلىدىن ئاقتۇردى، نېمە گەپنى باھانە قىلسام بولار؟ مەن بۈگۈن كىچىك بالىدەكلا بولۇپ قالدىمغۇ، مەن كەتكەندىن بۇيان نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى سورىسامچۇ؟ ئەگەر غۇنچەم: سىز مەكتەپنى ماڭا تاپشۇرمىغانتىڭىزغۇ، ــ دېسىچۇ؟ نېمە دېسە دېمەمدۇ، پەقەت ئۇنى ئوبدانىراق قېنىپ بىر كۆرۈۋالاي، ئۇنى شۇنچىلىك سېغىندىمكى، غۇنچەم بۇنى ھېس قىلالمىدىغاندۇ؟!

سابىر غۇنچەمگە قاراپ قويدى، ناۋادا غۇنچەم شۇ تاپتا ئاشۇ داسنىڭ بىر چېتىنى بەرگەن بولسا، ئۇ ھېچنېمىگە قارىماي كۆتۈرگەن بولاتتى. ھەتتا غۇنچەمـنىمۇ قـوشـۇپ كۆتۈرۈشكە تەييار ئىدى. ئۇلار بىر چاغلاردا بىر - بىرىگە ئاجايىپ ۋەدىلەرنى بەرگەنىدى. لېكىن ھايات ئۇلارنىڭ بۇ ۋەدىلىرىنى بىر تىپىن قىلىۋەتتى. ئۇلار تاسادىپىلا يات ئادەملەردەك بولۇپ كەتتى، ئۆز ۋاقتىدا بىركۈن كۆرۈشمىسە چىداشمايدىغانلار 20 يىل بىر-بىرىنى ئىزدەشمىدى، بەلكىم سابىر مەكتەپكە كەلمىگەن بولـسا ئۇلار ئەبەدىي ئىزدەشمىگەنمۇ بولاتـتى. ئەمدى بولـسا سابىر ئۇنى كۆرمىسە يەنە تۇرالمايدىغان بولدى ... شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رىشتە ئۈزۈل - كېسىل ئۈزۈلمىگەن بولسا كېرەك، يۈرەكتىكى ئوت ئۆچكەندەك قىلسىمۇ، لېكىن چوغى ساقلىنىپ قالغان ئىكەن، مانا قايتا يۈز كۆرۈشۈش بىلەنلا بۇ چوغ باشقىدىن يالقۇنجىغىلى تۇردى.

ئۇلار غۇنچەمنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى، غۇنچەم ئىتتىك مېڭىپ ئىشىكنى ئاچتى، سابىرغا بۇ قورۇ تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۆيگە كىرىپلا سابىـرنىڭ كـۆزى تامـغا چۈشتى:

ــ ھوي، بۇ دەز تېخىمۇ يوغىناپتىغۇ، رېمونت قىلىپ بەرمىدىمۇ؟

ــ ياق، تېخى قىلمىدى، ــ غۇنچەم ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

ــ مەن مېڭىشتىن ئاۋۋال بارات مۇدىرغا ئالاھىدە تاپىلاپ قـويغانـتىم ئەمەسـمۇ؟ سىز ئىزدىمىدىڭىزمۇ؟

ــ بارات مۇدىرنىڭ بىزلەرنىڭ ئىشلىرىمىزغا چولىسى نەدە؟! ــ دېدى غۇنچەم، ــ ئۇ يازىچە ھەرقايسىلىرىغا ساراي سالغۇزىمەن، ئۆزىگە جاي سالىمەن دەپ چېپىپ يۈرسە، بىزنىڭ ئۆلۈپ ــ تىرىلگىنىمىز بىلەن ئۇنىڭ نېمە كارى. سابىر مەن سىزنى بۇنچىۋالا ئۆزگـىرىـپ كېتەر دەپ زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن، سىز پۈتۈنلەي باشقا ئادەم بولۇپ كېتىپسىز، ــ غۇنچەم بوغۇلۇپ توختاپ قالدى، ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنـ

دى، ئۇ بىردەم گەپ قىلماي تۇردى ـ دە، تۇيۇقسىزلا سورىدى، ـــ ماڭا نېمە كېپىڭىز بار ئىدى؟

سابىر تۇنجۇقۇپلا كەتتى.

ـــ مەنمۇ شۇ ئۆي توغرىسىدا ...ـــ سابىر دۇدۇقلىدى، ـــ ئوقۇتقۇچىلار مېنى تازا تىللىغاندۇ؟

ـــ ئوقۇتقۇچىلار نېمە دەيتتى، غودۇراپ ـ غۇدۇراپ توختاپ قالدۇ، پۇقرا دېگەن نېمە قىلالايتتى؟ سىلەر باشلىق بولغاندىن كېيىن نېمە قىلساڭلار يوللۇق، باراتمۇ ئۆتكەندە يىغىندا ئوچۇق ئېيتتى.

ـــ نېمە دېدى؟

ـــ ئۇ بۇ يىللىقى قۇرۇلۇش راسخوتىنى يۇقىرىدىن پەقەت مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرىغا ئۆي سېلىشقىلا بەرگەن، بىز يۇقىرىنىڭ بەلگىلىگەن ئۆلچىمى بويىچە سالدۇق، دېدى.

سابىر ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى، ئۇنىڭ ئەزايى ـ بەدىنى شۈركىنىپ، يۈرىكى خۇددى پىچاقتا تىلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق خاتاغا يول قويغانلىقىنى ئەمدى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ تاپقان پەتۋاسىنى كۆرمەمدىغان، ئۇلار مېنىڭ ئاغزىمنى ئاچۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆينى بولۇشىغا ياساپتۇ. ھەي، بىر ئاي بۇرۇن كەلگەن بولسام ئەڭ بولمىغاندا كۆچمەيتتىم ئەمەسمۇ؟ مۇدىر دېگەن قالپاقنى كىيگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق ئالاھىدە ئادەم بولۇپ كەتتىممۇ؟ مەن بۇ مەكتەپ ئۈچۈن قانچىلىك ئەجىر سىڭدۇردۇم؟ بۇ مەكتەپتىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلاردىن لەرىم ئوشۇق؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ستاژىمۇ مەندىن ئۇزۇن، لېكىن ئۇلار بىر يېرىم ئېغىزلىق ۋەيرانە ئۆيدە ئولتۇرسا، مۇدىر بولغان مەن تۆت ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرسام ئادىللىق بولامدۇ؟ ۋىجدانىمغا مۇخالىپ كەلمەسمۇ؟ كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۇنىڭ مەنسىپى بىلەن ئۆلچىنەمدۇ؟

سابىر ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتتى، كۆز ئالدىغا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سوغۇق ھەتتا مەنىستىمەسلىك نەزەرلىرى كەلدى، ئۇنىڭغا ئەمدى ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، ئۇ نەزەردىن چۈشتى، مانا ئەڭ يېقىن كۆرگەن غۇنچەممۇ ئۇنىڭغا سالقىن مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ...

ـــ غۇنچەم، ـــ دېدى سابىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ـــ سىز بولسىمۇ مېنى چۈشەنسىڭىز بولاتتى، مېنىڭ مەقسىتىم باشقا ئىدى. ئۇلار مېنى ئالداپ كەتتى. مېنىڭ يوقلۇقىمدىن پايدىلىنىپتۇ. بۇنى ھازىر دېگەننىڭ نېمە پايدىسى بولدى.

غۇنچەم گەپ ـ سۆز قىلمىدى، ئۇ سابىرنى تاشقىرىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. تالانى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. سابىر ئۆيدىن چىققاچقا دەماللىققا يولنى پەرق قىلماي نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ پۇتى سىقىراپ ئاغرىپ كەتتى، ئۇ ئاغرىققا چىداپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كەينىگە قارىدى، ئۇ غۇنچەم كۆردىمىكىن دەپ خىجىل بولغانىدى، لېكىن غۇنچەم ئىشىكتە كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئەتراپقا قارىدى، لېكىن تۇم قاراڭغۇلۇقتا ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى.

7

سابىر غۇنچەمنىڭ ئۆيىدىن ئۇزاپ چىققان چاغدا غۇنچەمنىڭ قوشنىسى — ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئۆيدە ئولتۇرىدىغان سەمەت زاپخوزنىڭ ئايالى ھەمراخان ھاجەتخانىغا بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى، ھەمراخان بۇ كېچىدە غۇنچەمنىڭ ئۆيىدىن چىقىۋاتقان ئادەمنىڭ كىملىكىگە قىزىقىپ چاققانلىق بىلەن تېرەكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قاراپ تۇردى. ئۇ مېھماننىڭ خوشلاشقان ئاۋازىدىن سابىر مۇدىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ داڭ قېتىپ قالدى، ئۇ ئۆزىگە تازا ئىشەنچە قىلالماي دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ باشقىدىن سەپ سالدى. شۇندىلا ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆردى. «مۇدىر تېخى بۈگۈن بېيجىڭدىن كەپتىمىشكەن. بۇ يەردە نېمىش قىلىدىغاندۇ؟ ھىم، بىر گەپ بار، ھەقىچان غۇنچەككە بېيجىڭدىن سوۋغات ئەكەلگەن گەپ. ۋاي خۇدايىم بۇ ئادەم مەستمۇ نېمە؟»

ئۇ سابىر يىقىلىپ چۈشكەندە توۋلىۋەتكىلى تاس قالدى، ئۇ سابىرغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى. ھەمراخان گويا گۆھەر تېپىۋالغاندەك يايراپ كەتتى. «ھىم، غۇنچەك، — دېدى ئۇ ئىچىدە قىن-قىنىغا پاتماي، — ئەجەبمۇ نەچچە ۋاقتىن ئۆزۈڭگە سۇ يۇقتۇرماي يۈرەتتىڭ، سېنىمۇ بۈگۈن كۆرۈپ قويدۇم، ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا چوڭ گەپ قىلىپ باققىنا قېنى، سېنى ئەمدى باش كۆتۈرۈپ يۈرگىسىز قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ...»

—توۋا، توۋا، — دېدى ھەمراخان ئۆيگە كىرىپلا ئېرىگە قاراپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى. سافادا قىڭغىيىپ يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان سەمەت ئايالىغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

—نېمە بولدۇڭلا؟ جىنغا يولۇقمىغانسىلەر؟

—ئەركەك جىننى كۆرۈپ قالدىم.

—نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ خوتۇن، — سەمەت ئۆرە بولۇپ ئايالىنىڭ خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتكەن كۆزىگە ئەجەبلىنىپ تىكىلدى.

—ئاۋۇ غۇنچەك دېگەن بۇزۇقنى سۈتتىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق دەپ ماختاپ شالڭلار ئېقىپ كېتەتتى، بۈگۈن ساقلىقىنى تازا كۆردۈم.

—زادى نېمە بولدى؟

—سابىر مۇدىر ھېلى يالغۇز ئۆزى شۇنىڭكىدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ پاسكىنىنى مۇدىرنىمۇ قولغا كەلتۈرۈۋاپتۇ.

—سابىر مۇدىر بېيجىڭدا تۇرسا.

—كەپتىكەن، — ھەمراخان قوپاللىق بىلەن ئېرىنى سىلكىدى، — مەنمۇ قارىسىغىلا دەۋاتقىنىم يوق، كېلەر كەلمەي بۇ پاسكىنىنىڭ ئۆيىدە يۈرگىنىنى دەيمەنا.

— بەلكىم بىرەر زۆرۈر ئىش بىلەن كىرگەندۇ.

—ئەجەب كېچىسى ئوغرى مۈشۈكتەك كىرىدىكىنا، ئىچىۋالغاندەك قىلىدۇ، دەلدەڭشىپ ئارانلا كەتتى.

—ھەي، بەلكىم كۆزۈڭلارغا شۇنداق كۆرۈنگەندۇ، بۇنداق قۇرۇق گەپنى قويۇپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار.

— سىزغۇ غۇنچەكنى ئاقلاپلا تۇرىسىز، — ھەمراخان ئاچچىقى بىلەن ئېرىسكە ئالايدى، — ھەممىڭلار بۇزۇق ئىمىلەر.

— ئەستەغپۇرۇللا، — جىبدەلىنىڭ چىقىشىنى پەملىگەن سەمەت باشقا گەپ قىلماستىن تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— شۇنداقلىقىڭدىنمۇ بۇ بۇزۇققا ئەر چىقمايدۇ، ئىلاھىم بەدىنىڭ تېشىلىپ ئاقار ... — ھەمراخان غۇنچەمنى بىر ھازاغىچە تىللىدى.

سەمەت خوتۇنىنىڭ ۋالاقلاشلىرىدىن بىئارام بولدى. ئۇ ئۇنىڭ خۇيىنى ياخشى بىلىدۇ، ئۇ ئەتىلا بۇ گەپنى مەكتەپكە يېيىشتىن يانمايدۇ. ھەمراخاننى بىلىدىغانلارغۇ بۇ ئايال ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ، دەپ ئىشەنمەس، لېكىن سابىرنىڭ ئايالى قانداق ئويلاپ قالىدۇ، سابىر ئۆزىچۇ؟ ئۇ دېگەن مەكتەپنىڭ مۇدىرى - دە، ئەگەر بۇنى سۈرۈشتۈرۈپ قالسا تۇگەشكىنىمىز شۇ.

— ھەي، خوتۇن، — سەمەت ئۆز خىيالىدىن ئۆزى چۆچۈپ ھەمراخانغا ئۇرۇلدى، — ھېلى دېگەن گەپنى ئاغزىڭغا كەلدى دەپ جۆيلۈپ يۈرمەڭلا جۇمۇ، ئۇنى نەق ئۈستىدە تۇتۇۋالغىنىڭلار يوق، كىشىنىڭ ئۆيىگە كىشى كىرىدۇ.

— تۈل خوتۇننىڭ ئۆيىگە كېچىسى بىكار كىرەمدۇ؟

— ھەي، تولا سەكرىمەي گېپىمنى ئاڭلاڭلا، — سەمەت ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى، — سىلىنىڭ نېمە پاكىتىڭلار بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى ئويلاپ باقتىڭلىمۇ، كىرگەن ئادەم كىم؟ ئۇ دېگەن مەكتەپنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى، ئۇنىڭ خۇيىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. سىلى بۇ گەپنى چىقىرىپ قويۇپ ئاخىرى زىيانىنى ئۆزىمىز تارتىپ ئولتۇرمايلى يەنە. شۇنىڭ بىلەن سىلىگە ئوخشاش ۋاقىتلىق ئىشچىنى ھەر باھانە بىلەن ئىشتىن ھەيدەيدۇ. مېنىمۇ... بۇنى ئويلاپ بېقىپ گەپ قىلىڭلا؟

باياتىن قىن - قىنىغا پاتماي ئولتۇرغان ھەمراخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. «بۇ تەرىپىمۇ بار، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن ئۆز - ئۆزىگە. — ئەگەر باشلىقلار ئۇنى ئاشخانىمدىن ھەيدىسە ماۋۇ چوقۇر ئۆيدىن ھەيدەشتىن يانمايدۇ.»

ھەمراخان ئويلا - ئويلا ئاخىرى بۇ ئىش توغرىسىدا ھازىرچە ئىنسانغا تىنماسلىقنى لايىق كۆردى.

## 8

سابىر بىرنەچچە كۈنگىچە مەكتەپكىمۇ چىقماي ئۆيدە ياتتى، كۆرۈشكىلى كىرگەنلەرگە «قان بېسىمىم ئۆرلەپ قالغان ئوخشايدۇ. بېشىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ» دەپلا قويىدى ئۇ خۇددى روھىي كېسەل بولغان ئادەمدەك خىيالغا پاتقىنىچە ياتاتتى، ئايىنەگىمۇ ئوشۇق - توشۇك گەپ قىلمايتتى، ئايىنە ئۇنىڭغا بالنىستا يېتىشنى ئېيتقانىدى. ئۇ قەتئىي رەت قىلدى. سابىر ھېلىقى كۈنى غۇنچەمنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن ئەلىمىنى ئايىنەدىن ئالدى:

— مەن يېنىپ كەلگىچە كۆچىمەي تۇرساڭلار بولمامدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— نېمە بولدى؟ — ئامىنە ھېچنەرسىنى ئۇقماي تېڭىرقاپ قالدى، — نېمە كېلە - كەلمەي ۋارقىراپ كەتتىڭىزغۇ؟ كوچسەك بىزگە بەرگەن ئۆيگە كوچتۇققۇ...

— سىزگە ئۆيلا بولسا بولىدۇ، بىز بۇ ئۆيگە چىقىۋالساق باشقىلار نېمە دەيدۇ؟ تەسىرىنى ئويلاپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟



— بۇنىڭ نېمە تەسىرى بولاتتى؟ ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بوپتۇغۇ. ئەجەب ئەيسا جۇيجاڭلارغا ھېچكىمنىڭ پىكرى يوق، سىلەرگە پىكىر چىقامدىكەن؟ سىزچە بولسا ئاشۇ چاشقان ئۇۋىسىدا ئولتۇرۇۋەرسەك تەسىرى ياخشى بولامتى؟ قىزىق گەپ ئىكەن بۇ؟!

— ھەي، سىز مەكتەپتىكى كونا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بېقىڭا!

— ھەممىنى بىردەمدىلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ - دە، نېمە سىزچە بىز بۇ ئۆينى ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزغا ئۆتۈنۈپ بەرسەك توغرا بولامتى؟ مەن سىزنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم.

سابىر ئۇنىڭغا غەرەز ئۇقتۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ جىم بولدى، ئۇنىڭغا گەپ قىلغانىڭمۇ نېمە پايدىسى؟ بەرىبىر بولىدىغان ئىش بولدى، ھەممە سەۋەنلىك ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۆتتى. ئۇ نېمىشقا يەر بېرىشكە ماقۇل بولدى؟ بىر - ئىككى يىل ئۆتسە ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆي سېلىش ئىشى ھەل بولۇپ قالماسمىدى؟ ھۆكۈمەت قانداقلا بولمىسۇن تاشلىۋەتمەس ئىدى؟ ئۇ نېمانچىلا ئالدىراپ كەتكەن بولغىيدى، مانا ئەمدى ئۆزىگە ئۆزى گەپ تېپىۋالدى. ئەمدى مەكتەپتىكىلەر سابىر مۇدىر ئۆزىگە ئۆي سالدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپنىڭ يېرىنى بەردى دەيدۇ. ئەنە، غۇنچەممۇ ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلدى، باشقىلار ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلامدۇ؟ ھەممىسى ئاشۇ بارات دېگەن كاززاپنىڭ كاساپىتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قېرىشقاندەك ئۆگىنىشكە كېتىپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان.

قانداقتۇر بىر قول ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىسقاندەك بولدى، يۈرىكى سىقىراپ ئاغرىپ، بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا بېشىدا ئامىنە تۇراتتى. ئامىنەنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىدى. سابىر شۇ ياتقىنىچە نەچچە كۈنگىچە تالا - تۈزگە چىقمىدى.

ئەتىسى ئەتىگىنى ئۇنى بارات يوقلاپ كىردى. سابىرنىڭ كۆزىگە ئۇ، بۇ ئايلار ئىچىدە جۇدەپ، ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بارات ئاۋۋال تولىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئەھۋال سورىدى، ئۇ سابىرنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزى توغرىسىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا تۇرۇپ - تۇرۇپ قاراپ قوياتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ قورۇلۇشنىڭ گېپىگە ئۆتتى:

— سىلى تازا بىر چاغدا ئوقۇشقا كېتىپ قالدىلا، — دېدى ئۇ گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — بۇ ئەيسا جۇيجاڭ تازا كېپىدە تۇرمايدىغان ئادەم ئىكەن ئەمەسمۇ، دەسلەپتە خېلى پۇل ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنىڭ گېپىنى قىلغانىدى، يەرنى ئېلىپ قۇرۇلۇشنى باشلىۋالغاندىن كېيىن بېرىدىغان پۇلى ئازايغىلى تۇردى. بولمىسا ئەسلىدە ئوقۇتقۇچىلارغا بىر كورپۇس سېلىشنى پىلانلاپ تەقمۇ تەق قىلىپ قويغانتىم، ئاخىرىدا بەرگەن پۇلى ئۈچ ئۆيگە ئاران يەتتى. ئەمدى كېلەر يىلى يىل بېشىدا چوقۇم بېرىمىز دەۋاتىدۇ، كىم بىلىدۇ...

ئۇنىڭ گەپلىرى سابىرنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. سابىر ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ كېلەڭسىز ئادەمنىڭ ياغلىشاڭغۇ يۈزىگە، خۇشامەت بىلەن غىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە، توختىماي سۆزلەۋاتقان پەسە باسقان ئاغزىغا سەپسالدى. مانا ئاشۇ لەشتەك كۆرۈمسىز ئېغىزدىن ھەرقانداق ساختا، يالغان گەپ چىقىۋېرىدۇ، ھازىر ئۇ سابىرنىڭ ئالدىدا ئەيسا جۇيجاڭنى يامان دەيدۇ، ئەتە قويۇپ ئەيسا جۇيجاڭنىڭ قېشىغا بارغاندا باشقىچە سۆزلەيدۇ، بۇنى سابىر ئوبدان چۈشەندى، ئەمدى ئۇ ھەرگىز، ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيدۇ.

بارات خېلى ئۇزۇن ئولتۇردى، مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن دوكلات قىلدى. ئاخىرى سابىر ئۇنىڭغا ئانچە قىزغىن بولمىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى:

— سىلىمۇ ئارام ئالسىلا، مەن چىقاي، — دېدى ئۇ سابىرغا ئېگىلىپ، — بولسا بالنىستا يېتىپ باقسىلىمۇ بوپتىكەن، ئىش دېگەن تۈگىمەيدۇ، سالامەتلىك مۇھىم، يا ساناتورىيىگە چىقىپ دەم ئېلىپ كېلەملىيا؟ ساناتورىيىنىڭ باشلىقى بىزگە تۇغقان كېلىدۇ، ياتاقنى ھەل قىلىشمۇ تەسكە توختىمايدۇ.

— رەھمەت، — سابىر ئۇنىڭ گېپىدىن زېرىكىپ قىسقىلا جاۋاب بەردى، ئىچىدە بولسا مېنى كەتكۈزۈۋېتىپ يەنە نېمىلەرنى قىلارسەن؟ دېدى.

بارات كېتىپ بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆيگە يېشى 30 دىن ھالقىغان، يۈز-كۆزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن ئاق يۈزلۈك بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.

— ئۆزلىرى سابىر مۇدىرغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن ئەيمىنىپ كىرىپ.

سابىر ئۇنىڭغا شۇنچە زەڭ سېلىپمۇ بۇ ئادەمنى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى، ئۇ مېھماننى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى.

— ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى مېھمان ئورۇندۇققا ئورۇنلىشىۋېلىپ، — مېنىڭ ئېتىم داۋۇت. قىلىدىغان ئوقىتىم قۇرۇلۇشچى، سىلىنىڭ بۇ ئۆيىنى ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئۇ ئۆينىڭ تورۇس-تاملىرىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، — يازدىن بىز سالغانتۇق، — ئۆينىڭ لايىھىسى كۆڭۈللىرىدىكىدەك بولغانمۇ؟ سىلىنى ئۇ چاغدا بېيجىڭغا ئۆگىنىشكە كەتكەنتى دېيىشتى. ئۆينىڭ لايىھىسى كۆڭۈللىرىگە يارىدىمىكىن؟ بارات مۇدىرنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدۇق، مەن ئەسلى تورۇسقا گۈللۈك گەز ئىشلىتەيلى چىرايلىق تۇرىدۇ دېسەم، بارات مۇدىر ئۇنىمىدى، ئۆزىگۇ ئۆيىنى شۇنداق قىلغۇزدى.

— باراتنىڭ ئۆيىنىمۇ سىلەر سالدىڭلارمۇ؟

— ھەئە ئۇ ئادەممۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىنى سېلىپ بېرىش ھېسابىغا بىزگە بۇ قۇرۇلۇشنى بەرگەنىكەن، تۈزۈكمۇ پۇل خەجلىمىدى، — ئۇ سابىرغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —

بۇ كېيىدە تۇرمايدىغان ئادەم ئىكەن، قۇرۇلۇشنى تۇتۇپ قويغىنىمغىمۇ تويغۇزۇۋەتتى. بۈگۈن
سىلىنىڭ يانلىرىغىمۇ شۇ ئىش توغرىسىدا كېلىۋىدىم.

— قانداق ئىش ئىدى؟ — سابىر دىققەت بولۇپ سورىدى.

— ئەسلى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىنى تۆت مىڭ كويغا كېلىشكەنتۇق، ئالتە ئېغىز ئۆي دېسلە،
ئۇنىڭ ئۈستىگە باشتىن بويى نەقىش ئويغۇزدى. شۇنداق قىلىپ مىڭ تەستە ئۆيىنى
پۈتتۈرسەك پۇلىنى ساق بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— نېمىشقا بەرمەيدىكەن؟

— بەك ئۆرە بولۇپ كېتىپتۇ، ماتېرىيالنى جىق ئىشلىتىۋەتتىڭلار، دەيدۇ.

— قانچىلىك كەم بەردى؟

— ئىككى مىڭ كوينى بەرمەيۋاتىدۇ.

— توختام قىلىشمىغانمىتىڭلار؟

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، مەن ئۇياقنى ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى بولغاندىن كېيىن يېڭۋال-
ماس دەپتىمەن، مەن ئەسكىلىك قىلماي تەشكىلى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي دەپ
كېلىشىم، — ئۇنىڭ كۆزى غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتتى، — ياخشىلىقچە بەرسە مەيلى، بول-
مىسا ئۇنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى چۇۋۇپ رەسۋا قىلىمەن، ئۆيىنى سالغىنىغا تويغۇزىمەن.

سابىر ئۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىدىن شۇنى ئۇقتىكى، بارات ئۆيىنى سالدۇرۇشتا مەكتەپنىڭ
نۇرغۇن ياغاچ، سېمونتلىرىنى ئىشلىتىپتۇ، خىشنىمۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشىدىن قىسىپ قېلىپ
ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپتۇ.

— بۇ ئادەمنىڭ بالادەك نەپسى بار ئىكەن، — دېدى ئۇ ئادەم بېشىنى چايقاپ، — ئۇنىڭدا
يۈرەك دېگەنمۇچوك ئىكەن، شۇنداق ئادەمگە پۈتۈن مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىنى قورقماي تۇتقۇزۇپ
قويغىنىڭلارغا ھەيرانمەن...

سابىر ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى، گويا بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى دەۋاتقاندەك
ئادىمىگىنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ، سەن نېمىش قىلىدىغان باشلىق، دەۋاتقاندەك
كۆڭلى ئەسكى بولدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ھەممە ئىش چۈشىنىشلىك بولدى،
باراتنىڭ مەقسىتى سابىرغا ئۆيىنى سېلىپ بېرىپلا ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش، مۇھىمى
ئۆزىگە زېمىن سېلىش ئىكەن، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن سابىر مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ كېلە-كەل-
مەي قۇرۇلۇشنىڭ كېيىنى قىلغان ئىكەن، بارات شۇ تاپتا قوش پايدا ئالدى؛ مەكتەپنىڭ يېرىنى
ئېلىپ بېرىپ مائارىپ ئىدارىسىنى رازى قىلدى، شۇنىڭ ھېسابىغا چىقىم قىلماي ئۆزىگە
ئۆي سېلىۋالدى. سابىرنىڭ ئۆگىنىشكە كېتىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇرسەت بولدى. بارلىق
زىيان مەكتەپكە كەلدى. «نېمىدېگەن رەزىللىك، — سابىر ئەلەم بىلەن ئويلىدى، — شۇڭلاش-
قىمۇ مەكتەپنىڭ ئەھۋالى مۇشۇ كۈنگە چۈشۈپ قالغان ئىكەن-دە، تېخى مېنى ساناتورىيىگە
دەۋەت قىلىۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغانە مېنى كۆزدىن نېرى قىلىپ پوقنى ئادالىماقچى ئىكەن-
دە. بۇنى چوقۇم ئېنىقلاش كېرەك، مەن شۇ چاغدىلا چۈشكەن ئىناۋىتىمنى تىكلىيەلەيمەن.»

— سىز مۇشۇ دېگەنلىرىڭىزنى ماتېرىيال قىلىپ يېزىپ بەرسىڭىز، — دېدى ئۇ داۋۇت-
قا، — بىز ئۇنى تېگىشلىك ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلىمىز، پۇلىڭىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم

ئېلىپ بېرىمىز، ھازىرچە بايا دېگەنلىرىڭىزنى باشقا بىرسىگە دېمەي تۇرۇڭ، بولامدۇ؟

داۋۇت ماتېرىيالنى ئىككى كۈندىن كېيىن ئەكىلىپ بېرىدىغان بولۇپ قايتتى، ئۇ كەتكەندىن كېيىن سابىر خېلى بىر چاققىچە قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلاندى، بۇ ئەھۋالنى مائارىپ ئىدارىسىگە ئىنكاس قىلىش كېرەكمۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەيسا جۇيجاڭ ئۇنى قوللايدىغاندەك قىلىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭغا دەپ قويسىچۇ، ئەگەر بىراقلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئىنكاس قىلسىچۇ؟ ئۇنداق قىلسام ئەيسا جۇيجاڭ بىزنى ئاتلاپ كەتكىنىڭلار قانداق گەپ دېسىچۇ؟ كېيىنچە بەزى ئىشلارغا ئىگە بولماي تۇرۇۋالسا چاتاق بولىدۇ...

سابىر خېلى ئويلۇنۇپ، ئاخىرى ئاۋۋال رەسمىيەت بويىچە مائارىپ ئىدارىسىگە دەپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقماقچى بولدى.

## 9

بارات ئۆزىنىڭ ئۈستىدە مەكتەپتە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئەيسا جۇيجاڭ ئۇنىڭغا سابىرنىڭ ئىنكاس قىلغان ئەھۋالنى ئېيتقاندا ئانچە چۆچۈپمۇ كەتمىدى.

—قورساقنىڭ ئاغرىقى بولمىسا تاۋۇز يېيىشتىن قورقما دەپتىكەن، ئەيسا جۇيجاڭ،— دېدى ئۇ خاتىرجەم قىياپەتتە،— بۇ زىيالىيلار دېگەنچۇ، خوتۇن خەقتەك غەيۋەتچى كېلىدىغان خەق ئىكەن، مەن بۇ مەكتەپتە 20 يىلدەك ئىشلەپتىمەن، بۇلارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ رازى قىلغىلى بولمايدۇ، ئۆزلىرى قىلالمايدۇ، خەقنى كۆرەلمەيدۇ، شۇنداق ئاغىنىلەر بۇ... مېنىڭ بۇ ئۆيىنى قانداق سالغانلىقىمنى قولۇم - قوشنىلار بىلىدۇ، ھەر بىر تال خىشنىڭمۇ ئورنى بار. قېنى تەكشۈرۈپ باقسۇن.

— سابىر مۇدىرنىڭ پەيلىدىن قارىغاندا بۇنى يۇقىرىغا يوللايدىغاندەك تۇرىدۇ،— دېدى ئەيسا ئۇنىڭغا،— ھەرھالدا ۋالىينىڭ سەمىگە سېلىپ قويغانلىرى تۈزۈك بولارمىكىن.

— بۇ سابىر مۇدىرمۇ ئەخمەق ئادەممۇ نېمە،— دېدى بارات بېشىنى چايقاپ قويۇپ،— مائارىپ ئىدارىسى توغرۇلۇقمۇ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ.

— نېمە دەپتۇ؟— ئەيسا جۇيجاڭ سەگەكلەشتى.

— سىلەرنى مەكتەپنىڭ تەجرىبە ئورنىنى ئىگىلىۋالدى، دەپ ھەممە يەردە دەپ يۈرۈپتۇ، قىزىق ئادەم ئىكەن، يەرگە ئۆزى ماقۇل دەيدۇ، يا سىلەر ئۇنىڭغا بىر نېمىدەپ ئېغىز ئاچمىدىڭلار، سىلىگە ئۆزى دېدى. ئەمدى بۇ ئىشنى سىلى بىلەن بىزگە دۆڭگەپ قويۇپتۇ.

ئەيسانىڭ ئاق سېرىق، قانسىز يۈزى تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتقان بارات ئەيسانى تېخىمۇ ئېچىتتى:

— ئۇ تېخى مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەرنى مەكتەپ باقىدىغان ئوخشايدۇ. ھازىر يېمەك - ئىچمىكى مەكتەپتىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ يۈرگۈدەك، بەك كۆزى كىچىك ئادەم ئىكەن بۇ. شۇمۇ دەيدىغان گەپمۇ. كۆكتات ئۆزىمىزنىڭ يېرىدىن چىققاندىن كېيىن، مۇئەللىملەر قاتارىدا بىر - ئىككى قېتىم سىلەرگىمۇ كىرگۈزۈپ بەرسەك ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈپتۇ قارىسىلا. بۇ نېمىلەر ئېتىزدا تۇرۇپمۇ سېسىپ كېتىدۇغۇ. بۇ ئادەم بىلەن بىرگە ئىشلىمەك بىر گەپ ئوخشايدۇ.

ئەيسا بۇ گەپكە مېيىقىدا كۈلۈپلا قويدى، ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇ گەپلەر ۋاقتى كەلگەندە جىڭغا توختىمايدۇ، پەقەت مەكتەپنىڭ تەجرىبە ئورنىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى كۆتۈرۈپ چىقمىسىلا بولدى. ئۇنى دېسىمۇ ئۇ سابىر ئۆزى ماقۇل بولغان دەپ ئۆزىگە ئارتىپ قويىسىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تېخى ئەيساغا توغرىدىن توغرا قارشى چىقىشۋاتقىنى يوق. ئۇ پەقەت باراتنىڭ ئورنىنى كولاۋاتىدۇ.

ئەيسا باراتنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ھولۇقۇپ كەتمىدى. ئۇ ئىچىدە بولسا بۇنىڭ ئامالىنىمۇ ئويلاپ قويدى، ئۇنىڭ 30 يىللىق ھاياتى ئەنە شۇنداق نازۇك كۈرەشلەر ئىچىدە ئۆتتى، ئۇ نۇرغۇن ئورۇنلاردا ئىشلىدى. نۇرغۇن باشلىقلارنىڭ كۆز ئالدىدا گۇمران بولغانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ بىلىمسىز بولسىمۇ، لېكىن تېزلا ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆپ كۆردى، ئۇ مانا شۇ يىللاردىن ئۆزىگە مۇناسىپ ياشاش مىزانى — ھازىرقى ۋاقىتتا ھېچكىمگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، بىلىمىڭمۇ كارغا كەلمەيدۇ، پەقەت پەم-پاراسەت كېرەك. كۈچلۈكلەرگە قارشى تۇرماسلىق، ھەرقانداق ئىشقا پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك ... نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇ مۇشۇ مىزانىغا قاتتىق ئەمەل قىلغاچقا مائارىپ ئىدارىسىدەك مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئورۇندا ئون يىلدىن بۇيان ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى يېقىندىن بۇيان مۇنۇ سابىر بۇزۇپ قويىۋاتاتتى. دەسلەپ ئۇ سابىرنى تۆۋەندىن كەلگەن، چوڭراق يەردە ئىشلەپ كۆرمىگەن، تەجرىبىسىز چاغلىغانىدى، ئۇنى چوقۇم ئىككى كۈنىنىڭ بىرىدە ئۆزىدىن يوليورۇق سوراپ تۇرىدۇ، دەپ ئىشەنگەنىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماي قالدى. ئۇ مەكتەپكە ناھايىتى ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتتى، ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى ھىمايە قىلىشقا باشلىدى، مەكتەپنىڭ بىرمۇنچە ئىشلىرىنى ئوڭشاشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى ھۇجۇمنى باراتقا قاراتتى، باراتتىن كېيىن كىمگە قارىتىدۇ؟ تۇرغانلا گەپ مائارىپ ئىدارىسىگە قارىتىدۇ، بەلكىم ئۆي مەسىلىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇنى ئەيسا ھېس قىلىپ بولدى. شۇڭا بۇنىڭ بالدۇرراق ئالدىنى ئېلىش كېرەك. بۇنىڭغا باراتنى سېلىش كېرەك، شېرىپ ۋالىي — باراتنىڭ نەۋرە ئاكىسى. شۇڭا باراتنىڭ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك. ۋالىي بىر قېتىم ئۇنىڭغا باراتنى ئۈستۈرۈپ قويۇشنى پۇراتقانىدى، بارات ئۇنىڭغا زىيان سالغىنى يوق، مەكتەپكە زىيان بولسا بولمامدۇ، مەكتەپنىڭ مەنپەئىتىنى دېگەن بىلەن ئۆزى تۆگەيدۇ، ئۇ بۇنداق ئەخمەقلىقنى ھەرگىز قىلمايدۇ، بارات يېنىپ چىقسا ئۇنىڭغىمۇ زىيان بولمايدۇ، ناۋادا سابىر باراتنى ئورنىغا تىقىۋەتسىچۇ، بۇنداق بولۇپ كېتىشى ناتايىن بولسىمۇ ئۇ بۇنىڭدىنمۇ سابىرنىڭ قوللىغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ شۇ خۇلاسىگە كېلىپ باراتنىڭ قېشىغا كەلگەنىدى، ئۇ باراتنىمۇ خېلى كۆپتۈردى، ئەمدى بۇ گەپ ئەتىكىچىلا ۋالىينىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ، ئەمدىكى قەدەمنى ئەيسا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن باسىدۇ.

— ئۆينىڭ چېپىنى ئىچەرمىز بارات مۇدىر، — دېدى ئەيسا ئۇنىڭدىن يېنىپ چىقىۋېتىپ، ئۇ باراتنىڭ نەقىش قويۇپ ياسىۋەتكەن ئۆيلىرىگە ھەسەت بىلەن كۆز يۈگۈرتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاق سېرىق رەڭگىدە بولسا كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

— كۆڭلىمىزدە بار ئىدى. ئەمما ئۆزلىرى نەدىكى شۇم خەۋەرنى كۆتۈرۈپ ئادەمنى چۆچۈتۈپ قويىۋاتىسىلا.

— ھەر كىشى ئۆزىنىڭ يولى بىلەن كېتىۋېرىدۇ - دە، بارات مۇدىر، — ئەيسا جۈيجاڭ سىرلىق كۈلۈپ قويدى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇمۇ بولۇپ قالار، — بارات قورسىقىنى لىغىرلىتىپ كۈلدى ۋە نېمىدۇر ئېسىگە كېلىپ ئەيساغا مۇراجىئەت قىلدى، — جۈيجاڭ توختاپ تۇرسىلا، — ئۇ تۇرقىغا ماسلاشمىغان بىر چاققانلىق بىلەن يان تەرەپتىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەي ئۈستى يوپۇرماقلار بىلەن يېپىلغان چاققانغىنا بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ چىقتى:

— باغنىڭ ئەنجۈرى پىشىپ قاپتىكەن، ئۆيدىكىلەر ئېغىز تېگىپ باقسۇن.

— ۋاي، ۋاي، ئاۋارە بولمىسىلىمۇ بولاتتى.

— ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرەي دەپ تۇراتتىم، سىلى كېلىپ قالدىلا. ئەمدى يازنىڭ خۇۋلۇقى دېسىلە بۇنى، سىلىمۇ ئامراق ئىدىلە.

— ھەشقاللا، رەھمەت، — ئەيسا سېۋەتنى ۋېلىسىپىتكە ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قىستۇردى.

ئەيسا مەھەللىنىڭ تار كوچىسىدا بىردەمدىلا كېچە قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ يوقاپ كەتتى. ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان بارات ئۆيگە كىرىپ سافاغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنى ھارغىنلىق، غەم - ئەندىشە مادارىدىن ئوبدانلا كەتكۈزگەنىدى. بولۇپمۇ باياتىندىن ئەيسانىڭ كۆتۈرۈپ كەلگەن گېپى ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ يوغان كاللىسىغا ھېچبىر پىكىر كەلمەي كۆڭلى پاراكەندە بولاتتى. ئۇ سابىرنى بۇنداق تېزلا ئۆزىنىڭ پېيىغا چۈشەر دەپ پەرەز قىلمىغانىدى، ئوقۇشتىن كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئۇي توغرۇلۇق تىنمىغانىدى. پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەجرىبە مەيدانىغا قۇرۇلۇش قىلغانلىقىغا قاتتىق چېچىلدى. بارات بولسا بۇ تەنقىدتىن ئانچە قورقۇپ كەتمىگەنىدى. ئېھتىمال ئوقۇتقۇچىلار ئالدىدا ئۆزىنى مەكتەپكە كۆيۈنىدىكەن دېگەن تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھىيلىسى دەپ ئويلىغانىدى ۋە ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار قىلمىغانىدى.

مانا ئەمدى سابىر تۇيدۇرماي ئۇنىڭ ئورنىنى كولاۋېتىپتۇ، ئۇ بۇ ئارقىلىق مەكتەپتىكىلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى تىكلىمەكچى بولسا كېرەك، ئۇ قانچىلىك پاكىتنى قولغا چۈشۈرگەندۇ؟ ھېساباتىنىغۇ بارات سۇ كىرمەس دەرىجىدە پۇختا قىلىۋەتكەن، ئۇنىڭدىن قۇسۇر چىقىرالمايدۇ، پەقەت قۇرۇلۇشنىڭ ئاۋۇ كۆكەمە باشلىقىنى رازى قىلىۋېتىش كېرەك، 2 مىڭ كويدىن كەچمەي بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بارات ئاچچىق تولغىنىپ قويدى. بۇ سىرنى بىلىدىغان پەقەت سەمەت زاپخوز بار، ئۇغۇ بىر مۆرىمەس نېمە، سېمونتنى شۇ ئەكەلگەنتى، قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر سوۋغا قىلىپ بەرگەن تېلېۋىزورنىمۇ ئۇنىڭ خەۋىرى بار، ئۇنىڭغىغۇ رەڭسىزدىن بىرنى بەردى. ئۇغۇ بۇنىڭغا قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى، ھازىر كىشىلەردە يۈز قالمىدى، مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىنمۇ يۈز ئۆرۈۋېرىدۇ...

بارات مۇشۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىلا كىملەردۇر دەرۋازىنى ئەنسىز ئۇرۇپ كىرىپ كېلىدىغاندەك، ئۇنىڭ قولىغا تۆمۈر كويزىنى شاراقلىتىپ سالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئۇ تاماكا چېكىپ باقتى، ئاچچىق تاماكا ئۇنىڭ بېشىغا چىقىۋالدى. «خەپ سابىر، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئىلاھىم سېنىڭ ئويۇڭدەك

بولماس، لېكىن سەن مەن بىلەن ئېيتىشىپ پايدا ئالالمايسەن ... ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ توغرا، ئەيسا دېگەندەك سابىرنى شېرىپ ۋالىيغا چېقىش كېرەك، چوڭلارنى ئۆيگە چاقىرسا قانداق بولار؟ شۇنداق قىلسا ئۇلار باراتنىڭ ئۆي سالغىنىدىن خەۋەردار بولىدۇ، ئۇ شۇ كۈنى ھەممىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئاشۇلارلا تىرەك بولسا سابىر نېمە قىلالايتتى، توغرا، كېچىكتۈرمەيلا ئۆي چېيىنى ئۆتكۈزۈش كېرەك، ئۇ ئەسلىدە بۇ چاينى ئۆتكۈزمەكچى ئىدى، لېكىن ئۆزى ئۈستىدىكى گەپ-سۆزلەرنىڭ سەل ئەدەپ قالغانلىقىدىن قورقۇپ سەل ئىككىلىنىپ قالغانىدى. توغرا، ئەيسا جۇيجاڭ دېگەندەك بۇنى كېچىكتۈرمەسلىك كېرەك، قاقباش ئادەم-دە بۇ ...

بارات بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، لېكىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا پۈتۈن ئۆيگە سۆلەت بېغىشلاپ تۇرغان ئاشۇ ئاسما چىراغقا كۆزى چۈشۈپلا يەنە بىئارام بولدى. مانا بۇنىمۇ سەمەت زاپخوز بىلىدۇ، بۇنىمۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھېسابىغا توغرىلىۋەتكەنىدى-دە، ياغاچ، توك سىملىرى، پار تۇرۇبىلىرى، تورۇسقا قويغان گۈللۈك گەج ... ھەممىسىنى ئۇ بىلىدۇ.

بارات ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يەنىلا قاسقانلىق شەپكە كىيگەن ساقچىلار كېلىۋالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ نەپىسى سىقىلغاندەك بولدى. ئۇ سائەتكە قارىدى. سائەت ئوندىن ئازراق ئۆتۈپتۇ، سەمەت زاپخوزنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن چاپىنىنى كىيىپ يان ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان خوتۇنىغا بۇيرۇدى:

— چىقىپ دەرۋازىنى تاقىۋېلىڭلار.

— بۇ كېچىدە نەگە؟

— مۇھىم ئىش بار، — دېدى ئۇ قىسقىلا قىلىپ باراڭنىڭ ئاستىدىكى ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە دەرۋازىدىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

## 10

باراتقا ئىشىكنى سەمەتنىڭ ئايالى ھەمراخان ئېچىپ بەردى. ئۇ باراتنى كۆرۈپ ئالدىراپ قالدى:

— ۋىيىيەي، بارات مۇدىرغۇ بۇ، ئۆيگە كىرسىلە، — دېدى ئۇ ناز بىلەن. ئۇ ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا چىققانىدى. ئۇنىڭ يالىڭاچ كۆكسىگە كۆزى چۈشكەن باراتنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى.

— سەمەتاخۇن ئۆيدىمۇ؟ — سورىدى بارات ۋېلىسىپىتنى ھويلا تېمىغا يۆلەۋېتىپ.

— نېمە بۇ كېچىدە سەمەتاخۇننى ياد ئېتىپ قاپلىغۇ؟ ئۇ بولمىسا بىز بار، — دېدى ھەمراخان ئۆزىنى ئويىنىتىپ.

بارات ئەتراپقا بىر قاراۋەتتى، ياندىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرى قاراڭغۇ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى.

— سەمەتاخۇن بىرياققا كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ تامغا تىرەپ

قويۇلغان يالغۇز كىشلىك سافاغا ئولتۇرۇۋېتىپ.
— دادىسىنىڭ مىجەزى يوق دەپ خەۋەر كەپتىكەن، چۈشتىن كېيىن قوشنۇۋس-تەڭگە چىقىپ كەتتى.
— ئۇنداق بولسا ئەتە كېلىدىكەن - دە؟
— ئەتە كېلەلمەي قالسام بارات مۇدىرغا ئېيتىپ قويۇڭلا دېگەنىدى. بىرەر ئىش بارمىدى؟
— ھە، ياق ... بىردەم ئەھۋاللىشىپ كېلەي دېگەن، — ئۇنىڭ كۆزى يەنە ئىختىيار-سىزلا ھەمراخاننىڭ سېمىز بىلىكى، تومپ يۇتىسىغا چۈشۈشى بىلەن، كاللىسىدىكى ئەندىشى-لىك ئويلار قاياقىقىدۇر غايىب بولدى. ئاڭغىچە ھەمراخان بىر تەخسە سارغىيىپ پىشقان نەشپۈتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ باراتنىڭ ئالدىدىكى شىرەگە قويدى. ئۇ ئېڭىشكەندە ئىچ كۆڭلىكنىڭ ئالدى ئېچىلىپ ئۇنىڭ سېمىز، تىرسىلداپ تۇرغان كۆكسى كۆرۈنۈپ قالاتتى.
— قېنى نەشپۈتكە ئېغىز تېگىپ باقسىلا، — دېدى ئۇ بىر تال ئوخشىغان نەشپۈتنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ.
— ئېغىز تېگىدىغان باشقا نەرسىلەرمۇ باردۇ؟ — بارات ئۇنىڭ سېمىز بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى.
— ۋىيىەي بىرسى كۆرۈپ قالىدۇ، — ھەمراخان سېمىز گەۋدىسىنى تولغاپ دېرىزىگە قارىدى.
— باغدا بۇ كەمدە كىم بولىدۇ، — بارات ھاسىراپ تۇرۇپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن سافا غىچىرلاپ كەتتى.
— سافا سۇنۇپ كېتىدۇ، قويۇۋەتسىلە، ۋاي خۇدايىم، توختىسىلا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتەي ...
بارات ئۇنى بوشاتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردى. ھەمراخان ئە-شىكنى ئىچىدىن تاقاپ چىراغنى ئۆچۈردى. ئۆي ئىچىگە ئاينىڭ غۇۋا يورۇقى چۈشتى. بارات ئىنجىقلاپ تۇرۇپ كىيىمىنى سالدى ۋە ئۆزىگە قاراپ تەلمۈرۈپ تۇرغان ھەمراخان-نى تارتىپ كارىۋاتقا باستى ...
بارات پۇت - قوللىرى بوشىغان، ھاردۇق يەتكەن ھالدا يېنىدا راھەتتىن ھوشىنى يوقىتىپ ئېزىلىپ پۇشۇلداپ ياتقان ھەمراخانغا قارىدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ھەمراخان يې-قىمسىز، سەت كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ تىنىقىدىن بەدبۇي پۇراق كېلەتتى. ئۇنىڭ قازان-دەك يوغان قورسىقى باراتنىڭ كۆزىگە بەئەينى سامان تىققان تاغاردەك كۆرۈندى، ئۇ ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن ئەنە شۇنداق تۇيغۇغا كېلەتتى ۋە ئىك-كىنچى ئۇنىڭغا قارىماسلىققا ۋەدە قىلاتتى. لېكىن ھەر قېتىمدا ئۇنى شەيتان ئازدۇرۇپ، ئۇنى ۋەدىسىدىن يانغۇزاتتى. بۈگۈن ئۇنى دەپ ئەمەس سەمەتنى ئىزدەپ كەلگەنىدى، بۈگۈن قېرىشقاندەك ئۇنىڭ يوق بولۇپ چىققىنىنى كۆرمەمدىغان. ئۇنىڭ ئېسىگە ئەيسا دېگەن گەپلەر كېلىپ ۋۇجۇدىغا مۈزدەك تىترەك ئولاشتى. ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.
— نېمە بولدىلا، — ھەمراخان ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتتى.

— ۋاق بولۇپ كەتتى، مەن كېتەي، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا قارىماستىن.

— ماڭا زىبىياۋنى قاچان ھەل قىلىپ بېرىسىلە؟ تازا يالغانچى بولۇپ قالدىلا مۇشۇ كۈندە.

— ئاز قالدى، مەنمۇ شۇنىڭ غېمىدە، — بارات ئۇنىڭغا يالغانلا ئېيتتى، — سەھەت كەلسىلە بىزنىڭكىگە بارسۇن!

— نېمانچىلا زۇرۇر ئىشتى ئۇ مېنىڭدىن سىر تۇتىدىغان؟
بارات ئۇنىڭغا دەيمۇ، دېمەيمۇ دەپ بىردەم ئىككىلىنىپ بولدى.

— سابىر دېگەن ئاداش قۇرۇلۇشنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلىماقچى ئوخشايدۇ، ئاۋۇ تېلېفۇنزورنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغان گەپ، سەمىتاخۇن يەنە تىلىنى چاپىناپ يۈرمىسۇن دەيمىنا. سابىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندەك بولمىغاندۇ؟

— ھە، بۇنداق گەپمۇ، — ھەمراخان ئورنىدىن تۇردى، — ئۇنداق گەپنىغۇ دېمىدى، بىزنىڭ ئۇ مىس - مىس چاندۇرۇپ قويىدۇ، — ھەمراخان نېمىدۇر ئېسىگە كېلىپ تامىقنى قېقىپ قويدى، — سابىر مۇدىر ئۆزىنىڭ پوقىنى ئادالىسچۇ.

— نېمە پوقى بار ئىكەن؟ — سورىدى بارات ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقسىنىپ.

— ئۇمۇ بوش ئادەم ئەمەسكەن، كېچىلىرى پات - پاتلا ماۋۇ غۇنچەكىنىڭ ئۆيىگە قاتراپ تۇرىدۇ. ئۇمۇ بوش قوشقار ئەمەسكەن ...
بارات سەگەكلەشتى.

— سىلى بۇنى نەدىن بىلدىلا؟

— مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام، قايسى كۈنى كېچىسى شۇنىڭ ئۆيىدىن چىقتى. مۇشۇكىنىڭ ئالدىدا بەز تۇرامتى، بىرەر ئىش بولمىسا يېرىم كېچىدە بۇ بۇزۇقنىڭ ئۆيىدە نېمە بار ...

باراتنىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ھەر خىل پىلانلار چاقماق تېزلىكىدە كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ غۇنچەمنىڭ ئۆيى بەك كونىراپ كېتىپتۇ، رېمونت قىلىپ بېرىڭلار دېگىنىدە گەپ بار ئىكەن - دە، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە بىزنىڭ پېيىمىزغا چۈشكىنىنى كۆرمەمدىغان، توختاپتۇر ئاغىنە، سېنى مۇشۇ خوتۇنىنىڭ ئاغزى بىلەنلا سېسىتمۇەتمەيدىغان بولسام بارات بولماي كېتەي.

— كۆرگەنلىرى راست - ھە؟ — ئۇ قايتىلاپ سورىدى.

— يالغان ئېيتسام تىلىمغا چىقان چىقسۇن. مەن شۇ ھامان بىزنىڭ ئاۋۇ لۇم - لۇمگە دەپ بەرسەم «ئاغزىڭنى يۇم» دەپ توسۇپ قويدى.

— بۇ غۇنچەم سابىرنىمۇ ئىلتۇاپتۇ دېسىلە. ماڭا قارىسىلا، بۇلار قىلغۇلۇقنى قىلىپ يۈرسە بىز قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ سىلىنىڭ زىبىياۋنى ئەسلى مەن ھەل قىلغانتىم، لېكىن مۇشۇ سابىر «ھەمراخاندىنمۇ ئۆزۈن ئىشلىگەن ۋاقىتلىق ئىشچىلار بار ئىكەن، ئاڭلىسام ھەمراخان ئانچە ياخشى ئىشلىمەيدىكەن، يەنە بىر مەزگىل كۆرۈپ باقايلى» دەپ زىبىياۋنى باشقىسىغا بەرگۈزۈۋەتتى. مەنغۇ خېلى قاتتىق تۇردۇم، ئەسلىدە غۇنچەم ئۇنىڭغا سىلىنى چېقىپ قويغان ئوخشايدۇ.

— ھە، ئىش مۇنداق ئىكەن - دە، — ھەمراخان ئورنىدىن چاچىراپ تۇردى، — نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق دېمەيلا؟

ــ ئەمدى يېڭى مۇدىرنى ئاياپتىمەن ـ دە ...

ــ ھە، سىلىنى ئوبدان ئايدىمۇ؟ ئالدىرىمىسۇن، مەن بۇ ئىمىسلەرنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ رەسۋا قىلمايدىغان بولسام ھەمراخان دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتەرمەن، ئۇ ئىمىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرەي!

بارات بۇ خوتۇننىڭ قولىدىن ھەربالا كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ پۈتۈن مەكتەپكە تېتىيدىغان ھازازۇل ئىدى.

ھەمراخان ئەتىسى سەھەردىلا سابىر ھەققىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاشپەزلەرگە يېيىۋەتتى. چۈشكىچىلىك بۇ گەپ مەكتەپتىكى بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بولدى. چۈشتە ھەمراخان ھويلىدىكى تونۇر بېشىدا تۇرۇپ غۇنچەمنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

ــ بۇ مەھەللىدە شوۋىغا مىلىنىپ كېتىدىغان بولدى كىشى، يا ھايا ـ نومۇس دېگەننى بىلمىگەن، قارىسا ھالىنى ئات تارتالمىغان، باقسا ـ كۆرسە ئېشەكتىن پەرقى يوق، شۈگىمىغۇ ئەر ئالماي قېرىپ كېتىۋاتىدۇ بۇ پاسكىنا. خەقنىڭ ئۆيىنى بۇزۇشقىلا تۇرغان. ئەمدى ئۆيىنى مامەنزى قىلىدىغان ئوخشايدۇ. مەن بۇ بۇزۇقنىڭ ئارپىسىنى خام ئورغاندەك ...

قوشنىلار ھويلىغا چىقىشتى، ھەمراخان بولسا، ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تىرىگىنىچە ئاپتوماتتەك تىل ياغدۇرۇۋاتاتتى. غۇنچەم ئۇنىڭ ئۆزىنى تىللاۋاتقانلىقىنى ئۇقتى، ئىلگىرىمۇ ئۇ مۇشۇنداق بىرقانچە قېتىم ھويلىغا چىقىپ تىللىغانىدى. ئەسكى بىلەن تەڭ بولمىلى بولامدۇ، شۇڭا ئۇ يېقىنقى چاغلاردىن بۇيان سەمەتكە زادىلا گەپ قىلمايدىغان بولۇۋدى، بۇ ھازازۇلنىڭ ئاغزى خېلى بېسىقىپ قالغانىدى. بۈگۈن يەنە نېمە بولغاندۇ؟ خورلۇق، نومۇس، ئاھانەت دەستىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى قان بولۇپ كەتتى، ئۇنى ئىگىسى يوق، تۇل دەپ شۇنچە بوزەك قىلامدۇ؟ ئاھ خۇدا، مەن نېمە قىلدىم؟ نېمانچىلا تەتۈر پېشانە بولۇپ يارىتىلىپ قالغاندىمەن؟

ھەمراخان تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ سۆزلىگىلى تۇردى:

ــ بۇ مەكتەپتىغۇ ساپلا بۇزۇقنىڭ كۇنى ياخشى، بىزدەك ھالال ئىشلىگەنلەرگە كۈن يوق، ئەمدى مۇرادىڭغا يەتكەنسەن، ساتساڭ ئۆزەڭنىڭكىنى ساتمامسەن، مېنى نېمىدەپ چىشلەپ تارتاتتىڭ پاسكىنا شاپاق، ئىلاھىم، ئەر ئالماي تۇل ئۆتۈپ كېتەرسەن! نىيىتىڭنىڭ يامانلىقىدىنمۇ ئەر چىقماي سېسىپ ئولتۇرىسەن، گەپ قىلمىسا بىز بوزەكمىكەنمىز، باشلىقنى چېقىپ مۇرادىڭغا يېتىپسەن. قولۇڭدىن كەلسە ھەيدەتكۈزۈۋەت!...

قوشنىلار بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ بىر ـ بىرىگە پىچىرلاشتى:

ــ سابىر مۇدىرنى دەۋاتامدۇ ـ نېمە؟

ــ ئەمدى غۇنچەمنى مۇدىرغا چاپلاپتۇ.

ــ ئامىنە ئاڭلاپ قالمىسا بولاتتى.

ــ غۇنچەم بېچارىگىمۇ ئۇۋال، بۇ ھازازۇلغا تەڭ بولغىلى بولمىسا.

غۇنچەم پۈتۈن ئەلنىڭ كۆز يېشىدىن ئېلىپ ياستۇقنى قۇچاغلىغىنىچە يىغلىماقتا ئىدى. ئۇ بۈگۈن جېنىدىنمۇ تويدى، ئەمدى ئۇ كىشىلەرگە نېمىدەپ قارايدۇ؟ ئامىنە

نېمە دەر؟ مەن دەردكىلا تۇغۇلغان ئادەممۇ؟ ياق، ئەمدى بۇ يەردە تۇرمايمەن، كېتىمەن، قىزىم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ خۇدايىم، نېمە رەسۋاچىلىق بۇ؟

ئادەملەر بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى. بىر كەمدە دوقمۇشتا باراتنىڭ سېمىز گەۋدىسى پەيدا بولدى، ئۇ ھەمراخاننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرگە بىردەم قۇلاق سالدى-دە، مىيقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئىشخانا تەرەپكە قاراپ كەتتى.

## 11

بۇ كۈتۈلمىگە ۋەقە سابىرنى مەڭدىتىپلا قويدى. ئۆزى توغرىسىدىكى بۇ سۆزلەر چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۆيدە بولسا تېخىمۇ چوڭ خاپىلىق قارشى ئالدى.

— بۇكەمگىچە نەدە يۈردىڭىز؟ — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرە - كىرمەي ئامىنە ئۇنىڭغا، — ساۋاقدىشىڭىزغا كۆڭۈل ئېيتىپ كەلدىڭىزمۇ - يە؟

— ئامىنە، سىزمۇ ئاشۇ گەپلەرگە ئىشىنەمسىز؟

— ئانداق بولسا كېچىدە تۈل خوتۇننىڭ ئۆيىدە نېمە بار سىزگە؟

— ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئادەم كىرىدۇ.

— ئۇنداق ۋاقىتتىچۇ سىزگە ئوخشاش قىچىقى بارلار كىرىدۇ. توۋا، نېمە سەتچىلىك بۇ، پۈتۈن مەكتەپتە شۇ گەپ. مەن ئۇ نېمىنى خېلى تۈزۈكمىكىن دەپتىكەنمەن، ئەسلىدە بىر بۇزۇقكەن - دە، شۇڭلاشقا بىز كۆچۈپ كېلە - كەلمەيلا بوسۇغامغا ئۇنۇپتىكەن - دە، سىلەرنىڭ ئەسلىدە چاتىقىڭلار بار. نومۇس قىلمايدىغان رەسۋا بۇزۇقلار.

— ھەي ئاغزىڭنى يىغ دەيمەن.

— يىغمىسام قانداق قىلاتتىڭىز؟ — ئامىنە ئۇنىڭ ئالدىغا دۈەيلەپ كەلدى، — بۇ غوجامنىڭ ھۆركىرىشىنى كۆرمەمدىغان تېخى، ئۇ جالاپنىڭ بەك تېتىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ ھەقىچان ئېلىشىپ تېگىشىدىغان بولغانسىلەر، ئۆز ۋاقتىدا نەدە قاپتىكەن ئۇ رەسۋا؟ مەن بېشىڭنى سىلىمىغان، ئادەم قىلىپ قويمىغان بولسام، ئاشۇ جاڭگالدا ۋەيران بولۇپ ھاراقتا ئۆلەتتىڭ. ھەي ئىززىتىنى بىلمەيدىغان پەس، ئەمدى كېلىپ مېنى خارلىغۇدەك بولدۇڭمۇ؟

— مەن سېنى خارلىغىنىم يوق.

— ئەمىسە بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

— يالغان گەپ.

— خەق بىكاردىن - بىكار گەپ تاپامدۇ؟

— ئەمىسە قانداق قىلسەن؟ — سابىر تېرىكتى، — خېتىڭنى ئال.

— خېتىڭنى ئال؟ — ئامىنە ئاچچىقى بىلەن دىمىقىنى قېقىپ قويدى، — ئۇخلاپ چۈشۈڭ! ھە، كۆڭلۈڭدىكى گەپنى قىلدىڭ، لېكىن ئالدىرىما. مەن ئۇ جالاپقا تېتىپ، كۆزۈمدىن يوقاتقاندىن كېيىن خېتىمنى ئالىمەن، مەن ئەمدى سەندەك بۇزۇق بىلەن ئۆي تۇتمايمەن. ئامىنەنى بوزەك چاغلاپسەن - دە.

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! — سابىر شۇنداق دېدى - دە، ئىشىكنى زەرب بىلەن

يېپىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ قاراڭغۇلۇق باسقان تالادا نەگە بېرىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىردەم تۇردى. ئۇنىڭ بېشى چىڭقىلىپ كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. كەچكۈزنىڭ سالقىن شامىلى خازانلارنى تۆكۈپ شىلدىرلىتىپ سۈپۈرمەكتە ئىدى. شامال قەيەردىندۇر يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ توختاپ تىڭشىدى. بۇ ئەيسالارنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولسا كېرەك، كۈلكە-چاقچاقلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باراتنىڭ ئاۋازىمۇ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

سابىر دەريا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. شۇ تاپتا بىردەم تەنھا بولۇشنى خالايتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ مەست بولغۇدەك ئىچكۈسى كەلدى، ئىلگىرىكى چاغلاردا بولسا چوقۇم شۇنداق قىلاتتى، پۈتۈن دەردىنى شۇنىڭدىن ئالاتتى، لېكىن ھازىر ياراشمايدۇ، ئۇ چوڭ بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېمە دېگەن بىلەن بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ھايات بۈگۈن بىلەنلا تۈگىمەيدۇ-دە، ئۇنداقتا ئۇ دەردىنى ئېيتقۇدەك كىم بار؟ ئۇنىڭ بۇيەردە ئىچ سىرىنى تۆكۈپ مۇڭداشقۇدەك دوستى يوق، پەقەت غۇنچەم بار ئىدى، ئۇ بىچارە ھازىر نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ بۇ ئاھانەتلەرنى قانداق كۆتۈرۈۋاتقاندۇ؟

ھايات، تۇرمۇش دېگەن شۇمۇ، ئىنسان ئازاب ئۈچۈنلا يارىتىلامدۇ؟ مەن ھاياتىمدا نېمە خۇشلۇق كۆردۇم، ياشلىق چاغلىرىم غەم-ئەندىشىلەر بىلەن ئۆتتى، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بوپتىمەن، ئۆزۈم ياخشى كۆرمىگەن ئايالنىڭ رايىغا بېقىپ شۇنچە يىللارنى ئۆتكۈزدۈم. تەقدىرگە تەن بەردىم. يەنە نېمىشقا مېنى تىنىچ قويمايدۇ؟ مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ نېمىشقا بەزىلەرگە ئامەت قوشلاپ كېلىدۇ، قىلغان ئىشلىرى ئوڭغىلا تارتىپ تۇرىدۇ؟ ئاشۇ باراتتەك ئادەملەر ھارام بىلەن ياشايدۇ، مەكتەپتە قىلچىمۇ ئابرويى يوق، ئەمما يۇقىرىدىكىلەر ياخشى كۆرىدۇ، بۈگۈن مانا ۋالىي تېلېفون بېرىپ توختى مۇدىرنىڭ يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا باراتنى ئويلىشىپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ خىيانىتىنى ئېنىقلاۋاتسام يۇقىرىدىن ئۇنى ئۆستۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟ باراتنىڭ قولىغا قالغان مەكتەپ نېمە بولماقچى. ھەممىدىن غۇنچەمگە ئۇۋال بولدى. مېنىڭ كاساپىتىمدىن بىر ئۆمۈر ئازاب چەكتى. ئۇنىڭ ئۆتكەندە تارتقانلىرى ئاز دەپ بۇ دەردنى قوشتۇم. ئەمدى ئامىنەمۇ چوقۇم ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدۇ. ئۇ بۇ ئازابلارنى قانداق كۆتۈرەر؟

سابىر دەريا بويىدا ئۇزاق ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. كەچكۈزنىڭ سوغۇقى ئاخىرى ئۇنىڭغا ئۆتتى. ئۇ ئۆيىگە قايتماستىن ئىشخانىسىغا كەلدى ۋە سافاغا قىيسايغىنىچە يەنە خىيالغا كەتتى ...

ئۇ كۈندىكىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بېشى تاشنى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر، ئاغزى كەكرى يېگەندەك بەتتام ئىدى، پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ ئۇگە-ئۇگىلىرى تېلىپ ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ ئاچچىق چاي ئىچكۈسى كەلدى، شۇنداق قىلسا بىرئاز بولسىمۇ ئارام تاپىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. كارىدوردا ئاياق تىۋىشلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. سابىر سائىتىگە قارىدى. دەرس باشلاش ۋاقتى بولۇپ

قاپتۇ. باشقا كۆڭۈللەردە ئۇ ئىشخانىغا كىرىپلا شۇ كۆڭۈللۈك ئىشلارنى كۆڭلىدە تىزىۋالاتتى. بۈگۈن مانا ئۇنىڭ تۇرمۇش تەرتىپىمۇ بۇزۇلدى. كالللىسى گاراڭ ئىدى.

ئىشىك بوشقىنا چېكىلدى. سابىر چۆچۈپ كەتتى، خۇددى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چەككەندەك يۈرىكى سىيلىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنى سالماق كۆرسىتىشكە تىرىشىپ تەستە:

— كىرىڭ! — دېدى.

ئىشىكتە غۇنچەمنىڭ گەۋدىسى پەيدا بولدى. سابىر ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇ غۇنچەمگە سەپسالغىنىچە قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. غۇنچەمنىڭ چىرايى سولغۇن، روھى چۈشكۈن ئىدى. چوڭ - چوڭ كۆزلىرى مۆڭلۈق تۇس ئالغانىدى ۋە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن قاتلانغان خەتنى ئېلىپ سابىرنىڭ ئۈستىلىگە قويىدى، — بولسا تېزرەك مۇزاكىرىلىشىپ باقساڭلار.

ئۇ شۇ گەپنى دېدى - دە، بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. كارىدوردا ئۇنىڭ يېنىك قەدەم ئاۋازى ئاستا - ئاستا يىراقلاپ يىتتى. سابىرغا بولسا بۇ ئىشلار بىر چۈشتەك تۇيۇلۇپ، قېتىپلا تۇرۇپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ ئۈستەلدىكى قەغەزگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

«مەكتەپ رەھبەرلىكىگە!

مېنىڭ بۇ مەكتەپتە ئىشلىگىنىمگە يىگىرمە يىل بولدى. بۇ جەرياندا قابىلىيىتىمنىڭ بارىچە ئۆزۈمگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تىرىشىپ كەلدىم. مەكتەپ كوللېكتىپىمۇ ماڭا ھەر جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىپ مېنى ئاسرىدى، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئەسلىدە ئۆز ئۆيۈمدەك بولۇپ قالغان مەكتەپتە ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەش ئارزۇيۇم بار ئىدى، ئەمما يېقىندىن بۇيان مېنىڭ ئۈستۈمدە تارالغان سۆز - چۆچەكلەر مېنى بىئارام قىلدى، مەن بىر ئاجىز ئايال، بۇ گەپلەرنى ئەمدى كۆتۈرگۈچىلىكىم يوق. مەن ئوقۇتقۇچى بولغاچقا،بۇنداق ھالەتتەيەنەبۇمەكتەپتە ئىشلىشىم تەس، مەن رەھبەرلىكتىن مېنىڭ ئۈستۈمدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئېنىقلاپ بېرىشنىمۇ تەلەپ قىلمايمەن، مەن ۋىجدانىم ئالدىدا ئۆزۈمگە پاك.

شۇڭا مەن بۇ مەكتەپتىن يۆتكىلىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدىم ھەم 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، ئۇلار ئەگەر مەكتەپ رۇخسەت قىلسىلا قوبۇل قىلىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى، شۇڭا ماڭا رۇخسەت قىلساڭلار، مەن ئەمدى بۇ يەردە ئىشلىيەلمەيمەن.

ئىلتىماسىمنى ئويلىشىپ كۆرۈپ تېزرەك جاۋاب بېرىشىڭلارنى كۈتىمەن».

سابىر خەتنى ئوتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا خەتتىكى سۆزلەر غۇنچەمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ بوغۇزىغا قانداقتۇر بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولدى. پۇت - قوللىرى بوشاشتى، ۋۇجۇدىنى ئەلەملىك بىر پىغان ئۆرتەشكە باشلىدى. ئۇ ھالسىزلانغان ھالدا ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى - دە، ئەلەم بىلەن ئۇھ تارتتى.

**12**

ھەممە ئىش چۈشكە ئوخشاش ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ھاياتىغا كەلكۈندەك بېسىپ كەلگەن كۆڭۈل ئاغرىقلىرىمۇ ئاخىر بېسىقتى. تۇرمۇش يەنە ئۆز ئىزىغا چۈشتى. ئامما

ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىنمۇ مېھرىبان، كۆيۈنىدىغان بولۇپ كەتتى. بۇرۇنقىدەك ئۇنى ئۇ-بۇ ئىشقا بۇيرۇمايتتى. سابىر ئۇنىڭغا ھەيران بولاتتى. مانا بۈگۈن ئۇ سابىرنىڭ قېشىغا بىر پارچە رەختنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— بۇنى سىزگە ئىشتان - چاپانلىققا ئالدىم، بوپتىمۇ؟ — دېدى ئۇ قارا كۆك سارجىنى ئۇنىڭ ئالدىغا يېيىپ، — ھېيتقا تىكتۈررۈۋالامسىز؟

بۇرۇن سابىر ئۆزى دېمىگىچە ئۇ ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ غېمىنى قىلمايتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ يىرتىلىكى ھەققىدە بىر ھازا كوتۇلداشنى ئۇنتۇمايتتى. كېيىنچە سابىر كىيىم توغرۇلۇق گەپمۇ ئاچمايدىغان بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ تۇرۇپلا سابىرغا كۆيۈنۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان، بۇنداق قىلغىچە خېتىمنى بەر دېگەن بولسا سابىر قانچە خۇش بولغان بولاتتى، سابىر ئۇنىڭدىن بۇ گەپلەرنى كۆپ كۈتتى، لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر تىلغا ئالمىدى، گويا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر جېدەل بولۇپ ئۆتمىگەندەك... ئۇ غۇنچەمەنىڭ گېپىنىمۇ قىلمايتتى.

غۇنچەم كەتتى، سابىر غۇنچەمنىڭ ئىلتىماسىنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ يىغىنىغا قويدى. ئۇ بۇنداق پېشقەدەم، قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىنى قويۇۋېتىشكە باشقىلار قوشۇلماس دەپ ئىشىنەتتى، لېكىن ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. بىرىنچى بولۇپ بارات قوشۇلدى.

— كېتەي دېگەن بولسا ئېسىلىپمۇ ئالمايلى، ئۇمۇ بەلكىم بىر يېرىنى ئويلاپ دەۋاتقاندۇ، — دېدى ئۇ ۋە يەر ئاستىدىن سابىرغا قاراپ قويدى.

باشقىلارمۇ سابىرغا تىك كېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ غۇنچەم توغرۇلۇق ئارتۇق گەپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى، ئۇلار غۇنچەمنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئىشنى ئوڭشاشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى دەپ ھېسابلاۋاتقاندەك تۇرۇشاتتى. پەقەت ئەزىزلا باراتقا قارشى چىقتى:

— مېنىڭچە غۇنچەمنىڭ يۆتكىلىش ئىلتىماسىغا قوشۇلمىساق. ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلەپ باقساق، ئۇ مەكتىپىمىزدىكى قابىلىيەتلىك، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، ئۇ كەتسە ئۇنىڭ دەرسىنى كىم بېرىدۇ؟ بىز مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلمەيچكە، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلمىغاچقا قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلىرىمىز باشقا مەكتەپلەرگە، باشقا كەسىپلەرگە يۆتكىلىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ مەكتىپىمىز توزۇپ كېتىۋاتىدۇ...

— سىزچە غۇنچەم بولمىسا مەكتەپ توختاپ قالىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— مەن ئوقۇتۇشنىڭ ئېھتىياجىنى دەۋاتىمەن بارات مۇدىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز رەھبەرلەر پەقەت تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشنىلا بىلەمدۇق. غۇنچەم 20 يىل خىزمەت قىلدى. مەكتەپكە جىق ئەجىر سىڭدۈردى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ھېچنېمىدىن ھېچنىمە يوقلا ئۇنى يولغا سېلىپ قويساق بولماس؟

— بۇ ئۆزىنىڭ تەلىپىدە.

— ئۆزى نېمىشقا تەلەپ قىلىدۇ؟ — ئەزىز ئاچچىقى بىلەن دېدى، — رەھبەرلىك ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئوقۇپ باقتىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ بېقىش كېرەككىمۇ - يوق؟ بىز بىر زىيالىيغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلساق بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە غۇنچەم تۇل ئايال، تۇللىق-

نىڭمۇ دەردى ئاز ئەمەس. يەنە كېلىپ بەزىبىر قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان جانباقتىلار ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنى، قابىلىيىتىنى، نەتىجىسىنى كۆرەلمەي، بۇ ياۋاش ئاق كۆڭۈل، ھالال ئايال ئۈستىدىن گەپ تېپىشقا ئاران تۇرىدۇ. مېنىڭچە رەھبەرلىك قول- دىن پىتنە توقۇشتىن باشقا ئىش كەلمەيدىغان ئاشۇنداق كىشىلەرنى يولغا سېلىش كېرەك، بولمىسا...

ئىلمىي مۇدىر بارغانسېرى قىزىشىپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تەرىپىنى قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. ئۇلار بۈگۈن نېمىشقىدۇر پىكىر بېرىشكە پېتىنالماي، ئۆزلىرىنى ھەدەپ تاماكىغىلا زورلاپ، ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇراتتى. سابىرنىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ھەممە گەپ ئۇنىڭغىلا ئېيتىلىۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تىكەن بولۇپ سانجىلاتتى. «غۇنچەمگە ھەقىقەتەن ئۇۋال بولدى. مەن كەلمىگەن بولسامۇ بۇنداق ئىشلار بولماس ئىدى. ھەممىگە مەن ئەيىبلىك، ئەڭ ياخشىسى ئۇ ئۆزى يۆتكىلىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر غۇنچەم ماقۇل دېسە ئۇ شۇنداق قىلىشقا تەييار ئىدى. توغرا، غۇنچەم بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلەپ باقساق، بەلكىم نىيىتىدىن يېنىپمۇ قالار.

شۇ پىكىر بويىچە سابىر بىلەن ئىلمىي مۇدىر ئەزىز ئىككىسى غۇنچەمنى چاقىرىپ سۆزلەشتى، لېكىن غۇنچەم ئۆز پىكرىدە قەتئىي تۇرىۋالدى، ئەزىز ئۇنىڭغا كۆپ يالۋۇرۇپ باقتى، لېكىن غۇنچەم ئۆز دېگىنىدىن پەقەتلا يانمىدى، ئۇ خۇددى بىر پارچە ئېرىمەس مۇزدەك قېتىپلىۋالغانىدى. ھەتتا ئۇ ئىشقىمۇ چىقماي قويدى».

ئاخىرى مەكتەپ قوشۇلدى. مائارىپ ئىدارىسىمۇ سوزۇپ تۇرماي تەستىقلىدى، غۇنچەمۇ كەتتى، غۇنچەم خۇددى ھەممە ئۇششاق گەپلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەندەك شۇنىڭ بىلەن گەپلەرمۇ بېسىلىپ قالدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي تەشكىلات بۆلۈمىدىن باراتنى مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قىلىپ بەلگىلىگەن ئۇقتۇرۇشى چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۇمان، ئىنكاسلار جىمىپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭ سابىرغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۆزگەردى. ئۇ ئەمدى مەكتەپنىڭ ئىقتىسادىغا، خوجىلىقىغا دائىر ئىشلارنى سابىرغا دېمەستىن ئۆزىلا بىر تەرەپ قىلىۋېرەتتى، سابىر نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇقمايلا قالاتتى، يىغىنلاردا سابىرنىڭ پىكرىنى ئاشكارا، قوپاللىق بىلەن رەت قىلاتتى. سابىر بارغانچە ئۆزىنىڭ لەيلەپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بەزىدە ئولتۇرۇپ ئۆزىگە سوئال قوياتتى. ئۇ مەكتەپكە نېمە قىلىپ بەردى؟ كۆڭۈل خاتىرىسىنى ئاختۇرۇپ ئۆزى رازى بولغۇدەك جاۋاب تاپالمايتتى. ئۇنىڭ خېلى ئويلىرى، پىلانلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ رېئاللىققا ئايلاندۇرالمىدى، ئەكسىچە شەخسىيەتچى، ئىستىل مەسىلىسى بار دېگەن نامنى ئالدى، ئۇ ھەر قېتىم غۇنچەمنى ئېسىگە ئالغاندا يۈرىكى خۇددى بىرسى مورلاۋاتقاندەك ئازابلىناتتى. ياش چېغىدا ئۇقۇشماسلىق بولدى، ئەقىلسىزلىك قىلىپ ئۇنى داغدا قويدى، بۇنى غۇنچەممۇ كەچۈرگەندەك تۇراتتى، ئەمما بۇ قېتىمقى ئىشنىچۇ؟ ئۇ ئۆزى مەكتەپنىڭ مۇدىرى تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا يان تۇرالمىدى، ئەمدى نېمىدەپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ؟ ئۇنىڭدىكى ئەرلىك ۋىجدان قېنى...

بۇ خىياللار كۈندىن - كۈنگە ئۇنىڭ يۈرىكىنى قۇرتتەك يېمەكتە ئىدى. ئاخىرى ئۇ چىدىيالمىدى.

بۈگۈن كەچتە ئىشتىن چۈشتىدە ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ، ئۇدۇل 3 - ئوتتۇرا مەكتەپكە باردى. دەرۋازىۋەندىن غۇنچەمنىڭ ئۆيىنى سورىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سوقاتتى. پۇتلىرى تىترەيتتى. كاللىسىنى تۈرلۈك خىياللار ئىسكەنجىگە ئالغانىدى. ئۇ ھويلىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلىشى بىلەنمۇ كارى بولمىدى.

پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان ھويلىنىڭ ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق تۇراتتى. ئۇ ھويلىغا كىردى. ھويلا پاكىز، رەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ بۇرنىغا غۇنچەمنىڭ ھىدى پۇرىغاندەك بولۇپ يىللىق بىر سېزىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگىلىدى. مانا شۇ قورۇدىكى ھەر بىر نەرسىگە غۇنچەمنىڭ قولى تەگكەن، ئۇ تۇتقان سۈپۈرگە تامغا يۆلەكلىك تۇرۇپتۇ. ئەنە، ئارغامچىدا غۇنچەمنىڭ دائىم كىيىدىغان كۆڭلىكى، باش ياغلىقى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. سابىر شۇ تاپتا ئۇلارنى ئېلىپ تۇتقىسى، يۈزىگە سۈرتكىسى كېلىپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنى قولغا ئالدى ۋە بېغىررەڭ سىرلانغان ئىشىكنى ئاۋايلاپ چەكتى. ئۇ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى. ئىچكىرىدىكى ئىتتىك - ئىتتىك ماڭغان قەدەم ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ — غۇنچەم. بۇنى ئۇنىڭ يۈرىكى تونۇيدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ، تامىقى قىزىشىپ، قۇرۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى، بىراق ئۇنىڭ كاللىسىغا غۇنچەم مېنىڭ يۈزۈمگە قارىمىسىچۇ؟ تىللاپ قوغلىسىچۇ، دېگەن خىيال لەپپىدە كەلدى - دە، بىردىنلا تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇنداقتا ئۇ بۇ يەردىن قانداق كېتىدۇ، ياق، مەيلى، قانچە تىللىسا مەيلى، مەن پەقەت بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالسام بولدى.

ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى ۋە غۇنچەم پەيدا بولدى، ئۇ سابىرنى كۆرۈپ دەسلەپ چۆچۈگەندەك تېڭىرقىدى، ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزلاتقۇدەك سوغۇق نۇر چاچرىدى، سابىرغا شۇ تاپتا غۇنچەم ئىشىكنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياپىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ يۈزى تاتىرىپ سوزۇلدى، لەۋلىرى ياپراقتەك دىرىلدەپ تىترەيتتى، ئۇ گەپمۇ قىلمىدى، ئىشىكنىمۇ ئۇنىڭ يۈزىگە ياپمىدى، پەقەت كەينىگە قايرىلدى - دە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

سابىرنىڭ كۆڭلى سەل ئارام تاپتى. ئۇ غۇنچەمنىڭ كەينىدىن ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىردى. غۇنچەم ياستۇقنى يۈزىگە ياققان ھالدا ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ نازۇك يەلكىلىرى بوشقىنا تىترەيتتى. ئۇنىڭ شۇ ھالىتىمۇ سابىر ئۈچۈن چەكسىز يېقىملىق ئىدى. سابىر نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىچە بولسا شۇ تاپتا غۇنچەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلغان، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىغان بولاتتى، غۇنچەم قانچە تىللاپ ئەيىبلىگەن بولسا ئۇنىڭ كۆڭلى شۇنچە ئارام تاپاتتى.

— غۇنچەم ... — دېدى ئۇ ئارانلا. سابىرنىڭ تىلى قېتىپ قالغاندەك تولىمۇ قىيىندا چىقتى، — مېنى تىللاۋېلىڭ ... نېمە دېسىڭىز مەيلى ... ھەممىگە مەن ئەيىبلىك، مەن سىزنى ۋەيران قىلدىم، بىر ئۆمۈر ...

ئۇنىڭ تامىقى قۇرۇپ گەپ چىقماي قالدى، گېلىنىڭ بىر يېرى قىزىشىپ ھېلىلا ئوت ئالىدىغاندەك، يۈرىكى بولسا ئاغزىغا كەپلىشىپ نەپىسى قىسىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قوللىرىنىڭ غۇنچەمنىڭ تىترەپ تۇرغان يەلكىسىنى سىيلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. غۇنچەم دەسلەپ سەل چۆچۈگەندەك

بولدى، كېيىن بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ياقىنىچە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

سابىر ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭ چاچلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن، ۋۇجۇدىدىن ئۇ تەشنا بولغان يېقىملىق پۇراق ئۇرۇلاتتى. ئۇ غۇنچەمنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەنسىز دۈپۈلدەشىنى ئېنىق سېزىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى كۆكسىنى ھۆل قىلماقتا ئىدى، ئەمما سابىر ئۇچۇن بۇ چەكسىز راھەت ئىدى.

— مەن نېمانچە تەلەيسىز... خەقلەرگە نېمە قىلغاندىمەن...

غۇنچەم ئۆكسۈپ تۇرۇپ ئاشۇ گەپلەرنى تەكرارلايتتى. بۇ سۆزلەر سابىرنىڭ يۈرەكىگە پىچاق بولۇپ سانجىلاتتى.

— ھەممىگە مەن ئەيىبلىك، مەن سىزنى خاراب قىلدىم، — سابىر ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە پىچىرلىدى، — غۇنچەم، مەن كۆپ ئويلاندىم، مەن ئەمدى ھەممىدىن ۋاز كەچتىم. ئامىنە بىلەن ئاجرىشىمەن...

— ياق، ياق، ئۇنداق قىلماڭ، — غۇنچەم چۆچۈپ كەتتى.

— غۇنچەم، مەن سىزنى زادىلا ئۇنتالمىغۇدەكمەن. ھەممىنى يېڭىدىن باشلايلى...

غۇنچەم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياش بىلەن تولغان، قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى، ئۇ سابىرنىڭ كۆزىدە يالتىراپ تۇرغان، ئۇزاق يىللار ئاۋۋال ئۆزىگە تونۇش بولغان ئۆتكۈر بىر نۇرنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ يېقىندىن بۇيان سابىرنى چۈشەپ يۈرەتتى. ئىشىك تىرىقلا قىلسا كىمدۇ بىرسى كېلىدىغاندەك ئىشىككە چىقىپ قاراپ باقاتتى. مانا ئەمدى ئۇنى ئاشۇ بىر چاغلاردا كۆيۈپ پىشىپ ياخشى كۆرگەن ئادىمى باغرىغا باسماقتا. تونۇش، يېقىملىق ھىدى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى مەست قىلماقتا. ئۇ بۇنىڭغا راستىنلا ئىشىنىشكەندىمۇ؟ تەقدىر يەنە ئۇنى ئالدىماسمۇ؟

ئۇلار شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

---

(بېشى 55 - بەتتە)

باشقا بىرسىنىڭ قەغىزىگە چاپلاپ دوختۇرغا ئەكىرىپ بەرگەن ئوخشايدۇ.

يەلكەمدىن بىر تاغ ئاغدۇرۇلغاندەك، يۈرىكىمنى قىسىپ تۇرغان ئامبۇر قويۇۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالدىم، مەن ئىتتىك مېڭىپ ھېلىقى بۆلۈمگە كىرىپ دوختۇرغا كېسەل تارىخىنى ئۇزاتتىم.

— دوختۇر بۇ مېنىڭ ئەمەس.

دوختۇر مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ گەپ قىلماي، ئىچكىرىكى بۆلۈمگە كىرىپ كەتكىنىچە قايتىپ چىقمىدى، بىر پەستىن كېيىن بىر سېستىرا چىقىپ مېنى نېرۋا كېسەللىرى بۆلۈمىگە كۆرۈنۈڭ، دەپ ھەيدەپ چىقاردى.

مەن ئەمدى بۇ كېسەل تارىخىنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئەمەسلىكىدىن ۋە ھەتتا ئۆزۈمنىڭ نېرۋامنىڭ ساقلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قالدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئابدۇراخمان قاھار

# هاسلق ئادەمنڭ پۇلى

(هېكايە)

## 1

پۇلنڭ ئگسسنى قانداق تېپىش كېرەك؟

ئەمدىلا ئون ئككى ياشقا كرگەن، بەشنچى سنپتا ئوقۇۋاتقان نجات قوشۇمىسنى تۈرۈپ، كچككنە كۆزلرنى پىلدىرلتىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قالغانىدى. مۇشۇ سوئال ئۇنى برنەچچە كۈندن ببرى قاتتىق قينىماقتا. هەر كۈنى ئۇ كنوخانىنڭ ئالدىدن ئۆتكەندە، كشلەرگە زەن سېلىپ قارايتتى، ئۇچراپ قالسكەن، دەپ ئويلايتتى. لېكن ئېگىز بويلۇق، يۈزلرى تاتىراڭغۇ، بۇرنىنڭ ئۇچىدا قوناقچىلىق خالى بار، هاسلىق ئۇ ئادەم زادىلا ئۇچرىمايتتى. «ئەستا، — دەپ جىلە بولۇپ تىپچەكلەيتتى نجات، — مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ، جەللىگۆرگە ئۇچراپتىمەن ـ دە، دېگەنىمدۇ ياكى تازا قارا كۆڭۈل هارامزەدىگە يولۇقۇپتىمەن ـ دە، دەپ قالغانمىدۇ؟ ...» ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدن خورلىنىۋاتقاندەك هېسسىياتقا كېلىپ قالدى، نەچچە ئونلىغان قوللار غەزەپ بىلەن جۇنۇۋاتقاندەك ئازابلاندى.

بۈگۈن ئۇ مەكتەپتىن يېنىپ يەنە كنوخانىنڭ ئالدىغا كەلدى. كنوخانىنڭ ئالدىدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئۇ هەممە ئادەمگە دېگۈدەك سەپسېلىپ قاراپ



چىقتى، لېكن هېلىقى ئادەم كۆرۈنمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ... ئۇ مۇنداق «ئەتە» دىن نەچچىنى ئۆتكۈزدى، ئۇ ئادەم تۇرماق، ئۇنڭ سايىسمۇ كۆرۈنمىدى. شۇ چاغدا ئۇ مۇنۇ نەرسىنى هېس قىلىپ قالدى: بۇ چاغدا بۇ يەرگە ئادەملەر كەلمەيدۇ ـ دە. كەچقۇرۇنراق، كنو باشلىناي دېگەندە، ئادەملەر كۆپىيىدۇ. شۇنىڭغىچە ساقلىسام ئۇ ئادەم كېلىپ قېلىشى مۇمكن.

نجات كنوخانىنڭ ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتكۈچىلەرگە قاراپ تۇردى. ئۇ ئارىلاپ پۇل بار يانچۇقىنى تۇتۇپ قوياتتى. قولى پۇلغا تەگسە تت ـ تت بولاتتى. ئۇنڭ كۆزى كنوخانا ئالدىدىكى مەيداننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزىگە ئوخشاش بويىنىغا جىلتا ئاسقان بىر توپ بالىنىڭ تەپمە ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. «ئاشۇلار ئوشۇق ئوينى

غاچقا، دادام مېنى قاتتىق تۇتۇپ كېتىدۇ-دە، ئۇلار ئۆيىگە ۋاقتىدا قايتقان بولسا، ئۇشۇق ئوينىمىسا، دادامنۇ مېنى بۇنچىلىك چىڭ تۇتۇپ كەتمەيتتى» دەپ ئويلىدى ئۇ.

دادىسى ئېسىگە كېلىش بىلەن ئۇنى قورقۇنچ باستى، دادىسىنىڭ سوئاللىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ كەتكەندەك بولدى:

— نېمىشقا كېچىكتىڭ، ئۇشۇق ئويندىڭمۇ؟

— نەدە يۈردۈڭ، بازار ئارىلىدىڭمۇ؟

— ئەخلەت ساندۇقلىرىنى كوچىلاپ يۈردىڭمۇ؟

ئۇ دادىسىنىڭ ئاشۇ سوئاللىرى بىلەن چەكچەيگەن كۆزلىرى، تىترىگەن غەزەپلىك قوللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، ئۆيىگە قاراپ چاپتى، پۇلاڭلاپ كەتكەن جىلتىسنى بىر قولىدا تۇتۇۋېلىپ، ئەڭ يۇقىرى تېزلىك بىلەن يۈگۈردى.

نىجاتنى دادىسىنىڭ بۇنچىلىك چىڭ تۇتۇشىدا سەۋەب بار، ئاتا-ئانىلار سۆھبەت يىغىنىدا نىجاتنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى:

«... بالىلارنى تەربىيىلەشتە، مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئائىلە تەربىيىسى بىرلىشىشى كېرەك. بالا مەكتەپتە ئاران بەش-ئالتە سائەتلا بولىدۇ، قالغان ۋاقىتتا ئائىلىدە بولىدۇ. بىز بالىلارنى چىڭ تۇتۇمىز، ئاتا-ئانىلارمۇ چىڭ تۇتۇشى كېرەك. چۈشتىن كېيىن دەرس ئۈچ يېرىمدا تۈگەيدۇ، تۆت يېرىمغىچە تازىلىق، تۈرلۈك كۇرژۇكلار پائالىيىتى، ئىختىيارىي ھەرىكەت بولىدۇ، سائەت بەشكىچە ئۆيىگە بارمىغان بالا كوچىدا يۈرگەن، باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ۋاقتىدا قايتماي نەلەردە يۈرگەنلىكىنى ئاتا-ئانىلار سۈرۈشتۈرۈشى كېرەك» دېگەنىدى.

كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن قورۇسىنىڭ ئالدىغىچە يۈگۈرۈپ كەلگەن نىجات بىردەم دېمىنى ئېلىۋېلىپ قوروغا كىردى. چايخانىدا ئاپىسى كۆكتات توغراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇدۇللا خالا جايغا كىرىپ كەتتى. يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ، بىر پارچە سۇلياۋغا ئوراپ، بۇلۇڭدىكى كۆمۈر كومىلاشلىرىنىڭ كەينىگە تىقىپ قويدى-دە، سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى تەكرارلىنىۋاتقىنىغا يەتتە كۈن بولغانىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى شۇ يەردىن پۇلنى ئالاتتى-دە، مەكتەپكە ماڭاتتى. ھېلىقى ئادەم ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيگە كېلىپلا ئاشۇ يەرگە يوشۇرۇپ قوياتتى.

— نېمانچىلا تەرلەپ كەتتىڭ؟ — دېدى ئۇنىڭ كەينىدىن قوروغا كىرگەن دادىسى، — قىزىۋاتامسەن؟

— ياق، قىزىمىدىم، بالىلار بىلەن چېپىشىپ كەلگەن.

— خالا جايغا ئاران ئۈلگۈرۈپسەن-دە، ماڭ، جۇگۇ، قالىنى سۇغىرىۋېتىپ تاماق پىشقىچە دەرسىڭنى ئوقۇ.

— ماقۇل، دادا. دەرسنى باغقا چىقىپ ئوقايچۇ؟

— مەيلى، ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ-ھە...

نىجات قالىنى يېشىپ سىرتقا ماڭدى. دادىسى خالا جايغا كىرىپ كەتتى. نىجاتنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى-دە، مېڭىشتىن توختاپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

نىجات ئۇ پۇلدىن نېمانچە ئەنسىرەيدۇ؟ نېمىشقا ھەر كۈنى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا بىر ئادەمنى كۈتىدۇ؟

ئىشنىڭ بېشىغا كېلەيلى:

نىجاتنى دادىسى ئىنتايىن قاتتىق

تۇتاتتى. ئۇنىڭ مەكتەپتىن ۋاقتىدا قايتىپ كېلىشىنى سورۇشتۇرۇشتىن باشقا، كەچلىكى كىنوغا بېرىشقا، باللار بىلەن كوچىدا ئوينىشىغا، ئاخشىمى تېلېۋىزور كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلمايتتى. پەقەت شەنبە كۈنىلا تېلېۋىزور كۆرسە بوپتۇ، دەيتتى. باللىغا نىسبەتەن بۇ خىل قاتتىقلىقا ئانىنىڭ ئىچى ئاغرىسىمۇ ئىچىدە بىلەتتى. بەزىدە ئانىسى چىدىماي كوتۇلدىسا، دادىسى: ھە، بۇنىمۇ قىزنىڭدەك قىلاي دەمسەن، دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايتتى.

نىجات ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە بارسا، بەزى باللار ئاخشام كىنوخانىدا، بەزىلىرى ئۆيىدە تېلېۋىزوردا كۆرگەن كىنولىرىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىپ كېتەتتى. تېخى بەزى باللار مەھەللىدە ئوينىغان «بەك يات»، «مۆكۈ-مۆكۈلەك»، «قوغلاشماق» ئويۇنلىرىنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى، موملىرىدىن ئاڭلىغان چۆچەكلىرىنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىكەنلىكلىرىنى بەس-بەس بىلەن سۆزلەيتتى.

نىجات مۇنداق قىزىق ئويۇنلاردىن مەھرۇم ئىدى. شۇنداق ئويۇنلارنىڭ گېپى بولسا مەيۈسلىنىپ قالاتتى: «مېنىڭ دادام نېمىشقا باشقىلارنىڭ دادىسىغا ئوخشىمايدىغاندۇ، — دەپ ئويلاپ كېتەتتى غەمكىنلىك بىلەن، — كىنو كۆرگەنگە، ئازراق ئويناپ قويغانغا ئادەم يولدىن چىقىپ كېتەمدۇ، دادام ھەدېسىلا يولدىن چىقىپ كېتىسەن، دەرستىن قالىسەن، دەيدۇ. مەن يا دەرستە ناچار بولمىسام، ھەر مەۋسۇمدە ئەلاچى بولۇۋاتىمەنغۇ، دىلشات ھەر كۈنى تېلېۋىزور كۆرۈدىكەن، ماڭا ئوخشاشلا ئەلاچىغۇ...» باللارنىڭ شۇنداق سۆزلىرى كۆپەيگەنسېرى، نىجاتنىڭ دادىسىغا ئۆچلىكى قوزغىلىشقا باشلىدى: ئەجەب قاپىقى يامان ئادەم ماڭا دادا بولۇپ قاپتىكەن، بىرمۇ ئېغىز ياخشى گېپى يوق، ۋارقىراپلا تۇرىدۇ، كۆزلىرىدىن بەك قورقىمەن ...

— دادا، باللار بىلەن بىردەم ئويناپ كىرەيچۇ؟

— ھە، ئايناۋاتامسەن؟...ھەممە ئەسلىك ئاشۇ ئويۇندىن باشلىنىدۇ. ماڭ جۆگۈ دەرسىڭنى ئوقۇ، مۇنداق گەپنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما، ئۇقتۇڭمۇ!

— ئۇقتۇم.

نىجات سۇلتىيىپ بېرىپ قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان جىلتىسىنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ دەتالىشى باشلىنىپ قالدى. نىجات دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى:

— كىچىك بالا دېگەن ئويۇنغا ئامراق بولىدۇ، بىردەم ئويناپ كىرگەنگە نېمە بولىدۇ ئەمدى...

— نېمە بولاتتى، بۇزۇلىدۇ!

— كىچىككىنە ئويناپ كىرگەنگە بالا بۇزۇلۇپ كەتسە، مەھەللىدە بۇزۇلمىغان بالا قالماس.

— ھېلىمۇ بۇزۇلۇپ بوپتىغۇ، سەن سىنىپ يىغىنلىرىغا بارمايسەن، نىجاتنىڭ سىنىپىدا ئەللىك بالا ئوقۇيدىكەن، ئۇنىڭ ئوتتۇز ئىككىسى ئۆتەلمەپتۇ، بۇ نېمە!

— نىجات ياخشى ئوقۇيدىغۇ؟

— مەيلىگە قويۇۋەتسەڭ، ياخشى ئوقۇمايدۇ. ئاشۇنداق كەينىگە ماڭغان باللارمۇ بار ئىكەن.

— ھەرقانداق ئادەم ئۆزىدىن.

— ئۇنداق دېمە، بالا ئويۇنغا بېرىلىپ كەتسە، زېھنىنى يەپ قويىدۇ. كىچىكـ

دىن چىڭ تۇتمىساق، چوڭ بولغاندا ئىگە
بولالماي قالىمىز. مەھەللىدىكى باللارنى
كۆرمەيۋاتامسەن، نەچچىسى ئالىي مەكتەپكە
ئۆتەلمەي يىغلاپ يۈرىدۇ. مەيلىگە قويۇ-
ۋەتكەنىنىڭ پايدىسى شۇ. بالىغا كۆڭۈلچەك-
لىك قىلساڭ، ئەتە-ئۆگۈن بالىغا قوشۇلۇپ
يىغلاپ قالىسەن...

— شۇنداق بولسىمۇ، كىچىككىنە بالى-
غا بۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلغان بارمۇ...

— بىلەمسەن، مېنىڭ بالىغا قاتتىق-
لىقىم — ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىكىم. چوڭ بول-
غاندا، مېنىڭ قاتتىق تۇتقانلىقىمنىڭ تېگى-
گە يېتىپ قالىدۇ، مەندىن شۇ چاغدا رازى
بولىدۇ. ئويۇن دېگەن قېچىپ كەتمەيدۇ،
تەتىللەردە ئوينىسىمۇ قانىدۇ. چوڭ بولسۇن،
ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆت-
سۇن، ئاق-قارىنى، ياخشى-يامانىنى پەرق
ئەتكۈدەك بولغاندا، ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى
تېپىپ ماڭالايدۇ. بۇ مەزگىلدە بىز چىڭ
تۇتمىساق بولمايدۇ-دە.

ئۇلار جىم بولۇپ قالدى. نىجاتمۇ
دېرىزىنىڭ تۈۋىدىن كەتمەي، دادىسىنىڭ
سۆزلىرىنى ئويلاشقا باشلىدى.

2

ئەتىسى ئەتىگەندە سىنىپتا بىرنەچچە بالا
ئاخشام پاكىستاننىڭ بىر يېڭى كىنوسىنى
كۆرگەنلىكىنى، كىنونىڭ ئىنتايىن قىزىقار-
قىنى سۆزلىگىلى تۇردى. باللارنىڭ ھەم-
مىسى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قىزىق-
تى. كەينىدە كىرگەن بىرسى ئاشۇ قالتىس
كىنونىڭ بۈگۈن سائەت ئالتىدە يەنە قويۇ-
لىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. بىرنەچچە
ئوقۇغۇچى بۈگۈن كۆرىمىز، جەزمەن كۆرد-
مىز دېيىشتى.

نىجات ماختىلىۋاتقان بۇ كىنونى
شۇنچە كۆرگىسى كەلسىمۇ، دادىسىدىن قور-
قۇپ، ئۇنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالماي،
ئۈن-تىن چىقىرالماي، مەيۈسلىنىپ شۈك-
كىدە ئولتۇراتتى. ئوقۇغۇچىلاردا مەكتەپ
رۇخسەت قىلمىغان ئىشلارنى قىلىشتا، ئەلاچى
باللارنى قوشۇۋېلىشقا ئىنتىلىدىغان ئادەت بو-
لىدۇ. چۈنكى كېيىن ئۇ ئىش مەلۇم بولۇپ قالسا
ئوقۇتقۇچىلاردا ئەلاچى باللارغا ئانچە قات-
تىق گەپ قىلىپ كەتمەيدىغانمۇ ئادەت
بولىدۇ. شۇڭا باللار نىجاتنى ئاشۇ كىنونى
كۆرۈشكە دالالەت قىلىپ، تەرەپ-تەرەپ-
تىن قىستاشقا باشلىدى:

— كەچكىچە مۇئەللىملەر كۆرۈپ
قالسا دەيدىكەنسەن، مۇئەللىملەر پوستا
تۇراتتىمۇ؟

— كىنو باشلانغاندا كىرمەيمىزمۇ؟

— بۇ تونۇ يۈرەك، قاچانلا بولسا
شۇنداق...

— دادام نەگە باردىڭ دېسە نېمە
دەيمەن، دادامنىڭ ئاچچىقى يامان، — دې-
دى نىجات غەمكىنلىك بىلەن يەرگە قاراپ.

— تازا دۆت نېمىكەنسەن، ساۋاقدى-
شىمنىڭ ئۆيىدە قىيىن ھېسابلارنى بىللە
ئىشلىدۇق، دېمەمسەن، — دېدى بىرسى.

— ھەرقانداق ئادەم ئىشىنىدىغان
گەپ بولدى بۇ، — دېدى يەنە بىرسى.

نىجات ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ تاپقان
چارىسى بولىدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇلار پۇللىرىنى يىغىپ كىنوخانىنىڭ
ئالدىغا كەلدى. بۈگۈنكى كىنو ھەقىقەتەن قالتىس
ئېسىل كىنو ئوخشايدۇ، كىنوخانىنىڭ ئالدى-
دا ئادەملەر مىغ-مىغ قىلاتتى. ئۇلار
بېلەتلىرىنى ئېلىپ قويۇپ، ۋاقىت توشقى-

چە ئۇنى كۆرۈپ، بۇنى كۆرۈپ يۈرۈشتى.
ئۆزىچىلا بىرخىل ئەندىشە ـ قورقۇنچ ئىچىدە
قالغان نىجات بۆجەندەك بىر ئۇياقـقا بىر
بۇياققا چەكچىيىپ قارايتتى.

ــ بالام! ــ نىجات چۆچۈپ كەتتى.
كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۆزىگە بەش سوم-
لۇق پۇلنى تەڭلەۋاتقان هاسىلىق مەڭ-
زىلىرى ئىچىگە كىرگەن، ئورۇق بىر ئادەمنى
كۆردى، ــ ماڭا بىر بېلەت ئەپچىقىپ بەر-
گىنە، پۇتۇم ئاجىز ... ــ دېدى ئۇ
ئادەم. نىجات گەپ قىلمايلا پۇلنى ئالدى-
دە، بېلەت ساتىدىغان يەرگە كەلدى. ئادەم
كۆپ ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ قولتۇق ئاس-
تىلىرىدىن كىرىپ، تۆشۈككە يېتىپ باردى-
دە، بىر بېلەت ئېلىپ چىقتى. بېلەتنى
ئىگىسىگە بېرىش ئۈچۈن شۇياققا ماڭغانىدى،
نېرىدا دادىسىنىڭ ئۇياق - بۇياققا
قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.
شۇ هامان يۈرىكى جىغ قىلدى - دە، پۇ-
تۈن ئەزايى - بەدىنى تىترەپ كەتتى...
ئۆزىنى ئادەملەر توپىنىڭ ئىچىگە ئالدى
ۋە هېچنېمىنى ئويلىمايلا، ئۇلارنىڭ ئىچى-
دىن شۇڭغۇپ چىقىپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈر-
دى. ئۇ كەينىگە قاراپمۇ قويماي، ئۈچقاند-
دەك يۈگۈرەيتتى. شۇ يۈگۈرگەنچە بىردەم-
دىلا مەهەللىسىگە يېتىپ كەلدى. قولىدىكى
سىقىمداپ تۇتۇۋالغان پۇل، بېلەتكە قارد-
دى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟...بۇ
خەقنىڭ ــ تونۇمايدىغان بىر ئادەمنىڭ پۇلى،
بېلىتى تۇرسا...بىچارە ئادەم مېنى بېلەت
ئېلىپ چىقىدۇ، هېلى كېلىدۇ، دەپ ساقلا-
ۋاتقاندۇ؟...

نىجات تولغىنىپ كەتتى ۋە كىچىككىنە
بەدىنى ئەلەمدىن سىلكىندى. ئۇ كەينىگە،
يۈگۈرۈپ كەلگەن تەرەپكە ئازابلىنىپ قا-
رىدى، يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى. ئەمما
دادىسىنىڭ كۆرۈپ قالمىغىنىغا خۇش بولۇپ
قورۇسىغا كىرىپ كەتتى.

سائەت بەشكىچە ئۆيگە كەلمىگەن نى-
جاتنى ئىزدەپ كىنوخانىنىڭ ئالدىغا بارغان
دادىسىدىن،دادىسىنىڭ قادىلىپ تۇرۇپسورىغان
سوئاللىرىدىن ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ بايىقى ئۆ-
گەتكەن سۆزلىرىنى دەپ بېرىپ قۇتۇلۇپ
كەتتى.

نىجاتنىڭ مەكتەپتىن يېنىپ، خالىي
جايغا كىرىپ پۇل يوشۇرۇشىنىڭ، كىنوخانى-
نىڭ ئالدىدا هەر كۈنى هاسىلىق ناتونۇش
بىر ئادەمنى ئىزدىشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇشۇ
ئىدى.

ئۇ ئۈچ كۈنگىچە تۆت سوم ئاتمىش
تىيىن پۇلنى، بېلەتنى ساقلاپ يۈردى.
كېيىن ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بېلەتنى
ساقلاپ نېمە قىلاي، دەپ ئۇنى يىرتىپ
تاشلىۋەتتى - دە، ئۆزىنىڭ يىغقان پۇلىدىن
قىرىق تىيىننى قوشۇپ، هېلىقى كىشىنىڭ
پۇلنى تولۇقلاپ بەش سوم قىلىپ قويدى.
ئەمما ئۇنى هازىرغىچە ئىگىسىگە تاپشۇرال-
مىغىنىغا بىر ياقتىن خىجىل بولۇپ، بىرياق-
تىن بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرمەكتە ئىدى.

هەركۈنى مەكتەپتىن يانغاندا كىنو-
خانىنىڭ ئالدىدىكى ئادەملەرگە سەپسېلىپ
قاراش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالدى.
كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ئازابى چوڭ-
قۇرلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ پۇلنى ئوقۇت-
قۇچىغا تاپشۇرۇپ بېرەيمىكىن ياكى ساق-
چىغا بېرىۋېتەيمىكىن، دەپمۇ ئويلىدى. ئوي-
لاش جەريانىدا ئەقلىمۇ تاپتى: ئوقۇتقۇ-
چىسىغا تاپشۇرۇپ بەرسە كىنوغا بارغانلىقى
پاش بولۇپ قالاتتى، ساقچىغا بېرىۋەتسە

ئۇ ئادەم پۇلنى ئالالماي قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

نىجات ھەرخىل ئويلار بىلەن دىلىغۇل بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېلىقى ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ئادەم كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ھاسىسىنى بېقىنىغا تىرەپ، تاماكا چېكىپ تۇراتتى. نىجات ئىزدەپ يۈرگەن ئادەمنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتى. لېكىن قورقىسمۇ، پۇلنى بېرىۋېتىش كېرەك ئىدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، پۇلنى تەڭلىدى.

— مانا، ھېلىقى پۇلىڭىز، — دېدى ئۇ ئەيمىنىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭغا قاراپ.

— نېمە پۇل بۇ؟—ئۇ ھەيران بولۇپ ئالدىدىكى پۇل سۇنۇپ تۇرغان بالىغا قارىدى. ئۇ ئىش ئۇنىڭ ئېسىدىن ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ئون كۈننىڭ ئالدىدا سىز ماڭا بىلەت ئەپچىقىپ بەر، دەپ بەش سوم بەرگەن، بېلەتنى ئېلىپ چىقسام، دادام مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ قېچىپ كېتىپ، پۇلىڭىز بىلەن بېلەتىڭىزنى بېرەلمەي قالغان...

— راست-راست، بىر بالىغا پۇل بېرىۋىدىم، سەن ئىكەنسەن-دە...

نىجات قورۇنۇپ تۇرۇپ، بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— سىزنى كۈندە ئىزدىدىم، تاپالمىدىم، بۈگۈن ئاران دېگەندە...

— يارايسەن، بالام...— ھاسىلىق كىشى ھاياجانلىنىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى،— ياخشى تەربىيىلىنىپسەن، رەھمەت ساڭا، رەھمەت...

ھاسا تاياقلىق كىشى پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر سومنى چىقىرىپ، نىجاتقا ئۇزاتتى:

— مانا ماۋۇ ساڭا مۇكاپات، بالام، مە، ياق دېمە، خەجلىمىسەڭ دەپتەر-قېرىنداش ئالارسەن.

— رەھمەت چوڭ دادا.

— رەھمىتىڭنى قوي، مە، ئال، كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ بەردىم.

نىجات كەينىگە بۇرۇلدى-دە، يۈگۈردى.

— توختا ۋوي...

ئۇ ئاياغلىرى يەرگە تەگمەي، گويا يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاغ غۇلاپ چۈشكەندەك يېنىكلەپ، خۇشاللىقىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك يۈگۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقى شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىدىكى، ساۋاقلىرىدىن يۈز نومۇر ئالغاندىمۇ مۇنچىلىك خۇشال بولمىغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ياسىن ئىمىن

# يېزا يولى

(نەسىر)

## مۇقەددىمە

شۇ بىر كۈنلۈك سەپىرىدە ھاردۇق يەتكەن قۇياش، ئېگىز تاغلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، يىراق ئۇپۇق - ياستۇقىغا باش قويغىلى خېلى بولدى. گۈگۈم قويۇقلاشماقتا، پۈتۈن ھاياتلىق شۇ گۈگۈم قوينىغا سىڭىپ كەتكەندەك خۇددى شۇ تۈننىڭ قوينىدا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، ئەتراپ تىنجىغان.

ياق، ئەنە! كۆز ئالدىمدا ئۆتكەن بىر كۈنۈمنىڭ، بارلىق ئۆتكەن كۈنلىرىمنىڭ غۇۋا سايىلىرى ئەگىمەكتە، خۇددى تۈنۈگۈنكى سەپەردىن قايتقان ھارغىن چۈشۈمدەك.

ئەنە، مەن تۇغۇلغان باغلىق مەھەللە، يېشىل ئېتىزلار، سۆگەتلىك، جىگدىلىكلەر، پاكار - پاكار دېھقان ئۆيلىرى ۋە مەھەللە - مەھەللىلەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان خۇددى ئۆمۈر يولىدەك ئەگرى - بۈگرى يېزا يوللىرى.

ئەنە، شۇ يوللاردىن ئاقكۆڭۈل، ساپ دىل دادام كەلمەكتە. ئۇ شۇ يوللاردا تىرىكچىلىك دەپ قانچە - قانچە قېتىملاپ ماڭغاندۇ! شۇ يوللاردا كۈلۈپمۇ ئۆتكەندۇ، قانچە قېتىملاپ قىسىلىپ، يىغلاپمۇ ئۆتكەندۇ.

....

ئەنە، شۇ يولدا ئانامنىڭ سىماسى، كۆڭلى خۇددى چېچەكتەك ئاق مېھرىبان ئانا. ئۇنىڭ ئۆمۈر يولى خۇددى يۈزىدىكى سانسىز قورۇقلاردەك كۆپ ۋە مۇرەككەپ.

ئەنە، شۇ يولدىن مەن كەلمەكتىمەن دادامغا ئەگىشىپ، ئانامنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ. ھاللىق ئاياغلىرىم بىلەن ئىز بېسىپ، ئىزلارنى سېلىپ.

## 1

مەھەللىنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان باغلىق ھويلا. باغلىق ھويلىدىن چىقىپ ئېتىز ئارىلاپ مەھەللە ئېرىقىغىچە سوزۇلغان چىغىر يول، ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولسا، خۇددى

ئانىسغا ئەگەشكەن كىچىك بالىدەك يېزا يولى سوزۇلغان.

باغنىڭ ئارقىسى بىلەن ئەگىپ ئۆتىدىغان چىغىرىيولىدىن كېلىمەن، مەھەللە ئېرىقىغا قاپاقلارنى كۆتۈرگىنىچە سۇغا ماڭغان ئانامنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ بالىلىق قىلىقلىرىم، تاتلىق سۆزلىرىم بىلەن ئانامنى گاھى كۈلدۈرۈپ، گاھى خاپا قىلىپ ۋە يا ئالدىدىن قېچىپ كېلىمەن بەزىدە يىغلاپ ۋە بەزىدە كۈلۈپ تېلىقىپ. بەزىدە بولسا سەكرەپ شوخلۇق قىلىپ. شۇ يولدىن مەھەللە چېتىگە، كىچىك ئېرىققا، ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىگە يىراقتا كۆرۈنگەن مەھەللىلەرگە، يىراق-يىراقلارغا بېقىپ. بالىلىق خىياللارنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرىنى سىلىپ، سەبىنىڭ تەنتەك خىيالىنىڭ دەرياسىدا ئېقىپ.

2

مەن تۇغۇلغان، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن مەھەللە. تۇمانلىق سەھەر. ھەر تەرەپتىن ھاياتلىقنىڭ ئەتىكى شاۋقۇنلۇق كارتىنىسى نامايان بولماقتا. قارا تېرەكلەر پوتلا چىقىرىشقان. ئېتىز قىرلىرىدا، ئېرىق بويلىرىدا خىلمۇخىل گىياھلار گويا تۇغۇلۇۋاتقان بوۋاقتەك يەر پوستىلىرىنى يېرىپ، بىخلاپ، قۇياشنىڭ ئاتەش چىرايىغا باقماقتا، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە قۇۋۋەت ئالماقتا. ئۆرۈكلەرنىڭ چېچەك ئېچىشىغا تەييار تۇرغان قىزىل كۇسلىرى، تارتىنچاق قىزنىڭ لېۋىدەك پورۇشكەن.

..........................................................................................

سەھەر قۇياشنىڭ تۇنجى نۇرلىرى مايسىلارنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە. تاختىلانغان بۇغداي مايسىلىرى سەھەر شامىلىدا ئۇسسۇل ئوينىماقتا-يەلپۈنمەكتە.

كەلمەكتىمەن يېزا يولىدىن ئېتىز ئارىلاپ، ھەريان قاراپ، تاخلاپ، ئوينىقلاپ. خىيالىمدا كۆككە شۇڭغۇپ، كۆككە باغرىمنى يېقىپ، جىلتامنى بويىنۇمغا ئېسىپ، چۇڭقۇل داپ ناخشا توۋلاپ.

ئەنە، ئانام چىقماقتا ئالدىمغا خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلماي، كۆزىنى ياشلاپ. دادام كۈلمەكتە ماڭا، تەمەننا كۆزىدە قاراپ.

دادام كەلمەكتە يېزا يولىدىن، مايسىلارغا سۇ تۇتۇپ، ھەر مايسىنى پەرۋىش قىلىپ، جاندەك بىلىپ. كەلمەكتە ئانام، ئېتىكىگە بېدە كۆكىنى، يالپۇزنى-يېڭىلىقنى سېلىپ.

مەن كەلمەكتىمەن گالستۇكىمنى بويىنۇمغا چىگىپ، ئۆزۈمچە ئاغزىمنى چاكىلدىتىپ، بىر يېڭىلىقنىڭ ھىدىنى ئېلىپ.

3

يەنە بىر سەھەر. تۇنۇگۇنكى سەھەردە يوپۇرماقلارغا، گۈل بەرگىلىرىگە چۈشۈپ قۇياشنىڭ ئەڭ تۇنجى نۇرلىرىدا چاقناپ-چاقناپ، ئاندىن گۈل بەرگىلىرىگە سىڭىپ

كېتىدىغان شەبنەم قىراۋغا ئۆزگەرگەندەك قىلدى. بۇ باش قىراۋ ئۇششۇكتىن دېرەك بېرىپ تىللىرنى سوزۇپ كەلمەكتە.

گۈللەر سولاشتى، يوپۇرماقلار تۆكۈلمەكتە. ئىزغىرىن كۆز شامىلى ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئۆيدىكى ھەممە چوڭلار يىراققا — بىر يەرگە مۇھىم ئىشقا كەتتى. ئۆيدە مومام، ئاشۇ بىزنىڭ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى باغلىرى بۇزۇلغان، تېمى قىڭغىيىپ قالغان غېرىب ئۆيىمىزدە مەن بىلەن قالدى. مەن ھېچ يېتىم ئەمەس ئىدىم، ئەمما شۇ كۈنلەردە چېچىم ئۆسۈپ كەتتى، چىرايىم تاتارغاندى.

مەن يەنە ھېلقى يېڭى يولىدىن دەرمانسىز ئاياغلىرىم بىلەن يېڭى مەكتەپكە قاراپ كېتىۋاتىمەن. مومام «سۇ، سۇ» دېگىنىچە ئۆيدە يالغۇز قالدى. ئۇ سۇنى كەچتە كېلىپ ئەكىرىپ بېرەر دەپ ئۈمىد قىلىدۇ. مەن، مومام كەچتە نېمىلەرنى ساقلاپ قويار دەپ تەمەدە كېلىمەن. غېرىبلىق باسقان يېڭى يولىدىن توپا توزۇپ تۇرىدۇ.

**خاتىمە**

كەچكۈز، مەھەللىمىزدىن ئۆتىدىغان ھېلقى چىغىريول ھازىر بەكلا سوزۇلغاندى. بىر تەرىپى خۇددى ئۇسسۇز قالغان كالىنىڭ تىلىدەك سوزۇلغىنىچە توشقان دەرياسىغا كىرىپ كېتەتتى، بىر تەرىپى بولسا مەھەللىلەرنى ئارىلاپ يېڭى بازىرىغا، يەنىمۇ يىراققا — تەكلىماكانغا كىرىپ غايىب بولاتتى. ياق، بۇ يول كۆز ئالدىمدىن ئۇچۇققىچە، ئۇ ئالەمگىچە سوزۇلغاندەك قىلاتتى.

گۈللەر سولاشقان، دىماغنى يارىدىغان خۇش پۇراقلار يوق، بۇلبۇللار سايرىمايدۇ. غازاڭلار تۆكۈلمەكتە. دەرەخلەر يالىڭاچلانغان. سارغايغان غازاڭلارنى بەڭباش كۆز شامىلى ئاياغلىرىمدا تىنىمسىز ئۇچۇرىدۇ. مەن غازاڭلارنى دەسسەپ كەلمەكتىمەن. بېلىمدە ئاق، كۆزۈمدە ياش، دىلىمدا غەم.

بىر توپ ھازا ئەھلى كەلمەكتە.

دادام ئۆمرىدە قانچە - قانچىلاپ ماڭغان، مېڭىپ تۈگىتەلمىگەن يېڭى يولىدىن، ئاۋۇ چۆلدەرەپ كەتكەن زارەتكالىققا دادامنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىۋاتىمىز. دادام بۇ يولدىن بۈگۈن يىراقلا، قايتىپ كەلمەسكە كېتىۋاتىدۇ. مەن ھازا ئەھلىنىڭ ئالدىدا تۆكۈلۈپ - تۆكۈلۈپ يىغلاپ كېلىۋاتىمەن. ئاناممۇ كېتىۋاتىدۇ. ئەمدى بۇ يول ماڭا قالدى.

ئەنە، ئارقامدا بالىلىرىم كېلىۋاتىدۇ. ئاھ، بەخشەندە يول!

مەسئۇل مۇھەررىرى ئارسلان

ئەزىزى

# ھايات قىسسەلىرى

(نەسرلەر)

## سېغىنىش كۈيلىرى

1

سەن مېنىڭ خىيالىمدا خۇددى غايىبانە چۈشكە ئوخشاش سىرلىق، چۆچەكلەردىكى ھۆر - پەرىلەردەك خىسلەتكە بايسەن.

سەن تولۇپلا سەرۋىدەك زىلۋا قامىتىڭ، ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاقتەك ئەسلىتىدىغان تەبەسسۇمغا باي ئوماق چىرايىڭ، بىر قارىغان كىشىنى بىھوش قىلىپ، سەۋدايىلىق يولىغا باشلايدىغان ئوتلۇق كۆزلىرىڭ بىلەن ۋۇجۇدىمنى لەرزىگە سالالىڭ، تولۇپلا توختام سۇدىن كۆتۈرۈلگەن ھورغا ئوخشاش بۇ دۇنيادىن غايىب بولۇپ، بارلىق ئۈمىد - ئارزۇلىرىمنى يوققا چىقىرىسەن - دە، مېنى تېنى بار، جېنى يوق مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ قويىسەن.

2

سەن بىر تال يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدە بەئەينى مەرمەردىن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشاش نۇرغا بۆلىنىپ ياتىسەن. مەيىن شامال مەجنۇن تالنىڭ شاخلىرىدەك يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرىڭنى سىلاپ ئەركىلەتسە، گۈل بەرگى لەرزان تەۋرىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل سۆزلەردىن قەسىدە توقۇپ سېنى كۈيلىشىدۇ.

مەن خىيالدىن ئويغىنىپ ساڭا نەزەر سالغىنىمدا سارغىيىپ كەتكەن يوپۇرماقنىلا كۆرىمەن - دە، پۇشايمان ئىچىدە گۈلنى ئايلىنىپ سېنىڭ ئاياغ ئىزلىرىڭنى ئىزدەيمەن.

3

مەن تاڭ شامىلى بىلەن مۇڭدىشىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ماڭا سەن ھەققىدىكى ئەڭ سەممىي خەۋەرلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

مەن تاڭ شامىلى بىلەن سۆيۈشۈشنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس سېھرىي لەۋلىرىگە سېنىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغان تىنىقلىرىڭ سىڭگەن.

## ئۇنتۇلغان ناخشا

مەن روھىم بىلەن خوشلىشىپ، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقىدا تەمتىرەپ يۈرگىنىمدە قاياقتىندۇر يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن بۇ ناخشىنى دەرھاللا ئېسىمگە ئالدىم.

بالىلىق تەختىراۋاندىن چۈشۈپ يىگىتلىك بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان چاغلىرىمدا شەھلا كۆزلۈك، سۇمبۇل چاچلىق بىر ساھىبجامالنىڭ جان ئالغۇچى تەبەسسۇم بىلەن قايرىلىپ بىر قارىشى كۆل سۈيىدەك تىنىق قەلبىمدە غەليان پەيدا قىلغانىدى. مەن شۇ چاغلاردا كېچىلىرى ئۇيقۇدىن قېلىپ، ھېلىقى گۈزەلنىڭ يولىغا تەلمۈرگىنىمچە بۇ ناخشىنى زوق ۋە ھاياجان ئىلكىدە قايتا - قايتا ئېيتقان ئىدىم، كېيىن مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ شەپقىتىدىن چاڭقاق يۈرىكىم ۋىسال شارابىدا ياشناپ، بەخت مەستخۇشلۇقىدا بۇ ناخشىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغانىدىم.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا - بارا بۇ ناخشىنى ئېيتمايدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ ئاھاڭىنى، ھەتتا مەزمۇنىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم.

ئاھ ناخشا، مەن سېنى ئەمەس، سەن مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىكەنسەن. ئەمدى كىممۇ سېنى ماڭا ھەدىيە قىلار؟

## كېلىنچەكنى چۈشىنىش

دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان بۇدرۇقىنا بوۋاقنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىدىن كۆڭلى سۆيۈنگەن ئانا ئۇنى چەكسىز مېھرى - مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ تۇرۇپ:

— قوزام، سەن مېنىڭ كېلىنچىكىم، — دېدى.

بوۋاق بوۋىسىنىڭ كۈمۈشتەك ئاقارغان ساقىلىنى ئويناپ تۇرۇپ خۇددى مانا بۇ كېلىنچەكنىڭ سىماسى، دېگەندەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بوۋاي بوۋاقنىڭ قىلىقلىرىدىن نېمىندۇر ئېسىگە ئالغاندەك خىيالغا پاتتى. شۇ تاپتا بىرسى ئۇنىڭدىن: «كېلىنچەك دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپ قالسا، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا: ئۆتۈپ كەتكەن بالىلىقىم، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى.

## چۈش

بىر ئالىي ئاشخانىدا غىزالىنىپ ئولتۇراتتىم، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن، يۈز - كۆزلىرى مەينەت، كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر بوۋاي قولىنى سوزۇپ ئالدىمغا كەلدى.

مەن ئۇنىڭ قولىغا قارىدىم - يۇ، مەڭدەپ قالدىم. چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا مەن پەرەز قىلغاندەك پۇچۇق ھېچىر ئەمەس، ئاجايىپ چىرايلىق بىر ئالتۇن تاۋاق خۇددى قۇياشقا

ئوخشاش كۆز قاماشتۇرۇپ تۇراتتى، بوۋاي كەيپىياتىمدىن كۆڭلۈمدىكىنى سەزدى بولغاي:

— ئەجەبلەنمەڭ ئەپەندىم. كىشىلەر مېنىڭ بۇ تۇرقۇمغا قاراپ ئەمەس، مۇشۇ ئالتۇن تاۋىقىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سەدىقە بېرىشىدۇ. مۇشۇ ئالتۇن تاۋىقىم بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن مۇشۇ كۈنگىچە ياشاپ كەلدىم، بولمىسا ئاچلىقتىن ئاللىقاچان ئۆلگەن بولاتتىم.

مەن يانچۇقۇمدىن بىر تال تەڭگە چىقىرىپ بوۋاينىڭ تاۋىقىغا تاشلىدىم. تەڭگە گويا ئۆزىنىڭ ئالتۇن تاۋاققا چۈشكەنلىكىدىن خۇشال بولغاندەك يېقىملىق جىرىڭلاپ، بىرنەچچە پىرقىراپ توختاپ قالدى.

مەن بىردە بوۋاينىڭ قىياپىتىگە، بىردە ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن تاۋاققا قاراپ ئادەم بىلەن ئالتۇننىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدىم.

## تۇمار

ئەمدىلا ئۇۋىسىدىن ئايرىلىپ ئۇچۇرما بولغان قۇشقا ئوخشاش بالا چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى ئانام بىر تۈگۈنچەكنى بوينۇمغا ئېسىپ قويدى. مەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى سورىغىنىمدا، «بۇ سېنى يامان كۆز، يامان تىلدىن ساقلايدىغان تۇمار» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ چاغلاردا بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئانچە چۈشىنەلمىگەن ئىدىم. ئەمدى بىلسەم ئۇ قانداقتۇر خاسىيەتلىك سىر يوشۇرۇنغان تۇمار بولماستىن، بەلكى ئانامنىڭ ماڭا بولغان چوڭقۇر ۋە سەممىي مېھرى - مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى ئىكەن.

پەرزەنت ئۈچۈن ئانىنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىدىنمۇ قۇدرەتلىك نەرسە بارمىدۇ بۇ دۇنيادا!؟

## بىھۇدە ئۆلۈم

بوۋاي ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، چۈشىنىش قىيىن بولغان بىرخىل ئىپادە بىلەن ئەتراپقا كۆز تاشلىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرغان چىرايلىق قەپەسكە، قەپەستە تىنىمسىز تىپىرلاپ تۇرغان بوز تورغايغا چۈشتى - دە، نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالغاندەك خىيالغا پاتتى...

بوۋاي بۇ تورغاينى قانات - قۇيرۇقلىرى تېخى تولۇق يېتىلمەستىن باشلاپلا خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ بېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئىككى ۋاق سۇ، دان بېرەتتى. تورغاي بولسا يېقىملىق ئاۋازى بىلەن سايراپ، بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. ئەمدى بولسا بوۋاي بۇ پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن كىممۇ ئۇنىڭغا سۇ، دان بېرەر؟

بوۋاي تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى - دە، تىترىگەن قوللىرى بىلەن قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى. ئەمما تورغاي دەرھال قەپەستىن چىقىپ ئۇچۇپ كەتمىدى، بەلكى بۇلۇڭغا بېرىپ تۈگۈلۈپ تۇرىۋالدى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاي ئالەمدىن ئۆتتى. قولۇم - قوشنىلار ئۇنى كۆمۈپ قويۇشتى. لېكىن نە سۇ، نە داندىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىشىكى ئوچۇق قەپەستە بىر ئۆلۈك بوز تورغاينىڭ بارلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

## غەپلەتتىكى ئاشىقلىق

قۇياش تويى بولغان ساھىبجامالدەك چىرايلىق ياسىنىپ ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەلگەندە، مەن ئەتىرگۈلنىڭ شېخىدىن ياسالغان كۈلبەمدە تەنها ئۇخلاپ يېتىپ، چۈشۈمدە ئۇنى كۆرگەن ئىدىم. ئويغىنىپ قارىسام ئۇ نەلەرگىدۇر غايىب بوپتۇ.

مەن ئۇنى ئىزدەپ دېڭىز بويىغا باردىم. لېكىن دېڭىز ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇسسۇزلۇقتىن جان تالىشۋاتقان بېلىقلار ماڭا ھېچ نەرسە دەپ بېرەلمىدى.

مەن دېڭىز بويىدىن قايتىپ، ئېگىز بىر قىيانىڭ ئۈستىگە چىقتىم، ئەمما بۇ يەردىكى بۈركۈتلەرنىڭ ھەممىسى ھوشىدىن كەتكەنىدى.

مەن يەنە يايپېشىل ئورمانلىقلارغا، ئەتراپىنى يالپۇز ھىدى قاپلاپ كەتكەن داللارغا باردىم. شۇنداقتىمۇ ھېچ قايسىسى ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ماڭا دەپ بېرەلمىدى. مەن يۈرىكىم سىقىلغان ھالدا كۈلبەمگە قايتىپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئىشقىدا ھەسرەت چېكىپ زار - زار يىغلىدىم. ئاخىر ئۆزۈممۇ تويىمىغان ھالدا ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە ئۇ ئىلگىرىكىدەكلا چىرايلىق ياسىنىپ، ئاجايىپ جەزبىلىك تەبەسسۇم بىلەن ھۇجرىسىدىن چىقىپ كەلگۈدەك، ئۇنىڭ لاتاپەتلىك جىلۋىسىدىن ئۇيالغان زېمىن يىپەك رومىلىنى تەنتەك شامال قايرىۋەتكەن روپاچ قىزنىڭ يۈزىدەك قىزىرىپ كەتكۈدەك...

## قىرتاق تۇيغۇلار

1

ھەقىقىي شائىرنىڭ قەلبى بىر تۈپ قىزىل گۈلگە ئوخشايدۇ.

ئۇ تۇرمۇش دالىسىدىن پىكىر ئۇرۇقىنى تېرىۋېلىپ، ئىجتىھات تۇپرىقىغا كۆمىدۇ. تەپەككۇرنىڭ ھارارىتىدىن بىخلاندۇرۇپ، ھالال تەرى بىلەن ياشنىتىدۇ، غايە بىلەن چېچەكلىتىپ، ئىسسىق قېنىدىن رەڭ، نەپەسلىرىدىن پۇراق ئاتا قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن باشقىلار لەززەتلىنىدۇ.

2

ئۈمىدىم دېگەنتىڭ، ساڭا شادلىق بېغىشلاپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقىنىمدا، سەن مېنى ئانا.

ئۈمىدىم دېدىم، ماڭا شادلىق بېغىشلاپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقانىدا پەرزەنتىم مانا.

ئۈمىدىم دەر، ئاڭا شادلىق بېغىشلاپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچسا پەرزەنتى پەرزەنتىم يانا.

ئۈمىد ئۈزۈلمەس بۇلاق سۈيىدەك،
چېكى كۆرۈنمەس ئۈپۈق سىزىقىدەك.

3

مەن قىيا تاشلارغا بۇژغۇن چاچرىتىپ تىنىمسىز داۋالغۇپ تۇرغان دېڭىزغا خىتاب قىلدىم:

— سەن دەريا - ئېقىنلاردىن، ھەتتا تامچىلاردىن ھاسىل بولغان تۇرۇقلۇق نېمە ئانچە نەرە تارتىپ شاۋقۇنلايسەن؟

دېڭىز كۈلۈپ كېتىپ جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ تەكتىمدىكى قۇم، شېغىللاردىن ھاسىل بولغان قىياتاشلار ماڭا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراۋاتسا، مەن قانداقچە ئۆزۈمنىڭ تامچىلاردىن ھاسىل بولغانلىقىمنى خىيالىمغا كەلتۈرەي؟

4

ئاجىزلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى مەغرۇر ساناش يېرىم ئەخمەقلىق. قالغان يېرىمى بولسا ئۆز سايىسىدىن پەخىرلىنىش.

5

ئەگەر سەن تىلەمچىگە سەدىقىنى ساخاۋەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ «تىلەمچى» دېگەن نامىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈنلا بەرسەڭ، ئۇ ھالدا سەنمۇ يېرىم تىلەمچىگە ئايلىنىسەن.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# تۇرمۇش ۋە يازغۇچى

قەييۇم تۇردى — ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا رومانچىلىقنى ئېلىپ كىرگەن يازغۇچى. ئۇنىڭ «قىزىلتاغ ئېتىكىدە»، «كۈرەشچان يىللار»، «سۈزۈك ئاسمان» ناملىق رومانلىرى ھەرمىللەت كىتابخانلىرىغا تونۇش. ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ سەھىپىسىنى دادىللىق بىلەن ئاچقان، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تارىخىغا تۇنجى قېتىم ئۆچمەس ئىز سالغان بۇ يازغۇچى بىلەن سۆھبەتلىشىشنى ئۇزۇندىن بۇيان كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرەتتىم. مېنىڭ بۇ تىلىكىم يېقىندا — «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 40 يىللىقى خاتىرىلىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمەلگە ئاشتى. مەن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بۇ يازغۇچىنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇنىڭ بىلەن كەڭتاشا پاراڭلاشتىم. ئۇ مەن سورىغان ھەر بىر سوئالغا ئەستايىدىل جاۋاب بەردى. سۆھبىتىمىز مەزمۇنغا باي، ئەھمىيەتلىك، قىزغىن ھەم كۆڭۈللۈك بولدى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان بۇ يازغۇچى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت خاتىرىسى سىزگە مول ھەم قىممەتلىك بىلىم بېرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنى سىزگە ئەينەن تەقدىم قىلدىم.

سوئال: قەييۇم ئاكا، سىز بىلەن خېلىدىن بېرى ئەدەبىيات مەسىلىلىرى، بولۇپمۇ سىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىزگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدىم. بۈگۈن بىر پۇرسەت بولىدىغان ئوخشايدۇ.

جاۋاب: ماركس: «ئەگەر سىلەر ئېستېتىكا ھەققىدە ئۇزۇل-كېسىل بولماقچى بولساڭلار، ئۇ ھالدا ھەقىقەتنى ھەددىدىن زىيادە كەمتەرلىك بىلەن مۇھاكىمە قىلىشنى چەكلىشىڭلار لازىم. چۈنكى ھەددىدىن زىيادە ئەستايىدىللىق ھەييارلىق، ھەددىدىن زىيادە كەمتەرلىك ئاچچىق ھەجۋىي دېمەكتۇر» دېگەن ئىدى. ئەدەبىيات مەسىلىلىرى ھەققىدە بار-يوقىنى تەڭ ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا سۆھبەتلىشىش پايدىلىق، لېكىن ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ ئېستېتىكىلىق قىممەت ھەققىدىكى، سەنئەت گۈزەللىكى ئۆلچىمى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ بىر خىل نورمال ھادىسە بولۇپ، ئۇنى دەرھاللا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ھەم بىرلىككە كەلتۈرۈشمۇ قىيىن. مەسىلەن، بىرخىل نۇقتىئىنەزەردىكىلەر، سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى — ئوبراز، سەنئەت رېئاللىقنى ئوبرازلىق بىلىشتۇر دەپ قارايدۇ. ھەممىدە ئوبراز بولمىسا، ئۇ سەنئەت ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. يەنە بىرخىل نۇقتىئىنەزەردىكىلەر، سەنئەتنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ھېسسىيات، سەنئەت ھېسسىياتنى مەر-

كەز قىلغان تەسەۋۋۇر، سەزگۇ، ئىدراكتىن ئىبارەت ئامىللارنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

مېنىڭچە، ئېستېتىكىلىق قىممەت، مەيلى پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتايلى، سەنئەتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ھېسسىيات. ھېسسىيات ــ سەنئەتنىڭ قېنى ۋە جېنى. ھېسسىيات بولمىسا، سەنئەتمۇ بولمايدۇ، ئەمما ئوبراز بولمىسىمۇ، سەنئەت بولۇۋېرىدۇ. سىز بۇ خىل قاراشلارنى قانداق قىلىپ بىرلىككە كەلتۈرەلەيسىز؟ بۇ ناھايىتى تەس. شۇڭا ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتىدە، مەيلى ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىدە بولسۇن، مەيلى ئۆزۈم مەيلى كونكرېت ئەسەرلەر ئۈستىدىكى تونۇش مەسىلىسىدە بولسۇن، ئوخشاش بولمىغان قاراشلارنىڭ ئېپادىلىنىشىدىن ساقلىنىش تەس. مۇنداق چاغدا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنازىرىلەشسەكمۇ، ئۆز نۇقتىئىنەزىرىمىزنى يوشۇرماستىن ئاشكارا ئېيتساقمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇنىڭ پايدىسى باركى، زىيىنى يوق. مېنىڭچە، بىر يازغۇچى ياكى ئوبزورچىدا ئالدى بىلەن توغرا دۇنيا قاراش، ھەق - ناھەق قارىشى بولۇشى، تارىختا ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەقىقەتنى ئېچىپ كۆرسىتىشكە ئىنتىلىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزۈم يوللۇق، ئىشەنەرلىك دەپ قارىسام، شۇنىڭغا سادىق بولىمەن، ئۆزۈم قايىل بولمىغان نەرسىلەرگە زورلانمايمەن. مېنىڭ بەزى قاراشلىرىمدا «ھەددىدىن زىيادە ئەستايىدىل» ياكى «ھەددىدىن زىيادە كەم-تەر» بولۇپ كەتكەنلىك ۋەجىدىن قىممىتىنى يوقاتقان بىمەنىلىكلەر كۆرۈلۈپ قالسا، پەرۋا قىلماسلىقىڭىزنى، ئۇنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

سوئال: سىز «قىزىلتاغ ئېتىكىدە» ناملىق يىرىك ئەسىرىڭىز ئارقىلىق ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستىڭىز. مالال كۆرمىسىڭىز، مۇشۇ رومانىڭىزنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز. بۇ رومان سىزنى قانداق ئىجادىيەت تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلىدى؟

جاۋاب: سىزگە مەلۇم، ئەدەبىيات ــ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى، لېكىن ئۇ ئەينەككە ئوخشاش، مېخانىكىلىق پاسسىپ ئىنكاس قىلىش ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىق يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈش مەسىلىسىدۇر. تەبىئىيكى، تۇرمۇش چىنلىقى يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بەدىئىي چىنلىق بولسا، مۇقەررەر ھالدا يازغۇچىنىڭ تۇرمۇش ھەققىدىكى باھاسىنى، يەنى قارىشى، مەيدانى، مۇھەببەت-نەپرىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دېگەنلىك بىز ھەممىشەم تىلغا ئالىدىغان يازغۇچىنىڭ مېڭىسىدىن ئىبارەت «پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى» نىڭ رولىنى جارى قىلىش دېگەنلىك، يەنى ئەدەبىيات شۇ «زاۋۇت»نىڭ مەھسۇلاتى دېگەنلىكتۇر. «قىزىلتاغ ئېتىكىدە» رومانىغا كەلسەك، ئۇ ئەينى چاغدىكى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى رېئال تۇرمۇش مەنبە قىلىنغان، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ماھىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ بىر قىسىم بەدىئىي كارتىنىسى.

مەن 1961 - يىلى 6 - ئايدىن 1979 - يىلىغىچە «يەكەن گېزىتى» دە ئىشلىدىم. بۇ، مەن ئۈچۈن دېھقانلار بىلەن كەڭ ۋە بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولدى. نۇرغۇن يېزىلاردا مۇخبىرلىق قىلىش ۋە تۇرمۇش ئۆگىنىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ تىرىكچىلىكى،

ئۆرپ-ئادىتى، تىلى، ئۆزىگە خاس تۇرمۇشى ھەم پسىخىكىسى بىلەن تونۇشتۇم.

مەن شۇ چاغلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سۇنىڭ قىسلىقى دېھقانلارنىڭ پۇت-قولىنى بوغۇپ تۇرغان ئېغىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا چوڭقۇر ھېس قىلدىم. بەزىدە دېھقانلارنىڭ ئايالى بوشىنىۋاتقان، دادىسى سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئەھۋالدىمۇ، ئۆزىگە كەلگەن سۇ تۇتۇش نۆۋىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا كۆزى قىيمايۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. شۇ يىللىرى يېزىلاردا سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى تېز ئىلگىرى سۈرۈلدى. بۇ ئىشقا دېھقانلار بەكمۇ قىزغىن پوزىتسىيىدە بولدى. ئۇلارنىڭ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشلىرىدىكى ئاجايىپ جاسارىتىگە، سۇ ئۈچۈن بولغان كۆرەشتە ئەقىلگە سىغمايدىغان جاپا-مۇشەققەتلەرنىمۇ پىسەنت قىلماي يېڭىۋاتقانلىقىغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. مەن يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىدىكى بەزى سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئورۇنلىرىغا مۇخبىرلىق سالاھىيىتى بىلەن بېرىپ، بۇ مەنزىرىلەرنى ئەستايىدىل كۆزەتتىم. دېھقانلار بىلەن گەمىلەردە، ئوچۇق دالىدا يېتىپ مۇڭداشتىم. ئۇلارنىڭ سۇ توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇلىرى، تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. مەندە زامانىمىزنىڭ «پەرھات-شېرىن» لىرى ھەققىدە يىرىكرەك بەدىئىي ئەسەر يېزىش ئارزۇسى ئەنە شۇ چاغدا پەيدا بولدى. 1964-يىلى كۈزدە «قىزىلتاغ چىراغلىرى» ناملىق تۇنجى رومانىمنى يېزىپ چىقتىم. بۇ رومانىنىڭ تېمىسى، پېرسوناژلىرى، ۋەقەلىرى يەكەن دېھقانلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئەلۋەتتە. مەن بۇ رومانىنى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتتىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپ، رومانغا قىزىقىپ قالغانلىقىنى، ئۇنى ژۇرنالدا ئېلان قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى مەسئۇل بولۇپ تەھرىرلەۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى، لېكىن كېيىن «تارىم» كىچىك تۆت فورماتلىق دەپتەرچە قىلىپ چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، ژۇرنال سەھىپىسى تار كېلىپ قېلىپ، رومانىنى ئۆزۈمگە ئەۋەتىپ بەردى. رومانىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاقتىم «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلىنىشىغا توغرا كېلىپ قالدى. شۇڭا ئۇ تەبىئىي ھالدا «كۇمانلىق»، «شۇمبۇيا» دەپ ھېسابلىنىپ، كىرسە چىقماس توك ئىسكىلاتىغا مەھكۇم قىلىۋېتىلدى.

ئەلۋەتتە، مەن بۇ رومانغا نۇرغۇن قان-تەر ئاققۇزغان، تۈننى تاڭغا ئۇلاپ ئەجىر قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەڭ مۇھىمى، بۇ رومانىنىڭ چوڭقۇر تۇرمۇش ئاساسى بارلىقىغا ۋە خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىدە ئادىللىقىغا ئىشىنەتتىم. رومانىدىكى پېرسوناژلارغا چوڭقۇر مۇھەببىتىم بار ئىدى. شۇ ۋەجىدىن مەن ئېسىمدە قالغان ۋەقەلىرى بويىچە «قىزىلتاغ باتۇرلىرى» دېگەن نام بىلەن قايتىدىن يېزىپ چىقتىم. 1974-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنى نەشر قىلدى. بۇ ئەسەر نەشر قىلىنىشى بىلەنلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشى، ھېسداشلىق قىلىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1977-يىلى يەكەندە تۇرۇشلۇق 7-دېۋىزىيە شتابى ھېلىقى «كىرسە چىقماس توك ئىسكىلاتى» دىن بۇ رومانىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى تېپىپ چىقىپ، ماڭا قايتۇرۇپ بەردى. 1985-يىلى شىنـ

جاك ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئۇنى ئەسلى نۇسخىسى بويىچە قايتا نەشر قىلدى.

ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەر تۇرمۇشنىڭ قىياپىتىنى كونكرېت ۋە جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشى لازىم. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «قىزىلتاغ چىراغلىرى» تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىش ۋە تۇرمۇشنى كەڭرەك ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى سىنىقى بولدى. بەزىلەر بۇ رومانىدىكى ئايرىم پېرسوناژلار ئوبرازىغا قاراپ، ئۇنى «سىنىپىي كۈرەش يېزىلغان رومان» دېيىشەتتى. بۇمۇ ھەيران قالارلىق گەپ ئەمەس. «سىنىپىي كۈرەش» بىر بۇيرۇق، بىر سىياسەت بىلەنلا پەيدا بولىدىغان ياكى يوقىلىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت، شۇنداقلا بېشى يوقالسا قۇيرۇقى، گەۋدىسى يىمىرىلسە ساقىندىسى قىمىرلاپ يۈرىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە. نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنى دېيىش كېرەككى، ئەينى يىللاردا يېزىلاردا ئاينىغان كادىرلارلا ئەمەس، بەلكى «سىنىپىي كۈرەش» نىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە، مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇتلۇقى پاكىت ئىدى. مەن بۇنىڭدىن گۇمان قىلمايمەن. شۇ ۋەجىدىن بۇ خىل رېئاللىقنى روماندا بىرقەدەر ئوبيېكتىپ ھەل قىلدىم دېيەلمەيمەن. مەسىلەن، روماندا تەسۋىرلەنگەن سۇلايمان شائىيۇم، نامان تۇلكە قاتارلىقلارنىڭ كۆك ئاپتوماتنى يوشۇرۇپ بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توقۇپ چىقىرىلغان ئىش بولماستىن، ھەتتا جامائەتكە كۆرگەزمە قىلىنغان پاكىتلىق ئىشلار ئىدى. قاسىمنىڭ سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ قول چومىقىغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ ئەينى چاغلاردىكى يېزىلاردىكى ئوبيېكتىپ ئەھۋال ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا ئاز - تولا «سىنىپىي كۈرەش» كۆلەڭگىسى بار دېيىلسىمۇ، ناھەق بولمايدۇ، بەلكى ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ روماندا 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئالاھىدە تارىخىي دەۋرنىڭ زور، پرىنسىپال مەسىلىلىرى — سۇ قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلغان سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش، ئېلېكترلەشتۈرۈش، بېيىش يولىدىكى ئىزدىنىش، كونىلىق بىلەن يېڭىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ئاياللار ئازادلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر خىلمۇخىل بەدىئىي ئوبرازلار ۋاسىتىسى بىلەن بىرقەدەر ئوبيېكتىپ يورۇتۇپ بېرىلگەن. سابىر، زەيتۇنەم، تۇراخۇن، تۆمۈر بوۋا قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرى ئۇلارنىڭ گۈزەل غايىلىرى بىلەن، ئاق كۆڭۈل، ساددا، ئەمگەكچان، قورقماس پەزىلەتلىرى بىلەن تەبىئىي بىرىكتۈرۈلگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ تىپىكلىكى كىشىنى ئىشەندۈرەلەيدۇ، دەپ قارايمەن.

قىسقىسى، بۇ رومان مېنى تېمىنى قانداق ئېچىش، پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى قانداق قېزىش، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەرنى، يەرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى قانداق يورۇتۇپ بېرىش، تىلدىن قانداق پايدىلىنىش ۋە بەدىئىي چىنلىقنى قانداق يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى.

ئەلۋەتتە، «قىزىلتاغ چىراغلىرى» رومانىنى ھەممە نېمىسىنى پىششىپ يېتىلگەن رومان دەپ قاراشتىن يىراقمەن. ئەينى چاغدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەسىرى

ۋە ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىم نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ، رومىاندا
ھازىر ئەپسۇسلىنىدىغان خېلى كۆپ يېتىشسىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنى سېزىمەن، لېكىن ئۇ ئەينى
چاغدىكى مىللىي ئەدەبىياتىمىزدا ئۈلگىسى بولمىغان تۇنجى سىناق بولغاچقا، كىتابخانلار-
نىڭ ئۇنى كەچۈرۈۋېتىپ، «قىزىلتاغ چىراغلىرى» نى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بوْسۇش خا-
راكتېرلىك يېڭىلىق، تۇنجى رومان دەپ ئاتىغانلىقىدىن ئىلھاملىنىمەن. بۇ باھا كېيىنكى
چاغلاردا مېنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ترىلوگىيىسىنى يېزىشقا كىرىشىشىمگە غايەت زور
تۈرتكە بولدى.

سوئال: سىزنىڭ «كۆرەشچان يىللار» ناملىق ترىلوگىيىڭىز كىتابخانلار ئارىسىدا
زور قىزىقىش پەيدا قىلدى. سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ يىرىك ئەسىرىڭىزنى قانداق باھالايسىز؟
بۇ ئەسىرىڭىز تېما، مەزمۇن، شەكىل ھەم ئۇسلۇب جەھەتلەردە قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە
ئىگە؟

جاۋاب: مەن بۇ ئۈچ توملۇق روماندا 1946 - يىلدىن 1955 - يىلى شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغىچە بولغان ئون نەچچە يىللىق تارىخىي جەريانىنى يورۇ-
تۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلدىم. ئەسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى ئۇزاق تارىخىي كۆ-
رەشنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇ-
شىغا تەنتەنە قىلىش دېسىمۇ بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن روماندا جەنۇب دېھقانلىرىنىڭ فېئو-
داللىق زۇلۇمغا، مىللىي زۇلۇمغا قارشى قانلىق كۆرەشلىرى، فېئوداللىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش يولىدىكى شانلىق مۇساپە، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ،
ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى قاينام - تاشقىنلىق ئىشلەپچىقى-
رىش دولقۇنى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەتتە قەد كۆتۈرۈش يولىدىكى تارىخىي ئىزدىنىش قا-
تارلىق رېئال ۋە مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلىدى. رومانىنىڭ سيۇژېتى
بىرقەدەر مۇرەككەپ. ئۇنىڭدا زور تارىخىي، سىياسىي ۋەقەلەرمۇ، ئەڭ كىچىك تۇرمۇش
تەپسىلاتلىرىمۇ بار. روماندا تەسۋىرلەنگەن 50 دىن ئارتۇق پېرسوناژنىڭ ھەرقايسىنىڭ
ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى بىرقەدەر ئېنىق. رومانىنىڭ ئۇسلۇبىمۇ بىرقەدەر روشەن.
بۇ رومان ئۈچ قېتىم قايتا نەشىر قىلىندى، رادىئودا ئىككى قېتىم ئاڭلىتىلدى. رومان توغرى-
سىدا كىتابخانلاردىن يۈزلىگەن، مىڭلىغان خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. مەن ئۇلارنىڭ ھەم-
مىسىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

بەدىئىي ئەسەر يېزىش — يازغۇچىنىڭ بۇرچى، باھالاش — كىتابخانلارنىڭ ئىشى.
مەن ئابلەت ئۆمەرنىڭ «كۆرەشچان يىللارنىڭ زەپەر مارشى» دېگەن ماقالىسى بىلەن مە-
ھەممەت پولاتنىڭ «دادىل ئىزدىنىش، مۇۋەپپەقىيەتلىك قەدەم» دېگەن ماقالىسىنى بۇ
رومان ھەققىدە يېزىلغان بىرقەدەر ئوبيېكتىپ باھا دەپ قارايمەن. مېنىڭچە، يازغۇچى
تۇرمۇشنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلىشى، تۇرمۇش قاينىمىدا بارلىققا كېلىدىغان بەدىئىي
تەپەككۇرنىڭ پائالىيەتچانلىق رولىغا تايىنىشى زۆرۈر. رېئاللىقنى يوشۇرۇش ۋە بېزەش
رېئالىزم بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. رېئاللىقنى زىچ دەۋر قىلىپ، ئەدەبىياتنى بىۋاسىتە رېئال-
لىق ئىچىگە قويۇپ، ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ تەقدىرىنى بىرلەشتۈرۈش — ئىجتىمائىي

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە يازغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئىجادىيەت يولى. يازغۇچى تۇرمۇشنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرى، ئاڭلىغان-كۆرگەنلىرى ئاساسىدا ئۆزىگە خاس ھېسسىيات شەكلى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشى كېرەك. بۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ھەقىقىي يۇسۇندا توغرا ئورۇنغا قويغانلىق. بەزىلەر مەن يازغان بەزى رومانلارنى ئۆزىنىڭ روھىغا سىڭىشىپ قالغان ئىلگىرىكى رومانلارنىڭ قېلىپىغا سېلىپ تەھلىل قىلىدۇ، ئوخشىمىغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ دىتى، مىزاننى ئۆلچەم قىلىپ، شۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە رومان يازسام، ئۇنداق رومانىنىڭ نېمە ئىجادىي قىممىتى، خاسلىقى بولسۇن؟!

سوئال: سىزنىڭ ئۈچ قىسىملىق «سۈزۈك ئاسمان» ناملىق رومانىڭىز قانداق دۇنياغا كەلگەن؟

جاۋاب: مەن ئالدى بىلەن باش تېمىنىڭ قانداق تۇغۇلغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەي. 1983-يىلى مەن خوتەنگە «كۈرەشچان يىللار» رومانىنىڭ ئۈچىنچى كىتابىنى يېزىش تەييارلىقى بىلەن، يەنى خوتەن ئىسيانىنىڭ ئاساسلىق ئادىمى — ئابلىمىت داموللىنىڭ ئارخىپلىرىنى كۆرگىلى باردىم. قايتىشىمدا تەكلىماكان قىرغاقلىرىنى زىيارەت قىلىپ، چىرىيە ناھىيىسىگە كەلسەم، شەھەر ئىچىدىكى ئاسفالت يول ئۈستىدە سېرىق قۇم خۇددى باھار كەلكۈنىدەك ئېقىپ يۈرۈپتۇ. بۇ ناھىيىنىڭ بىر مۇئاۋىن ھاكىمى ماڭا «قۇم كەلكۈنى جىددىي تەھدىت بولۇپ قالدى. قۇم بارخانلىرى ھەدەپ تېرىلغۇ يەر، ئۆي-ماكان، ئوتلاقلارنى يەپ كېتىۋاتىدۇ. شەھەرگە 750 مېتىر كېلىدىغان يەرگىچە بىپايان قۇم بىلىندۈرمەي سىلجىپ كېلىۋاتىدۇ» دېدى، ئاندىن مېنى يولداش ئىسمايىل ئەمەتنىڭ يېزىسىغا باشلاپ چىقتى. بۇ يەردە مەن كۆچۈۋاتقان قۇمنىڭ غەلىتە مەنزىرىسىنى كۆردۈم. مەن بىر تال تاماكا قەغىزىنى قەلەم بىلەن باستۇرۇپ يەرگە قويدۇم. بىر يېرىم مىنۇت ئىچىدە قەغەز كۆچۈۋاتقان قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى. بۇ يەردىكى قۇم تىزگىنلەشنى تەتقىق قىلىدىغان تېخنىكلار «قۇم بارخانلىرى يىلىغا 150 مېترلىق سۈرئەت بىلەن يېزا-كەنتلەرگە بېسىپ كىرىۋاتىدۇ. ئەسلىدە تارىختىن بۇيان ھەر يىلى 7-، 8-ئايلاردا قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن 2-3 قېتىم چوڭ كەلكۈن كېلىپ، كۆچۈپ كېلىۋاتقان قۇمنى سىيرىپ-سۈپۈرۈپ، چوڭ قۇملۇققا ئېلىپ كېتەتتى. قۇمنى تەبىئەت ئۆزى تىزگىنلەپ تۇراتتى. بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان سۇ ئامبارلىرى ياسىلىپ، سۇ تىزگىنلىنىۋېلىنغاچقا، كەلكۈن كەلمەيدىغان بولدى، قۇممۇ توسالغۇسىز ھالدا يېزا-كەنتلەرگە بېسىپ كېلىۋېرىدىغان بولدى. چۆلدىكى دەل-دەرەخلەرمۇ قۇرۇپ تۈگىمەكتە» دېيىشتى.

مەن بۇنىڭ بىر چوڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. يولداش ئابباس بۇرھان شۇ چاغدا خوتەندە مۇشۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇمۇ ماڭا قۇم بىلەن سۇ ئامبىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە دائىر نۇرغۇنلىغان قىرىقارلىق ۋەقە، پاكىتلارنى سۆزلەپ، ئۇنى ئىلمىي جەھەتتىن يورۇتۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن خوتەندىن قايتقىچە قاغىلىق، يەكەن، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ سۇ ئامبارلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، كۆزدىن كۆچۈرۈش ئېلىپ باردىم، كادىرلار، دېھقانلار، تېخنىكلار بىلەن سۆزلىشىپ، نۇرغۇن بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىگىلىدىم، ئاندىن ئۇنى ئىلگىرىكى تۇرمۇش ۋەقە-

لىرى بىلەن باغلىدىم. مەندە تەكلىماكان قىرغاقلىرىدىكى خەلقنىڭ تەقدىرىگە ئالاقىدار بۇ مەسىلە ھەققىدە چوڭراق بىر ئەسەر يېزىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا يەنە ئىككى قېتىم باردىم. نۇقتا سۇ ئامبىرى ئىدى. ئاخىرى «سۈزۈك ئاسمان» دۇنياغا كەلدى.

بۇ يەردە «قىزىلتاغ چىراغلىرى» رومانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن غايە بىلەن «سۈزۈك ئاسمان» رومانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن غايىنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈشۈم كېرەك، يەنى «قىزىلتاغ چىراغلىرى» دا سۇ ئامبىرى ياساپ، كەلكۈن سۇلىرىنى تىزگىنلەپ، يېزا ئىگىلىكىدە پايدىلىنىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا، «سۈزۈك ئاسمان» دا تەكلىماكان قىرغاقلىرىدا سۇ ئامبىرى ياساش ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇش، تەكلىماكاننى تېخىمۇ قۇرغاقلاشتۇرۇش، يېزا ـ كەنتلەرنى قۇمغا يەم قىلىپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان، پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايدىغان، ئىلمىي بولمىغان تەدبىر دېگەن پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ مەسىلىگە بىزنىڭ ئوبزورچىلىرىمىز دىققەت قىلدىمۇ ـ يوق بىلمەيمەن، لېكىن «سۈزۈك ئاسمان» نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا خەت يېزىپ، بۇ جىددىي مەسىلىگە دىققەت قىلغانلىقىنى، ھەتتا رومانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىدىن چۆچۈش ھېس قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. مەن ئىشىنىمەنكى، رومانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ مەسىلە كەلگۈسىدە كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ تەكلىماكان قىرغاقلىرىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ جىددىي دىققەت ئېتىبارىغا ئىگە بولىدۇ.

سوئال: سىزچە، رومان ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم، ھالقىلىق، قىيىن نۇقتىلىرى قايسىلار؟ سىز ئۇلارنى ئىجادىيەت جەريانىدا قانداق بىر تەرەپ قىلىسىز؟

جاۋاب: رومان ئىجادىيىتىدە، مېنىڭچە، مۇھىمى تېما مەسىلىسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە جانلىق تۇرمۇش ۋە تۇرمۇش ئادىمىنىڭ تىپىنى يارىتىش مەسىلىسى. ھاياتىي قىممىتى بار، خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن ئالاقىدار تېمىلارنى يورۇتۇپ بېرىشنى ياقتۇرىمەن. باش قەھرىماننى ئىسلاھلاشتۇرۇشنى ياقتۇرمايمەن. ئۇ باشقا پېرسوناژلاردىن ئادەم سۈپىتىدە ئازراقلا پەرقلىنىدۇ، يۈكسەكرەك بولىدۇ، ئۇلار بىلەن يىلتىزداش بولىدۇ. باش قەھرىماننىڭ پائالىيىتىنى رېئال ھايات بىلەن ۋە ئۆزىنىڭ تەقدىرداشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

بەدىئىي ئەسەر ئىكەن، تۇرمۇش ئەلۋەتتە، تىپىكلەشتۈرۈلىدۇ، لېكىن بەدىئىي چىنلىق كىشىلەر ئىشىنىدىغان بولۇشى كېرەك. تۇرمۇشنى مۇشۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرسەكلا بولىدى. بەدىئىي چىنلىق يىلتىزى، ئاساسى بار، شۇ ماكان، شۇ زامان بىلەن تومۇرداش چىنلىق بولۇشى لازىم. كىشىلەر ئىشەنگەن ھەرقانداق توقۇلما تىپىكلەشتۈرۈلگەن، غايىۋىلاشتۇرۇلغان تۇرمۇشقا ھېساب. ئۇنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. كىشىلەرنى ئىشەندۈرەلمەيدىغان توقۇلما بەدىئىي ئەسەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بولىدۇ. مەن يازغان رومانلار، پوۋېستلاردا ئەقىلگە سىغمايدىغان پېرسوناژلار يوق دەپ قارايمەن.

كىشىلەرنىڭ گۈزەل ھېسسىياتى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى گۈزەل تىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە مەن ئاجىزراق. تولستوينىڭ «ئاننا كارېنىنا» نى بىرقانچە ئون قېتىم ئۆز-

گەرتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن بولسام، بىرلا يېزىپ، ئىككىنچى قېتىم ئۆزگەرتىپ، ئۈچىنچى قېتىم مەتبۇئاتقا بېرىمەن. بۇ ياخشى ئەمەس.

رومان ئىجادىيىتىدە تۇرمۇشنىڭ بىۋاسىتە تەسىراتى، بىۋاسىتە ئۈندۈرمىسى ناھايىتى مۇھىم. گەپ ئۇنى كۆرۈشتە، كىچىك ھادىسىدىن چوڭ ماھىيەتنى بايقاشتا. مەن ئادەتتە بىۋاسىتە تەسىرات بولمىسا، ئەسەر يازمايمەن. بەزىدە ئۇششاق نەرسىلەر زور ئەسەرلەرگە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مېنىڭ نېفىتچىلار ھەققىدە يېزىلغان «بوغدا ئاتا»، «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى»، «ئاسماندىكى ھېكايە» قاتارلىق پوۋېستلىرىمدا يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ روشەن پروتوتىپلىرى بار. مەسىلەن، مەن 1984 - يىلى تۇنجى قېتىم قاراماي كۆرگەزمىخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىنىمدا، كۆرگەزمە ئىشىكىنىڭ بىر چېتىگە يۆلەپ قويۇلغان غەلىتە بىر ھەيكەلگە كۆزۈم چۈشتى. ھەيكەل ناچار ئىشلەنگەن ۋە ئۇنىڭدا كىشى زوقلانغۇدەك ھېچبىر سەنئەتمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بوينى قىسىلغان يېتىمچىدەك بىر ئادەمنىڭ ئېشەك ئۈستىدە ئولتۇرۇپ راۋاب چېلىۋاتقان سىماسىنىڭ يارىتىلغانلىقى ئىدى. يېنىمدىكىلەردىن «بۇ كىم؟» دەپ سورىسام، ئۇلار «تارىخىنى ياخشى بىلمەيمىز، ئاڭلىشىمىزچە، قاراماينى تاپقان سېلىم بوۋا مۇشۇ بولسا كېرەك» دېيىشتى. بۇ گەپ مېنىڭ دىققىتىمنى تارتتى ھەمدە بۇ بوۋاينىڭ تارىخىنى بىلىدىغانلارنى ئىزدىدىم. بىر ئاي ئىچىدە نۇرغۇن پېشقەدەملەرنى، ئۇيغۇر، قازاق چارۋىچىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىنى ئىگىلەپ چىقتىم ۋە قاراماي نېفىتلىكىنى تېپىپ چىققان بۇ ئۇيغۇر بوۋاي توغرىسىدا ئوچېرك يېزىپ، «قاراماي ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلدۇردۇم. ئوچېرك ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن سېلىم بوۋا توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىدىغانلار كۆپەيدى. جەرەنبۇلاق، چېپەيزىلەرگە قايتا بېرىپ، يېڭى ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن سېلىم بوۋىغا بېغىشلانغان «بوغدا ئاتا» ناملىق پوۋېست دۇنياغا كەلدى. مېنىڭچە، «بوغدا ئاتا» پوۋېستىدىن ئىبارەت بۇ يازما ھەيكەل ئۇنىڭ ناچار ئىشلەنگەن سېمونت ھەيكىلىدىن كۆپ ياخشى چىقتى. قاراماينىڭ تۇنجى پېشىۋاسىمۇ تارىخ سەھنىسىگە چىقتى.

«ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى» سەپەر ئۈستىدىلا دۇنياغا كەلگەن. قارامايدىن جەرەنبۇلاققا بارغىنىمدا، يول ئۈستىدە، گەپخۇمار بىر شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر زىيالىينىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىسىگە قىزىقىپ قالدىم. كېيىن بۇ زىيالىينى — ھازىر قاراماي نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىنژېنېر نىياز ئابدۇللانى تاپتىم. نىيازغا ئوخشاش يەنە باشقا ئىنژېنېرلار بىلەنمۇ سۆزلەشتىم. ئۇلار مېنى كۆپلىگەن قىزىقارلىق ماتېرىياللار — تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى بىلەن تەمىنلىدى. ئاندىن نېفىتچىلار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرىنى ئۆگەندىم. «ئىنژېنېر ئەلىنىڭ ھېكايىسى» ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلگەن. ئەلۋەتتە، سانائەت تېمىسىدا ئەسەر يېزىش، نېفىتچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس. بۇمۇ مەن ئۈچۈن بىر ئىزدىنىش جەريانى بولدى.

مېنىڭچە، بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئىپادى-

لەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىنمۇ مۇھىم نەرسە بولمىسا كېرەك. مەن بۇ يەردە ئۆز
شائىرلىرىمىزدىن بىرىنىڭ: «شېئىرىيەت يۈكسەك سەنئەت، هايات شېئىرىيەت دېمەكتۇر.
جەمئىيەت، تەبىئەت، ئىنسان قەلبى شېئىر بىلەن تولغان. پەقەت ئۇنى كۆرەلەيدىغان
ئۆتكۈر كۆز، هېس قىلالايدىغان قەلب، ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان پاراسەت ۋە ئۇنى سۆ-
يۈشنى بىلىدىغان مۇھەببەتلىك هېسسىيات بولغاندىلا، تەبىئەت، جەمئىيەتتىكى هەربىر
شەيئى، هەربىر هەرىكەت، هەربىر رەڭ، هەربىر ئۈن شائىرنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرىغا ئاي-
لىنالايدۇ» دېگەن مەنىلىك سۆزىنى ئەسلەيمەن. شۇنىڭغا ئوخشاش يىرىك پروزا ئەسىرىمۇ
تۇرلۇك ـ تۈمەن ئەهمىيەتلىك تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىدىن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىدۇ.
مۇنداق تەپسىلاتلارنىڭ بەزىلىرى كىشىنى هاياجانغا سالىدىغان ئالاهىدە مەنىگە ئىگە بولۇپ-
مۇ قالىدۇ. شۇڭا تۇرمۇشقا نىسبەتەن «كۆز»، «قەلب»، «پاراسەت» ۋە «مۇھەببەت» نىڭ
رولى مۆلچەرلىگۈسىز زۆرۈرىيەت بولىدۇ.

سوئال: سىز ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قاچاندىن باشلاپ كىرىشتىڭىز؟

جاۋاب: بىر چاغلاردا بەزى دوستلىرىم ماڭا «سەن مۇھەببەت تېمىسىدا نېمىشقا
ئەسەر يېزىشنى خالىمايسەن؟» دېگەندە، مەن ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ، «يازغانلىرىم ئەهمى-
يەتسىز بولسا بولسۇنكى، ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدىكى ماجىرانىڭ كاتىپى بولۇشنى خالىمايمەن»
دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇلار كۈلۈشكەن ئىدى. مېنىڭ بۇ گېپىمدە مەلۇم سەۋەبمۇ بار
ئىدى. مەن يەركەندە 17 يىل تۇردۇم. تەخمىنەن 13 يىل يېزا ـ كەنتلەردە بولدۇم،
160 قا يېقىن يېزا، كەنت، مەهەللىنى ئارىلىدىم. مەن دېهقان ياشلىرىغا خاس مۇھەببەت
دېتاللىرىغا قىزىققان ئىدىم، لېكىن كۆرگىنىم، ئاڭلىغىنىم، كۆپىنچە، «تويدىن كېيىنكى
مۇھەببەت» بولدى، يەنى شۇكەمدىكى يېزا ياشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ
ياردىمىدە ئۆزى سىرداش بولمىغان قىزلار بىلەن تويلىشاتتى. دەسلەپ ياتسىرىشىپ، كې-
يىن بىر ـ ئىككى باللىق بولغاندىن كېيىن، ئورتاق ئەمگەك، ئورتاق تۇرمۇش، ئورتاق
تەقدىر ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئىچىكىشىپ، بىر ـ بىرىگە مۇ-
ھەببەت قويۇپ، ئايرىلماس قەدىناسلاردىن بولۇپ قېلىشاتتى. مۇنداقلار بەكمۇ كۆپ
ئىدى. مېنىڭ ئەدەبىياتقا كىرىشىپ قېلىشىمنى، سەمىمىيلىك بىلەن ئېيتقاندا، «تويدىن
كېيىنكى مۇھەببەت» كە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، كىچىكىمدىنلا ئەدەبىياتنى قىزغىن
سۆيەتتىم، بەدىئىي ئەسەرلەرنى قانماي ئوقۇيتتىم. بىراق بۇنى يازغۇچى بولۇشقا هەۋەس
قىلغانلىق دېگىلى بولامدۇ؟ كىتاب ئوقۇش ــ گۈزەللىكتىن، بەدىئىي ئەدەبىياتتىن ئېستې-
تىك زوق ئېلىشنى خالايدىغان هەربىر كىشىنىڭ، بولۇپمۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئەقەللىي
ئىشى. مېنىڭ ئەدەبىيات سېپىگە كىرىشىمگە كېيىنكى خىزمەت ئېهتىياجى بىۋاستە تۈرت-
كە بولدى. مەن 1954 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى
پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى» گە تەقسىم قىلىندىم. ئاددىي خەۋەرچىلىك مېنى قانائەت-
لەندۈرەلمەيتتى. 1955 ـ يىلدىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى سۈپى-
تىدە نەسىر، فېلىيەتون، ئوچېرىكلارنى يېزىپ ئېلان قىلدىم. مېنىڭ «ماي ئەتىكىنى»
ناملىق تۇنجى ئوچېرىكىم «شىنجاڭ گېزىتى» دە 1955 ـ يىلى 1 ـ مايدا ئېلان قىلىن-

غاندى، لېكىن مېنىڭ ھەقىقىي ئەدەبىي ھاياتىم 1956 - يىلى باشلاندى، يەنى شۇ يىلى مېنىڭ تۇنجى ھېكايەم «ئوراز بوۋا» «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغاندىن كېيىن، خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، «يەنخې» ژۇرنىلىغا بېسىلدى. بۇ ھېكايىگە ئەدەبىيات پېشىۋاسى ماۋدۇننىڭ كۆزى چۈشۈپ، بىر پارچە ماقالىسىدا ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى. ماۋدۇننىڭ بۇ ماقالىسى مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قىزغىنلىقىم ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى.

سوئال: سىز ئۆتكەندە ماڭا مېنى ئەدەبىيات سېپىگە سۆرەپ كىرگەن مۇھىم بىر ئامىل — ئانامنىڭ تەسىرى دېگەن ئىدىڭىز. مۇشۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى ئاتا - ئانا ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئاتا - ئانا يازغۇچى قەلبىدىمۇ ئىنتايىن چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرىدۇ. سىزنىڭ ئانىڭىز ھەققىدە ئېيتقان گېپىڭىز ماڭا قەلبىڭىزدىكى ئاشۇنداق ئىزلاردىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

جاۋاب: توغرا ئېيتتىڭىز. بۇ ھەقتە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېرەي. مەن 1937 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قەشقەر شەھىرى شامچى كوچىسىدىكى بىر ئوقۇمۇشلۇق كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇم. ئاتا - ئانام نامراتراق بولسىمۇ، مەرىپەتپەرۋەر، يېڭىلىقنى سۆيىدىغان، پاك، دىيانەتلىك، ئاددىي - ساددا، تىرىشچان، ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ ياشايدىغان كىشىلەر ئىدى. ئانام ناھايىتى نۇرغۇن رىۋايەتلەرنى، ھېكايە - چۆچەكلەرنى، ماقال - تەمسىللەرنى پۇختا بىلىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، قولۇم - قوشنىلىرىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ھەمدەممە بولۇپ، ئىناق ئۆتىدىغان پەزىلەتلىك ئايال ئىدى. مەن ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققىچە ئانام ماڭا يۈزلىگەن ھېكايە - چۆچەكلەرنى، مىڭلىغان ماقال - تەمسىللەرنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئۇلار مېڭەمگە خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك سىڭىشىپ قالغاچقا، كېيىنكى چاغلاردا بەك ئەسقاتتى. مەن «كۆرەشچان يىللار» دا ئىشلەتكەن 400 دەك ماقال - تەمسىلنىڭ 300 دىن ئارتۇقراقىنى ئانام ئېيتىپ بەرگەن دېسەممۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايمەن. مەن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىكى بۇ خىل ئىزلارنى «تاڭ ئالدىدىكى شەپەق» ناملىق ئوچېركىمدا ئەكس ئەتتۈردۈم.

سوئال: سىز شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپسىز. ئۇنداق بولسا، ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۆگەندىڭىزمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق، مەن ئەدەبىياتنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى مەكتەپتە ئەمەس، بەلكى كىتابتىن ئۆگەندىم دېسەممۇ بولىدۇ. كىتاب ئوقۇش ئوڭاي بولسىمۇ، تەپەككۇر قىلىپ ئىزدىنىش قىيىن. ئەمما بۇ ئىككىسىدىن بىرى كەم بولسا ئەدەبىياتتا ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مەن ئەدەبىياتنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى بىلىمنى كىتابتىن ئالدىم، ئۇنى ئۆز يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىمدە سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ مۇستەھكەملىدىم.

سوئال: سىزچە، سەنئەتنىڭ ۋە ھاياتنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ سىز چىنلىقنى، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مېنىڭچە، سەنئەتنىڭ ماھىيىتى قوۋۋەتلەش ياكى ئىنكار قىلىش كۆرسىتىدىن ئىبارەت. ھاياتنىڭ ئۆزى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىلغارلىق بىلەن قالاقلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئالاھىدە مۇھىت. يورۇقلۇق، بەخت، ياخشىلىققا ئىنتىلىش تۇرمۇشنىڭ توپ ئېقىمى. تۇرمۇش چىنلىقىنى بەدىئىي چىنلىققا كۆتۈرۈش ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ، كەڭرەك مەنىدىن ئېيتقاندا، سەنئەتنىڭ جېنى. چىنلىق يادرو. مەن ئەزەلدىن رېئاللىقنى ئىپادىلەشكە، خەلق نېمە بىلەن ھەپىلەشسە شۇنى يېزىشقا، ئۆزۈم ياشاۋاتقان دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە قىزىقىپ كەلدىم. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، يازغانلىرىمنىڭ ئۆزۈم مەنسۇپ بولغان مىللەت تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسىم كارتىنىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. شۇڭا ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ كىتابخانلىرى بار ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلمايمەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرغىچە نەشىردىن چىققان ئون پارچە كىتابىم ئۆز رېتى بويىچە كىرىشتۈرۈلۈپ تەتقىق قىلىنسا، ئۇنىڭدىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 1947 - يىلدىن ھازىرغىچە بولغان تىرىكچىلىكىنىڭ بىر قىسىم كارتىنىسىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

سوئال: سىز ھازىر ئۆزىڭىزنىڭ قايسى ئەسەرلىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىسىز؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئەسەرلەرنى يازماقچىسىز؟

جاۋاب: مەن ھازىر «جۇڭغارىيە يۇلتۇزلىرى» ناملىق ئۈچ توملۇق يىرىك رومانىم ئۈستىدە ئىشلەۋاتىمەن. ئۇنىڭدا شىنجاڭ نېفىتچىلىرىنىڭ 1936 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە بولغان 20 نەچچە يىللىق تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ رومانىنىڭ ئالدىنقى ئىككى تومى پۈتتى. ھازىر ئۈچىنچى تومىنى قولغا ئالدىم.

ھازىرقى زامان نېفىتچىلىكى شىنجاڭ تارىخىدىكى زور يېڭى ۋەقە. شىنجاڭدا ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرى نېفىت ساھەسىگە بىرقەدەر مەركەزلەشكەن. شىنجاڭ نېفىتچىلىكى قارامايىنى ئېچىشنى مەركەز قىلغان. ئۇ يەردە بىر ئەۋلاد ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى يېتىشىپ چىققان.

ئون يىل تۇرمۇش ئۆگىنىش «جۇڭغارىيە يۇلتۇزلىرى» نى يېزىشىمنىڭ تەييارلىق باسقۇچى بولدى. مەن بۇ رومانىنىڭ 1 - تومىنى 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە نەشرىياتقا تاپشۇرىمەن، قالغان توملىرىنى 1993 - يىلغىچە تاپشۇرۇپ بولىمەن دېگەن ئويدا بولۇۋاتىمەن.

سوئال: قەييۇم ئاكا، سىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا رەئىس بولۇپ سايلاندىڭىز. شۇنىڭ بىلەن زىممىڭىزدىكى يۈك ھەم مەسئۇلىيەت تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. سىز بىرلەشمە بىلەن شۆبە جەمئىيەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىنى قانداق قانات يايدۇرىشىمىز كېرەك دەپ قارايسىز؟

جاۋاب: ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى كەسپىي ۋە ئاممىۋى تەشكىلات. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىجادىيەت كۈچلىرىنى تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، تالانت ئى-

گىلىرنى بايقاش ۋە ئۇلارغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت-نىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت، لېكىن بىز ئۆتكەندە، بەزىدە مەمۇرىي ئىشلار بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىپ كەتتۇق. 1990 - يىلىدىن باشلاپ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىجادىيەتكە قاراتتۇق. ئىجادىيەتنى تۇتمىساق، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بولمايدۇ.

سوئال: ھازىر بەزى يولداشلار مەنىۋى ئەخلەتلەرنى تازىلاش جەريانىدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىگە، بولۇپمۇ بەدىئىي سۈپىتىگە سەل قاراش خاھىشى قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىدۇ. سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز.

جاۋاب: پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنى ئۆزگەرمەيدۇ. ئىجادكارلار تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئىجادىيەت ئەركىنلىكىدىن، سەنئەت دېموكراتىيىسىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئىجادىيەتنى بوغۇپ قويمايدۇ، بەلكى ئۇنى، تېخىمۇ يۈكسەلدۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدا تەۋرەنمەسلىك لازىم. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەرقانداق يازغۇچى ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇش تۇپرىقىدىن ئايرىلمىسىلا، خەلق مەنپەئىتىگە زىت يولدا ماڭمىسىلا، ھېچقانداق كۈچ ئۇنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش يولىنى توسۇپ قالال-مايدۇ.

سوئال: سىز ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدىن ئۈمىد ناھايىتى زور. يېقىنقى ئون يىل ئىچىدە بىزدە 30 غا يېقىن رومان، 100 دىن ئارتۇق پوۋېست، 100 دىن ئارتۇق ھېكايە توپلىمى نەشر قىلىندى. بۇ كىشىنى رازى قىلىدىغان كارامەت بوۋسۇش. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنىڭ ماكانىلا ئەمەس، ئەدەبىياتنىڭمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ماكانى. مېنىڭ بىلىشىمچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ماخمۇت قەشقەرىدىن تارتىپ نىمشېھىت ئارمىيە دامول-لامغىچە ھېسابلىساق، يېقىنقى 1000 يىل مابەينىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 160 دىن ئار-تۇق نامايەندە مەيدانغا كەلدى ۋە ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ بىز-نىڭ ياخشى، مول تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز. مۇشۇ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلەنگەن ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ ئۇزاقتا قالماي مەي-دانغا كېلىدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايمەن. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يارىتىپ بەرگەن كەڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت باھارىدىن ئىلھاملىنىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تۇردى سامساق، ئابدۇللا تالىپ، خېۋىر تۆمۈر، سېيىت زۇنۇن قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىز يېڭىباشتىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان يىرىك رومانلارنى يېزىپ، مول مېۋە بەرمەكتە. زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى، ئابدۇراخمان قاھار، ئابلا ئەخمىدى، مالىك كېۋىر، قاھار جېلىل، توختى

ئايۇپ، مۇھەممەت باغراش، ئابدۇللا ساۋۇت، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئالىمجان ئىسمايىل، ئايشەم ئەخمىدى، تۇرسۇنئاي يۇنۇس قاتارلىق زور بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي كۈچىنى ئالاھىدە نامايان قىلىپ، جامائەتكە ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇلاردىن باشقا بىزدە يەنە ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 400 دەك ئاپتور بار. بۇ بىخلار بىر دەريا بولۇپ ئېقىپ، ئۇزۇلمەي ئۆركەشلەيدىغانلا بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىسلىسىز گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرىدۇ.

سوئال: سىزنىڭچە، ھازىر پروزىچىلىقىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق نۇقسانلار قايسىلار؟

جاۋاب: ئومۇمىي سەۋىيىدىن قارىغاندا، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى تۆۋەنرەك. بىرسى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي بىلىم قۇرۇلمىسى ئاجىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېلىمىزدىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىن ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن ئۇچۇرلارنى ئېلىشىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېسىل ئىجادىيەت جەۋھەرلىرىنى، مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشىمىز يېتەرلىك ئەمەس. مېنىڭچە، بۇ، دۇنيادىكى خىلمۇخىل ئەدەبىي ئېقىملارنى چۈشىنىشنى جۈملىدىن چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئامىللىرىنى، يەنى تىل سەنئىتى، شەكىل قۇرۇلمىسى، ئىپادىلەش ماھارىتى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى كۈچەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىي ئىنكارچىلىققا ھەدېسىلا چەتكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش لازىم.

ئىككىنچىدىن، مېنىڭچە، يازغۇچىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىۋى قورالى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچتىن ئىبارەت. ئۆزىگە ئىشەنمەي، ئۇياق - بۇياققا قاتىرىسا، باشقىلار بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرسا، ئاتاق - ئابروي تالاشسا، بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىدە پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مېنىڭچە، ھەرقانداق يازغۇچى ئۆزىنى ئۆزىگە، ئىجادىيەتتىكى ئىلگىرىلەشكە سېلىشتۇرسا، ئالدىدا كەتكەنلەرگە سېلىشتۇرسا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنۇملۇك يول يوق. بىزدە بۇرۇنقى ئەسەرلىرىنى يېڭى ئەسەرلىرىگە، ئالدىدا كەتكەنلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ سانى ئاز، لېكىن تەسىرى ياخشى ئەمەس.

ئۈچىنچىدىن، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا قېرىنداش، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق يېتىشمەسلىك ئەھۋالى مەۋجۇت، بىر - بىرىمىزدىن ئۆگىنىش كەمچىل، ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزدىن ئورتاق خۇشال بولۇشىمىز، مەغلۇبىيىتىمىزدىن ئورتاق ئېچىنىشىمىز لازىم ئىدى، لېكىن بىزدە پىتنە - پاسات تېرىيدىغان، ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان، بىر - بىرىنى ياراتمايدىغان، ئۆزئارا دۈشمەنلىشىدىغان، باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىدىن شادلىنىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇ، ئومۇمىي قوشۇنىمىزغا نىسبەتەن قىسمەنلىك بولسىمۇ، ئىنتايىن زىيانلىق، قېرىنداشلىق، دوستلۇق نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ، بەك چاكىنىلىق. تەسىرى ياخشى ئەمەس. بىزدە يەنە كىچىككىنە بىر نەرسە يازساق، باشقا مىللەتلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىللەتلەرمۇ بار. تارىخىي تۆھپىلىرىمىز زور بولسىمۇ، باي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەت بولساق

مۇ لېكىن پروزىچىلىقىمىزنىڭ هازىرقى ئەھۋالى زادى قانچىلىك؟ هازىرقى زامان پروزىچىلىقىمىزنى 30 - يىللاردىن باشلاندى دېسەك، ئۇنىڭ گۈللىنىش دەۋرى 70 - يىللاردىن كېيىن بولدى. نەتىجىلىرىمىز بولسىمۇ، باشقا مىللەتلەردىن خېلى كېيىن قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. شۇڭا باشقا مىللەتلەردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

سوئال: ئەدەبىي تەنقىدتىن نېمىلەرنى ئۈمىد قىلىسىز؟

جاۋاب: سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ تەنقىدچىلىك رولى توپ رېئاللىقنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئەكسىچە توپ رېئاللىقنى قوغدايدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، رېئاللىقنىڭ تۇمۇش ئورگانىزمىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدىغان قىسمىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇڭا رېئاللىق تەنقىدچىلىك روھى بىر خىل ئالغا ئىنتىلىش روھىدىن ئىبارەت. بىز «سىياسىي ئۆلچەم بىرىنچى، بەدىئىي ئۆلچەم ئىككىنچى» دەيدىغان قاتماللىقنى تەنقىد قىلدۇق. «سىياسىي ئۆلچەم بىلەن بەدىئىي ئۆلچەمگە تەڭ ئېتىبار بېرىش» بىزنىڭ شوئارىمىز. بۇ بىزنى ئەقەللىسى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ توغرا يۆنىلىشىدىن چەتنەشتىن، شۇنداقلا سىياسىي مەنپەئەتپەرەسلىكتىن، قۇرۇق شوئارۋازلىقتىن، دوگماتىزىمدىن، «سول» قېلىپتىن ساقلاپ قالىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي پائالىيەت، ئەجىرلىك ئەمگەك. ئەدەبىي ئوبزورچىلىقمۇ شۇنداق. ئەدەبىي ئوبزورچى — ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ تايانچىسى. ئوبزورچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، بىلىمى، تەربىيىلىنىشى، كۆز قارىشى، ھەتتا ئىپادىلەش ئۇسلۇبىمۇ بۇ ئىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. «تەنقىدچىلەرنىڭ بۇرچى زەھەرلىك ئوت - چۆپ، شۇمبۇيىلارنى قىرقىپ تاشلاشلا ئەمەس، بەلكى خۇشپۇراقلىق گۈللەرنى، خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ مايسىلىرىنىمۇ سۇغىرىشتىن ئىبارەت» (لۇشۈن). ئەدەبىي تەنقىد ئىجادىيەتنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ يېڭىلىقنىڭ شەكىللىرىنى ئېنىقلايدۇ. ئەدەبىي تەنقىد — ئەدەبىي جەرياننىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى. ئۇ باشقا ژانىرلاردىن ھېچقانداق تۆۋەن ئەمەس. «ھەقىقىي ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەپەككۇر قىلىش پائالىيەتلىرى ۋە تەھلىل قىلىشلىرى بولمىسا، بىزنىڭ كۆپچىلىكىمىز دەسلەپكى سەۋىيىمىزدىن ئۆرلىيەلمەي قالىمىز» (چىڭغىز ئايتماتوۋ).

ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى ئەھمىيىتىگە نىسبەتەن ھەممىمىز ئورتاق قاراشتا، لېكىن ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسىدە كونكرېت مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدە شۇكەمگىچە جامائەت ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ كەملىكى ئېچىنارلىق ئىش. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ. بەزى تەنقىدچىلەردە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى كەم، ئەمەلىيەت نۇقتىسىنەزەرى ئاجىز. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەزى يازغۇچىلىرىمىز بىلەن دۈشمەنلىشىۋالدى. بەزى ئوبزورچىلار نېمىشقا يازغۇچىلار بىلەن بىر يەردە دوستانە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشالمايدۇ؟ مۇنازىرىلىشەلمەيدۇ؟ بۇ قانداق ھادىسە؟

ئەسلىدە يازغۇچى بىلەن تەنقىدچى بىر - بىرىدىن ئايرىلالماسلىقى كېرەك ئىدى، لېكىن بىزدە نېمىشقا ئۇنداق ئەمەس؟

ئوبزورچىلارنىڭمۇ توغرا دۇنيا قاراش تىكلەش، سەنئەت هاياتىنى ئىنچىكە كۆزىتىش، ئاساسىي بىلىمنى ئاشۇرۇش، تۇرمۇش ئۆگىنىش ۋەزىپىسى بار. مەن بىلىمسىگەن تۇرمۇش يوق تۇرمۇش دېسەك قاملاشمايدۇ.

رۇس ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ، لۇشۈن دەۋرىدىمۇ، بالزاك، شېكسپىر دەۋرىدىمۇ يازغۇچىلار بىلەن تەنقىدچىلەر مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ بىللە ئالغا باسقان. توغرا، بەزى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە يا ئۇنداق، يا مۇنداق يېتەرسىزلىكلەر، ھەتتا خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنى قانداق پوزىتسىيە بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك؟ مېنىڭچە، مىللىي مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىر مىللەت ئۈچۈن قالتىس روھىي تۈۋرۈك. بۇ تۈۋرۈكنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قوغداش تۈيغۇسى بولغاندىلا، ئاندىن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى، بىرلىكتە ئالغا باسقىلى بولىدۇ. بەش - ئون بەتلىك ئەدەبىي ئوبزورلارنى يېزىشقا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئالدى بىلەن ئىقتىدارلىق يازغۇچىلارنى، مۇنەۋۋەر بەدىئىي ئەسەرلەرنى كۆپرەك مەدھىيىلىشىمىز، ئىلھاملاندۇرۇشىمىز لازىم. ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ رولى زور. تەنقىدلەشنىڭ يولى كۆپچۇ. ئاپتورلارغا خەت يېزىشقىمۇ بولىدىغۇ.

ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ھەر سانىدا 3 - 4 پارچە كىچىك ئوبزور ئېلان قىلىنسا، ناھايىتى ياخشى بولاتتى. ئېلان قىلىنغان يىرىك ئەسەرلەر ھەققىدە زادىلا گەپ قىلماسلىق توغرا ئەمەس.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يازغۇچىلارنىڭ ياكى بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قىزغىنلىق بىلەن كۆرسىتىش، كەمچىلىكىنىمۇ قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇش، پو دەپ كۆككە ئۇچۇرۇۋېتىدىغان ياكى بىراقلا تەكتى ئەسراغا چۆكۈرۈۋېتىدىغان ناچار ئىستىلدىن ساقلىنىش، قوللاش، ئىلگىرى سۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك دەپ قارايمەن. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق مۇشۇ ئاساستا چوڭقۇرلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىشى لازىم.

سوئال: قەييۇم ئاكا، بۈگۈن سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. خىزمەتلىرىڭىز شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، مەن بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشكەنلىكىڭىز ئۈچۈن رەھمەت!

جاۋاب: بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم. مەن بۈگۈنكى سۆھبەتتىن ناھايىتى خۇشال. بۇنىڭدىن كېيىن ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئۇچرىشىپ، ئەھۋاللىشىپ تۇرايلى. سۆھبەت ئارقىلىق ئۆز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغىلى، كۆپلىگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ. دېگەنلىرىمنىڭ كۆپچىلىكى شەخسىي قاراش، توغرا بولمىغانلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ.

ئابلىكىم ئوبۇلھەسەنھاجى

# بىر دەريا بار جىمجىت ئاققان يىل - يىللاپ

تەكلىماكان قۇملۇقىدا بىپايان،
بىر دەريا بار جىمجىت ئاققان يىل - يىللاپ.
قاشتا تارقاق يېزىلار بار پىنھان،
ياشار ئۇيغۇر دېھقانلىرى ماكانلاپ.

بۇ شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان «ياۋايىلار كەنتىگە سەپەر» ناملىق شېئىرىدىن پارچە.

بۇ شېئىرنىڭ سانىقىنى ھەقىقىي تۇردە چۈشىنىش ئۈچۈن، نوقۇل شېئىرىي مۇھاكىمىنى قويۇپ تۇرۇپ، گەپنى ئۇزۇندىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

1989 - يىلى 4 - ئايدا مەلۇم گېزىتكە مەلۇم بىر مۇخبىرنىڭ «دۇنيادىن قىلچە خەۋرى بولمىغان، ھېچقانداق ھۆكۈمەتنى بىلمەيدىغان يېرىم ياۋايىي ئىپتىدائىي ئادەملەر تېپىلدى...» دېگەن خەۋىرى بېسىلدى، بۇ خەۋەرنى خېلى نوپۇزلۇق گېزىتلەردىن «شىنمىن ۋەنباۋ» قاتارلىق ئون نەچچە گېزىت كۆچۈرۈپ باستى. بۇ خەۋەر ھەتتا چەت ئەللىكلەرنىمۇ جەلپ قىلدى.

خەۋەردە ئېيتىلغان بۇ جاينىڭ ئەسلى نامى دەريا بويى كەنتى بولۇپ، كىرىيە بازىرىدىن 300 كىلومېتر يىراقلىقتىكى ئىپتىدائىي توغراقلىق ئىچىگە جايلاشقان. ئۇ يەردە 864 نەپەر ئۇيغۇر ياشايدۇ، ئۇلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ كەنتتە قاتناش بەكلا قولايسىز بولغاچقا، ئۇچۇر كېچىكىپ بارىدۇ. بۇ كەنت ئۆز ۋاقتىدا قاچقۇن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە جۇڭگو ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ بېرىشى بولغان، ئۇ يەردە 1961 - يىلى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغان.

مەزكۇر كەنتنىڭ چارۋىچىلىرى دەريا بويىغا ماكانلىشىپ، چارۋىلارنى يايلىتىپ بېقىشنى ھەمدە ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكنى مەقسەت قىلىپ، تارقاق ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا يېقىن قوشنىلارنىڭ ئارىلىقى 30 كىلومېتر، يىراقلىرىنىڭ 50 كىلومېتر كېلىدۇ. بىر ئۆيلۈك بىر «يېزا» ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار تويىغا بىر ئاي بۇرۇن باغاق تارقىتىدۇ، ئۇلار-

نىڭ ئاساسىي ئوزۇقلۇقى قوقاس كۆمىچى، گۆش، قېتىق ۋە سۈتتىن ئىبارەت، ئاياللىرى كىرىيە ئاياللىرىغا ئوخشاپراق كىيىنىدۇ، ئەرلىرى يازدا ئاق رەختتىن كۆڭلەك، تامبال كىيىدۇ. بېشىغا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭكىدەك رەختتىن تىكىلگەن مالخاي كىيىدۇ. پۇتىغا موس چورۇق تارتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنداق چورۇقنى تارتقاندا پۇتقا قۇم كىرمەيدۇ، سۇدا كۆپۈۋالمايدۇ، ئاپتاپتا قېتىۋالمايدۇ، ئادەملىرى خۇش پېئىل، كۆكسى - قارنى كەڭ، مېھماندوست كېلىدۇ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ. ئۇلار قىش، ياز، كەڭ، ئازادە ساتمىدا ئولتۇرىدۇ، قىش كۈنلىرى گۈلخان ياقىدۇ.

دەريا بويى كەنتىدە 40 يىلدىن بۇيان قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق ئەنزىلىرى يۈز بەرگەن ئەمەس. بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرى 1984 - يىلى دۆلەتكە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6000 تۇياق قوي، 6400 كىلوگرام يۇڭ، 6000 كىلوگرام تىۋىت، 2000 دانە تېرە، 36 توننا دورا ئۆسۈملۈكى سېتىپ بەرگەن، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، «ياۋايى ئادەملەر» دېگەن خەۋەردە يۇقىرىقى پاكىت بۇرمىلانغان.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرىدىكى خەۋەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، شېئىر ئاپتورى ھەم ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 3000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ، دەريا بويى كەنتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي ئەھۋال ئايان بولدى.

بۇ شېئىرنى ئوقۇپ، خوتەن دىيارىنىڭ ھۆل ئىسسىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان چۆللىرى، بوراندا كۆچۈپ، تىنچ تۇرغاندا كىشىگە ئۈنسىز ھېكايەت سۆزلەيدىغان قۇم بارخانلىرى، دەريانىڭ سېغىز توپىلىق لېۋىنى سۆيۈپ ئاقىدىغان ئەينەكتەك سۈزۈك سۇلىرى، باغ - ۋارانلار، ئەمگەكچان خەلق كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ روشەن گەۋدىلەندى.

بۇ شېئىرنىڭ كىشىگە بۇنداق گۈزەل، مەردانە، مۇھەببەتلىك تۇيغۇ بەخش ئېتىشى شېئىردىكى ھېسسىياتنىڭ چىن بولۇپ، خەلق روھى بىلەن جىپسىلىشىپ، جاپاغا چىداپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ جەمئىيەتكە بايلىق يارىتىۋاتقان كىشىلەرنى كۈيلىگەنلىكىدىندۇر. شېئىرىي مۇھىت ۋە شېئىرىي تۇيغۇنىڭ دەل تويۇنۇشى شېئىرىي تىلنىڭ راۋانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شېئىردا تۇتۇق ياكى چۈشىنىكسىز ئىبارىلەر يوق، شۇڭا بايان قىلىنىۋاتقان شېئىرىي ۋەقەلىكنىڭ قاراتمىلىقى «ياۋايىلىق» نىڭ ماھىيىتىنى روشەن ئېچىپ بەرگەن.

ئاتوم ۋە ئاتوم نەزەرىيىسى كونا گەپكە ئايلىنىپ، ئىنسانلار ئايغا قونۇپ ئالەم بوشلۇقىنى ئېچىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «مەدەنىيەتلىك» نىڭ كاستيۇم - شىم كىيىش ۋە بىرەر ھۆكۈمەتنى تونۇش بىلەنلا ئۆلچىنىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرماي قويمايدۇ.

يەر شارى كېرەككە كەلمەي، ئىنسانلار باشقا پلانېتىغا كۆچۈپ كەتكەن ھالەتتىمۇ يەنىلا ئوزۇقلۇق زۆرۈرىيىتى تۇپەيلىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دېھقانچىلىق، كۆكتاتچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ھالدا بايلىق يارىتىۋاتقان بۇ كىشىلەرنى نېمە دېيىش كېرەك؟

گەرچە شېئىر ئاپتورى «مەدەنىيلىك»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى توغرىدىن - توغرا ئېچىپ بەرمىگەن بولسىمۇ، ھالال ئەمگەك قىلىپ خەلققە تۆھپە قوشۇشنىڭ ئۆزى مەدەنىيلىك كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ، دەپ تونىغان، زامانىۋى تۈس بىلەن مەدەنىيلىكنىڭ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئىككى خىل ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇنىڭ توغرىلىقىنى كىتابخانىلار ئاسان چۈشىنىۋالالايدۇ.

ئالار ئىكەن خىش ــ كاھىشنىڭ ئورنىنى،
يۇلغۇن شېخى ئۆي سالغاندا قوم ئارا.
زامانىۋى تۈس يوق، لېكىن مەدەنىي،
ئېسىل ئۆرپ - ئادەت قىلار مەھلىيا.

مەزكۇر مىسرالاردىكى شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ بۇ دەرىجىدە يىغىنچاق بولۇشى شېئىر خاتىمىسىگە ھۆسن قوشۇش بىلەن بىللە مەركىزىي ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزگەن.

ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ. ھەر كىمنىڭ ئۆزىنىلا ھەقىقىي شائىر ھېسابلىغۇسى كېلىدۇ. مېنىڭچە، خەلق تەقەززا بولىۋاتقانىنى دادىل ئىپادىلەش شائىرلىقىنىڭ مىزانى. بۇلۇتنى، ئاسماننى، گۈزەللەرنى كۈيلىمەك ئاسان ھەم ئۇنىڭ ئاراملىق مۇھىتى قويۇق بولىدۇ، خەلقنى مۇھەببەت بىلەن دادىل كۈيلەشكە بولسا، شائىرانە جاسارەت لازىم.

بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شېئىرىنى ئىسلاھات دەۋرىدىكى شېئىرىيەت بېغىمىزدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك ئېسىل گۈل دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

دىك زىرىن

# ئۇ، ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ياشايدۇ

— بىر خەنزۇ كىتابخاننىڭ قەلبىدىكى زۇنۇن قادىرى

زۇنۇن قادىر ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھېكايىلىرى،
دراممىلىرى ئۇ بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلغان ئۇيغۇر كىتابخانلىرى (تاماشىبىنلىرى) قەل -
بىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان خەنزۇ كىتابخانـ
لىرى قەلبىدىمۇ ئۇزاققىچە ساقلىنىدۇ. مەن مانا شۇنداق بىر خەنزۇ كىتابخان.

مەن زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايىلىرى بىلەن 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تونۇشقا-
نىدىم. ئۇ مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى.
كۆپ نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان ۋە بۇگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلى-
غانلىقىم ئۈچۈن «يەنئەن دەرياسى»، «خەلق ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردىن شىنـ -
جاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تۇنجى رەت خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ھېكايە
ۋە دراممىلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشتىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە زۇنۇن قادىرنىڭ «چېنىقىش»
ھېكايىسى بىلەن «غۇنچەم» دراممىسى بار ئىدى. ئارىدىن 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ
كەتتى، ئەمما دەسلەپ «چېنىقىش»نى ئوقۇغان چېغىمدا ھېكايىدىكى قويۇق يومۇرىستىك
پۇراقنىڭ تەسىرىدە چىن دىلىمدىن كۈلۈمسىرىگىنىم، ھېكايىدىكى باش قەھرىمان
مەتنىيازنىڭ ئۆجمە پىش ئاغزىمغا چۈش دەپ چېقىر ئۆجمە سايىسىدا ئۇخلاپ ياتقانلىقى
توغرىسىدىكى تەپسىلات ھېلىغىچە يادىمدا. مەتنىيازنىڭ خىلمۇ خىل قىلىقلىرى ئىختىيار-
سىزلا كىشىنىڭ ئېسىگە لۇشۇن ياراتقان ئۆلمەس تىپ «AQ» نى سالىدۇ. مەتنىيازنىڭ
ۋۇجۇدىدىكى بەزى «AQ چىلىق» ئۇيغۇرلارغىلا خاس ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ بىر يېڭى
دېھقان بولغانلىقى ئۈچۈنلا تېخىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن 1958 - يىلى مەن زۇنۇن قادىرنىڭ جۇڭگو يازغۇچىلار نەشرى-
ياتى نەشر قىلغان ھېكايىلار توپلىمى «چېنىقىش» ۋە جۇڭگو تىياتىر نەشرىياتى نەشر قىلغان
كىتابچە — «غۇنچەم»نى ئارقا - ئارقىدىن ئوقۇپ چىقتىم. يازغۇچىنىڭ ھېكايىلار توپلىمىغا
«چېنىقىش» ھېكايىسىدىن باشقا «ماغدۇر كەتكەندە»، «مۇئەللىمنىڭ خېتى» ۋە «شەپقەت
ھەمشىرىسى» قاتارلىق ئۈچ ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۈچ ھېكايىدا ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ھاياتى تەسۋىرلىنىدۇ. مەن ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ چوڭ ئائىـ
لىسىدىكى قېرىنداش ئۇيغۇر مىللىتىنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىش ئىستىكىدە «ماغدۇر
كەتكەندە» قاتارلىق ئۈچ ھېكايە بىلەن «غۇنچەم»نى بىرگە تەتقىق قىلىپ ئوقۇدۇم. مانا
شۇ قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەن چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش يىللىرىدا ناتونۇش مىللەت

ئەمگەكچىلەرنىڭ كونا جەمئىيەتتە كۆرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىغا چۆكۈپ، كونا جەمئىيەتتىكى خەنزۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ھاياتى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرنى ئوقۇغان چاغدىكىگە ئوخشاشلا مۇڭغا پاتقانىدىم. باقى، غۇنچەم، نۇرۇم، روزى قاتارلىقلارنىڭ ئېچىنىشلىق كەچمىشى ۋە مەنىۋى ئازابلىرىغا يۈرىكىم سىقىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھۆرلۈك ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلىرىگە ئىزگۈ تىلەك بىلدۈرگەنىدىم. ھەتتا مەن بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتىمنى خەنزۇلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «جاھاندىكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا» دېگەن بۇ تەمسىلگە يىغىنچاقلىغانىدىم. ئەلۋەتتە تەسىراتىم بۇلا ئەمەس ئىدى. مەن زۇنۇن قادىرنىڭ بۇ ھېكايە، درامىلىرىدىن ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا نەشر قىلىنغان «ل. مۇتەللىپ شېئىرلىرىدىن تاللانما»دىن بىر مىللەتنى، شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىنى تونۇشقا باشلىدىم.

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈشنىڭ ئالدىدا يەنە «ئەدەبىي تەقرىز» ژۇرنىلىدىن يولداش چېن بەيجۈڭ بىلەن چېن جۇنۋۇ بىرلىشىپ يازغان «زۇنۇن قادىرنىڭ دراما ۋە ھېكايە ئىجادىيىتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىنى ئوقۇدۇم. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئېلان قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان چوڭ ھەجىمدىكى بىرلەچچە پارچە ماقالىنىڭ بىرى ئىدى. مەن بۇ ماقالىدىن زۇنۇن قادىرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە بولغان تونۇشۇمنىڭ تېخى يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ 1956 - يىلى مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك دراما كۆرىكىدە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «توي» درامىسىدىن خەۋەرسىز قالغانلىقىمنى بىلدىم. ماقالىدا: «چېنىقىش» بىلەن «توي» زۇنۇن قادىرنىڭ يېڭى بىر ئىجادىيەت دەۋرىگە كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ھەمدە ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بېغىدا ئەڭ دەسلەپ بەرگەن مېۋىسى...» دېيىلگەنىدى. مەن «توي»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئىزدەپ تېپىپ ئوقۇغىچە بېيجىڭدىن كېتىپ قالدىم.

مەن 1960 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا كەلدىم.

ئەسلىدە ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەت قىلىشىم زۇنۇن قادىرنى چۈشىنىشىم ئۈچۈن بىرقەدەر پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، مەن «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن زۇنۇن قادىرنىڭ «رودىپاي» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي تارىخنىڭ بوران - چاپقۇنى ۋە ھاياتنىڭ ئەگرى - توقايلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن «غايىپ بولدى». يازغۇچى «رودىپاي»نى 1947 - يىلى يازغانىدى. مەن بۇ سېھرىي تۈستىكى ھېكايىدىن زۇنۇن قادىرى ھېكايىلىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى تونۇپ يەتكەندەك بولدۇم. يالماۋۇز رودىپاينىڭ ھېكايىسى يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۇيغۇر خەلق رىۋايىتىدىن بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ھېكايىنىڭ سىمۋولىستىك كۈچى ئۆتكۈر ۋە تېرەن، ئۇنىڭ بىمەنە ھەم سېھرىي تۈسى ئادەتتىكى بايانلارغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. ھالبۇكى «جاھاندا تۇنجى بولۇپ رودىپاينى ئۆلتۈرگەن» ئەزىمەت سەنۇبەر ۋە يالماۋۇزنىڭ كۈشەندىسى — قىزىل لاچىن يازغۇچىنىڭ غايىسى ئىدى. ھەتتا مەن ئۈچ - تۆت مىڭ خەت كەلگۈدەك بۇ ھېكايىنى خۇشاللىق

بىلەن ئەينى ۋاقىتتا تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان «ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش»نىڭ ئىسپاتى قىلىنغاندىم. يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەملىكىتىمىز ئەدەبىياتى يېڭى ئېقىمىدا «سېھرىي رېئالىزم»لىق ھېكايىلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەر قېتىم بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە گەپ بولغىنىدا ئىختىيارسىزلا زۇنۇن قادىرنىڭ «رودىپاي» ھېكايىسى ئېسىمگە كېلىدۇ. ھەتتا مەندە مۇنداق ئويمۇ بار: مۇبادا بىرەر-كىم مەملىكىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى سېھرىي رېئالىزملىق پىروزىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلماقچى بولسا، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئېلان قىلىنغان «رودىپاي»نى بىرىنچى ئەۋلاد ئەسەرلەر قاتارىغا كىرگۈزسە بولىدۇ.

بىراق ئۇ چاغلاردا بىز زۇنۇن قادىرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا مۇھاكىمە قىلالمايتتۇق. ئازراق ۋاقىت ئۆتتۈپ ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىي تەقرىزچى بولغان مەن ئۆزۈم ھەققىدىمۇ گەپ قىلالمىغان يەردە زۇنۇن قادىرى ھەققىدە گەپ ئېچىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

شۇنداق، «تارىخنىڭ يولى نىۋا كوچىسىنىڭ پىيادىلەر يولى ئەمەس» چېرنىشېۋسكىنىڭ بۇ سۆزى قالتىس جايىدا ئېيتىلغان. بىز ھەممىمىز پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىغا تەشەككۈر ئېيتىمىز. شۇندىن كېيىنلا بىز ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن زۇنۇن قادىرنى تىلغا ئالالايدىغان بولدۇق. 1980 - يىلى جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كۈنمىڭدىكى يىللىق يىغىنىدا بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان جۇڭگو يېڭى دەۋر ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى دەرسىنىڭ ئوقۇتۇش تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن «يېڭى دەۋر ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرى ھەققىدە لېكسىيە» يېزىپ چىقىشنى قارار قىلدى. تەلىپىمگە مەن بۇ كىتابنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىرىنىڭ بىرىگە كۆرستىلدىم. پۈتۈن كىتابنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى بويىچە شىنجاڭدىن ئون ئەتراپىدا يازغۇچىنىڭ ئەسىرى بۇنىڭغا تاللاپ كىرگۈزۈلەتتى. مەن تەبىئىي ھالدا ئالدى بىلەن زۇنۇن قادىرنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىنى ئويلىدىم ھەم بۇ ھېكايە ھەققىدىكى تەھلىلىي ماقالىنى يېزىشقا يولداش چېن بەيجۇڭ بىلەن خۇجيەننى تەكلىپ قىلدىم.

كېيىنچە مەن «جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى» ۋە «جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت ئەدەبىيات تارىخىي خاراكتېرىدىكى ئىككى پارچە مەخسۇس ئەسەرنى يېزىش خىزمىتىگە قاتنىشىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بىرىنچى كىتابنىڭ 6 - بابى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىسمى ئىدى. «زۇنۇن قادىرنىڭ دراما ۋە ھېكايە ئىجادىيىتى» دېگەن پاراگرافنى يېزىش مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن مەن «غۇنچەم»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ھەم زۇنۇن قادىرى ھەققىدىكى خەنزۇچە ماتېرىياللارنى تېپىپ، قايتىدىن ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇ مۇنەۋۋەر دراما ۋە ھېكايىلىرىنىڭ 30 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى ۋە 40-يىللاردىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئەينىكى ئىكەنلىكىنى، ئاشۇ تارىخىي مەزگىلدىكى خەلقنىڭ كۈرەشلىرىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا خاتىرىلىگەنلىكىنى چوڭقۇر

ھېس قىلدىم. «4 - ماي» دىن كېيىن تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ئۇيغۇر يېڭى ئەدەبىياتىدا
زۇنۇن قادىرى ئاساس سالغۇچى ۋەكىللەرنىڭ بىرى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ دراما ۋە ھېكايە ئىجا-
دىيىتى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا يول ئاچقۇچىلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە ۋە دراما ئىجادىيىتىنىڭ ئىلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى
تارىخىدىكى ئورنى توغرىسىدىكى باھا «زۇنۇن قادىرىنىڭ دراما ۋە ھېكايە ئىجادىيىتى
توغرىسىدا» ناملىق ماقالە بىلەن باشلىنىپ خېلى كۆپ تەقرىزچىلەر ئۇ توغرىلىق ماقالىلەر
يازدى. مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى يولداش ۋۇ جۇڭياڭ تۈزگەن «جۇڭگو يېڭى
دەۋر مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا ئومۇمىي نەزەر» ناملىق كىتابنىڭ «ھېكايە ئىجادىيىتى ھەق-
قىدە قىسقىچە بايان» دېگەن قىسمىدا «چېنىقىش» مۇھاكىمە قىلىندى، «دراما ۋە كىنو
ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن قىسمىدا يەنە «توي» مۇھاكىمە قىلىندى.
ھازىر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا ئوتتۇلۇۋاتقان «جۇڭگو يېڭى دەۋر
ئەدەبىياتى» دەرسلىكىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئۈستىدە توخ-
تالغاندا ئۇنىڭ «چېنىقىش» ھېكايىسىمۇ تىلغا ئېلىندى. جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى
ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنى تۈرلەرگە
ئايرىپ تەتقىق قىلىدىغان مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت-
لىرىنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابنىڭ (مەنمۇ بۇ كىتابنىڭ مۇئاۋىن باش
مۇھەررىرلىرىنىڭ بىرى) ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بابىدا زۇنۇن قادىرى ھەققىدە توختالغان مەخسۇس
بىر پاراگراف بار. بۇ پاراگرافتا زۇنۇن قادىرىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىجا-
دىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «چېنىقىش»، «توي»، «خاتىرىلەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىر-
قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئۇلارغا باھا بېرىلدى.

كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام يېقىنقى يىللاردىن بېرى پۈتۈن مەملىكەت كىتابخانىلى-
رىغا زۇنۇن قادىرىنىڭ ھېكايە - دراملىرىنى تونۇشتۇرۇش ئىشىنى قىلىۋاتقىنىمدا 70 ياش-
تىن ھالقىغان بۇ يازغۇچىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرىگە بەكمۇ تەشنا ئىدىم. شۇڭا، «مىللىي
يازغۇچىلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «خاتىرىلەر» نى ئوقۇپ بەكمۇ خۇش بولغانىدىم.
زۇنۇن قادىرى بۇ ئەسىرىدە قەلىمىدىن گۈل ئۈندۈرۈپ، كىتابخانلارغا 20 - ئەسىرنىڭ 20 -
30 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يەرلىك پۇراقتا باي كارتىنىلىرىنى ئەينەن سى-
زىپ بەرگەن. بىز بۇ كىتابنىڭ داۋامىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدۇق. ئەمما زۇنۇن قادىرى
ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭغا ئەلەكمۇلىللا دېمەي نېمە ئىلاج! ئەمما ئەدەبىيات - سەنئەتكە
زور تۆھپە قوشقان بىر يازغۇچىنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەنلا ئۈزۈلۈپ
قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئالەمدىن ئۆتكىنى بىلەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئالەمدىن ئۆتمەيدۇ.
شۇنداق، كېيىنكى ئەۋلاد كىتابخانلار جۈملىدىن خەنزۇ كىتابخانلار زۇنۇن قادىرنى ئۇن-
تۇمايدۇ. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ياشايدۇ.

(«مىللى يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 2 - سانىدىن)

كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى

# ئەدەبىي ھايات ئۇچۇرلار

## «تارىم» ژۇرنىلىغا «باغۋەن» مۇكاپاتى بېرىلدى

جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتى مۇكاپاتىنى باھالاش كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى شۆبە كومىتېتى 1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كۈنىمىگدا «تارىم» ژۇرنىلىغا «باغۋەن» مۇكاپاتى بەردى. بۇ، مۇشۇ كومىتېت تۇنجى نۆۋەت ئۆتكۈزگەن مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە بېرىلگەن مۇكاپات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.


## خوتەندە ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 1990 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خوتەندە ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا خوتەن ۋىلايىتىدىكى 60 تىن ئارتۇق ئاپتور قاتناشتى. «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، ژۇرنال مۇھەررىرى روزى مەھەممەت جۇمەنى ئەۋەتىپ، بۇ يىغىنغا قاتناشتۇردى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خوتەندە بولۇۋاتقان مۇئاۋىن رەئىسى، كەسپىي يازغۇچى زوردۇن سابىر بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ، ئاپتورلارغا نەسرىي ئەسەر ئىجاد[...]كى تېما تاللاش ۋە ماھارەت مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

## سوۋېت ئىتتىپاقىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ «تەڭرىتاغ سادالىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتى يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمى ــ «تەڭرىتاغ سادالىرى» نى نەشر قىلدى. 224 بەتلىك بۇ توپلام شائىر تۆمۈر داۋامەتنىڭ «كۆڭلۈم نەشقەر» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ياسىن خۇدابەردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئابلىز نازىرى، ئەھمەد زىيائىي، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تۇرغۇن ئالماس، قۇربان ئىمىن، ئابدۇ كېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق 80 دىن ئارتۇق شائىرنىڭ 217 شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.


بۇلتۇر بۇ نەشرىيات زۇنۇن قادىرى، قەييۇم تۇردى قاتارلىق 18 يازغۇچىنىڭ 19 ھېكايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تارىم دولقۇنلىرى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى تۇنجى قېتىم نەشر قىلغان ئىدى.




تېيىپجان ئېلىيېۋ
ـ بىلەن ئابدۇكېرىم خوجا



زۇنۇن قادىر ،
قەيىيۇم تۇردى ، ئىمىن
ئەخمىدى قاتارلىقلار .



پەتتارجان مۇھەممىدى ، جۇڭ لۇ يولداشلار يەنبيەندە .




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 ـ يىل 11 ـ سان (357 ـ سان)، 40 ـ يىل ن[illegible]ى .
تۈزگۈچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆل[illegible]
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号：　CN 65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40元
邮政编码：830002

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 – 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن .
پوچتا نومۇرى :